قاراماي ئەسەرلىرى — 1



# قوياش نۇرى ئاستىدا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى



# قۇياش نۇرى ئاستىدا

ISBN 978-7-5371-5967-8

9 787537 159678 >

باھاسى: 20.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

油田精作—1
阳光下（维吾尔文）
（中篇小说集）
克拉玛依文联 编

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开 9.875印张
2008年7月第1版 2008年7月第1次印刷

ISBN978－7－5371－5967－8 定价：20.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# دەرۋ مىلودىيىسىنىڭ رەڭدار بەدىئىي سۈرىتى

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

قاراماي — جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۆزلەشتۇرۇلگەن تۇنجى چوڭ نىفىتلىك، شۇنداقلا نىفىت ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن جۇشقۇن ۋە ياش شەھەر. بۇ خاسىيەتلىك ماكاندا 50 نەچچە يىلدىن بىرى شەكىللەنگەن ئۆزگىچە كارخانا مەدەنىيىتى، تۇرمۇش مۇھىتى، تەرەققىيات مەنزىرىسى، بولۇپمۇ جۇشقۇن ئىقىندەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان قاراماي روھى كىشىلەرنى ھەر زامان جاپاغا چىداپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەپ، ئاپتونوم رايونمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە كارخانا مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. بۇ مېھرى ئىسسىق زېمىندا ياشاپ كەلگەن ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەر پۈتمەس - تۈگىمەس غەيرەت - شىجائىتى بىلەن ئۆزاقتىن بۇيان قاقاسلىق ئىچىدە تۇرغان، چۆل باغرىدا ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەرنى ياراتتى. بۇنى قارامايىنىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ، قاراماي شەھەر، نىفىت ئىدارە، نىفىتلىك شىركىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پارتكومىنىڭ قاتلامىمۇ قاتلام توغرا رەھبەرلىكى، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ياخشى يېتەكلىشى، توغرا سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ يىقىندىن يول كۆرسىتىپ، ئىلھام - مەدەت بىرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ھەرگىز ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاچقا بۇگۈنكى قاراماي كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن ھۆسن تالىشالايدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ماكانغا ئايلاندى. ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان شەرەپلىك ھەم جاپالىق كۆرەش قاراماي روھىنى تىخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ئەبەدىي ئۆچ-

مەس گۈلخانغا، قىممىتى تەڭداشسىز گۆھەر ماكانغا ئايلاندۇر-
دى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، نېفىت سانائەتنىڭ جېنى، شۇنىڭ
بىلەن بىللە تۇرمۇشمۇ ئىجادىيەتنىڭ جېنى ھەم مەنبەسى. ھەر-
قانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر ئىجاد قىلىنغاندا ئاپتورغا تەئەللۇق
بولسىمۇ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ.
خۇددى ھاياتنىڭ قىممىتى ئىجادىيەتتە، خەلققە تەقدىم ئېتىشتە
بولغاندەك بۇ يەردىكى ئاپتورلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىمۇ
قارامايىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان تۆھپە، قاراماي كىشىلىرى-
نىڭ روھىغا بېرىلگەن ئىلھام بولۇپ كەلدى. ئەنە شۇنداق ئوت
يۈرەك ئىجادىيەتچىلەردىن مەرھۇم شائىر زەينىدىن سالىيوپ،
توختى سېلىم، نىياز نۇرۇللا، ئا. ئالماسلارنى ھەمدە ھازىرقى
پېشقەدەملەردىن نەيىم يۇسۇپ، توختى قاسىم خۇشال، ئۆمەرجان
كېرىم، ئا. قاسىم، ئابدۇرېشىت قادىرى، سىراجىدىن سېيىتنى-
ياز قاتارلىقلارنى ۋە كېيىنكىلەردىن ئابدۇۋايىت ئوسمان، مۇ-
ھەممەد مەمتىلى، مۇھەممەد سابىت، غالىب توختى، ئابدۇرېھىم
ئابدۇللالارنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ زور
شىجائەت بىلەن ئىجاد قىلىپ قارامايىنىڭ رومانچىلىق، نەسرچى-
لىك، شېئىر - داستانچىلىق، ئوبزورچىلىق ھەم ئەدەبىي تەرجى-
مىچىلىك ساھەسىدە سەمەرىلىك خىزمەت قىلىۋاتقان ئاپتورلار-
دىن ئارسلان تالىپ، ئوسمان قاۋۇل، ئىبراھىم نىياز، ئايبېك
ئۆمەر ئۇيغۇرىدەك ئونلىغان ئاپتورلارنى، ئايال ئاپتورلاردىن گۇ-
زەلنۇر مۇتەللىپ، ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم قاتارلىقلارنى ساناپ
ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئەجرى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ خەلققە
تەقدىم قىلىنغان «تۆھپە» (كىنو سسنارىيىسى — نىياز نۇرۇللا،
ئا. ئالماس تەرجىمىسى)، «نېفىت چېچەكلىرى» قاتارلىق تۆت
پارچە كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمى، «ئالتۇن بۇلاقلار» (كول-
لېكتىپ نەسرلەر توپلىمى)، «ئېگىزگە ئاققان سۇ» (كوللېك-

تىپ پوۋېستلار توپلىمى) ، «ئىز دىيار لىرىكىلىرى» (كوللېك-تىپ شېئىرلار توپلىمى) ، «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» (كوللېك-تىپ ھېكايىلەر توپلىمى) ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئاپتورلىرىمىز مۇستەقىل نەشر قىلدۇرغان كىتابلاردىن «ۋىجدان بۇيرۇقى» (نەيىم يۇسۇپ) ، «ئۇيقۇسىز چۈش» ، «ھالاكەتلىك ئۈچ بۇر-جەك» ، «كروران ھەققىدە يېڭى رىۋايەت» ، «خىزىرغا يولۇققان ئاتا» ، «ياۋا كۆز» ، «كەچ كۇزدىكى شىۋىرغان» (ئارسلان تا-لىپ) ، «كاككۇك ھەققىدە رىۋايەت» ، «ئەپيۇنگۈل» ، «ئۇ مېنى قۇياشىم ، دېدى» (ئوسمان قاۋۇل) ، «نېفىتلىك ئوغلى» (ئا. ئالماس) ، «سەپەردىكى سۇرەتلەر» (ئابدۇرېشىت قادىرى) ، «كېچە قىيانى» (تۇرسۇن مۇسا) ، «قۇم ئۇپۇقلىرى» (ئىبرا-ھىم نىياز) ، «ئىزلىرىم» (ئەركىن مۇھەممەد كامالى) ، «يې-تىم قىز» (ئەمەت جاپپار) ، «ئۇچار تەخسىدىكى مۇقام ئاۋازى» (ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى) ، «ئاتەش نەپەسلەر» (مۇختار قادىر ھونزادە) ، «جۇڭغاردىكى مەرۋايىت» (توختى قاسىم خۇ-شال) ، «چۆلدىكى مەرۋايىت» (سادىر قادىر) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ 40 يىلى» ، «شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ 50 يىلى» قاتارلىق بىر تۈركۈم كىتابلارنى كۆر-سىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قاراماي ئاپتورلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى نېفىتچىلارنىڭ ئورتاق ئىجا-دىيىتى بولۇپ ، ئۇنىڭدا نېفىتچىلارنىڭ جاراڭلىق ناخشا ساداسى ھەم يۈرەك كۈيلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ نېفىتچىلارنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈش ، ھېس قىلىش ھەم ئىجاد قىلىش سەزگۈر-لۈكىنى ئويغىتىپ ، ئۇنى ئۆزگىچە خاسلىققا ۋە بەدىئىي پۇراققا ئىگە قىلغان.

قاراماي شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا ئاتاپ تۈزۈلگەن «قۇياش نۇرى ئاستىدا» ، «بۇمۇ مۇھەببەت» ، «سۆيگۈ نىدالىرى» ، «گۈلۈم ئۈچۈن ياشايمەن» ناملىق تۆت كىتابنىڭ

ئۆز ئىچىگە ئالغانلىرى ئەنە شۇنداق جۇشقۇن ھايات قوينىدا
ئىگىلىك تىكلەۋاتقان قارامايلىقلار ھاياتىي پائالىيەتلىرىنىڭ رەڭ-
دار كارتىنىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق يۈرەك ساداسى.
بۇ كىتابلار قاراماي شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق ھارپى-
سىدا، قاراماي شەھەرلىك پارتكومنىڭ غەمخورلۇقى، يولىيورۇق
بېرىشى ھەم يېتەرلىك ئىقتىسادىي مەبلەغ ئاجرىتىپ، كۆرسەتمە
بېرىشى ئارقىسىدا، قاراماي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەجىر سىڭدۇرۇپ تەشكىللەپ، ئويۇشتۇ-
رۇشى ئاساسىدا يېرىم يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق تەييارلان-
غان بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پوۋېستلار، ھېكايىلەر، نەسر
ۋە شېئىرلاردىن ئىبارەت ژانىرلار بويىچە تۈزۈلدى. ئۇنىڭدا
نېفىتلىك تۇرمۇشى، نېفىتچىلارنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى تەس-
ۋىرلىنىش ئارقىلىق، گۈزەل قاراماي مەدھىيىلەنگەن. رايونى-
مىزنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان مەپتۇنكار مەنزىللىرى، ئىناق،
باياشات تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن. دەۋر مېلودىيىسى ياڭرىتىلىپ،
خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىش روھى، گۈزەل-
لىككە، پاكلىققا، ساداقەتمەنلىككە بولغان ساپ تۇيغۇلىرى ئەكس
ئەتكەن. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاك سۆيگۈ، ۋاپادارلىق، يۇرت
مۇھەببىتى، ئىلىمگە ئىنتىلىش، كەلگۈسى ھەققىدىكى گۈزەل
ئارزۇلار تەلقىن قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەسەرلەردە
شىنجاڭ نېفىت سانائىتى سېپىدە قان - تەر ئاققۇزغان كىشىلەر-
نىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي مۇساپىسى ئوخشاشمىغان
بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق خېلى يۈكسەك دەرىجىدە يورۇتۇپ
بېرىلگەن. بۇ ئەسەرلەردە قارامايدا روي بېرىۋاتقان يېڭىچە تۇر-
مۇش، نۇرلۇق سەھىپىلەر، ئۇنتۇلماس ئىشلار چىن ھەم قايناق
ھېسسىيات بىلەن ئۇنۇملۇك ئىپادىلەنگەن. توپلاملاردىكى ئەسەر-
لەردە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، شۇنداقلا يۈكسەك بەدىئىي جەلپ-
كارلىق جۇلالاپ تۇرىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئەنە شۇن-
داق بىرقەدەر كەڭ، ساغلام مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى،
پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئىماگ ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى گۈزەل
تەلقىنلەرگە تويۇنغانلىقى بىلەن قارامايىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى
ھەم مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراك-
تېرلىنىدۇ. قاراماي شەھىرى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولغان
بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان
قارامايىنىڭ بۇ سوۋغىسى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مول مەزمۇنغا ئىگە
ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنى تېخىمۇ گۈزەل مەنزىللەرگە
يېتەكلىگۈسى!

قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
2008 - يىل 4 - ئاي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇندەرىجە


ئېرىمنىڭ يەنە بىر يۈزى ……………… دىلنۇر ياسىن (1)

قۇياش نۇرى ئاستىدا ……………… ئوسمان قاۋۇل (51)

پۇشايمان يېشى ……………… ئەلجان ئوبۇل خەنجەر (110)

ئاچا يول ……………… ئابدۇرېھىم ئابدۇللا (235)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئېرىمنىڭ يەنە بىر يۈزى

## دىلنۇر ياسىن

بۈگۈن يەنە قار ياغدى. پۈتۈن كائىنات ئاپئاق لىباسقا پۈركىنىپ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرىدىكى خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىنمۇ ياكى قەلبىمنى ئازابلىق تەشۋىشلەر چىرمىۋالغانلىقىدىنمۇ، تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكى مېنى ئۆزىگە تارتالمايتتى.

قوڭغۇراق چېلىنىش بىلەن كىتاب - دەپتەرلىرىمنى قولتۇقلاپ سىنىپتىن چىقتىم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيا - چىيالىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئىشخانىغا كىرىشىمگە ئوقۇتقۇچىلار «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن چۆچۈپ ئۇلارغا قارىدىم. ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— رۇقىيە، قانداق خىياللار قايىنىمىدا ئۈزۈۋاتاتتىڭىز؟ ئەجەب چۆچۈپ كەتتىڭىزغۇ؟!

— ئەجەب ... بولمايچۇ؟ بۇنداق ۋاقىتتا ئادەمنىڭ قىلىدىغان خىيالى كۆپ بولىدۇ.

— ھەي، سىلەر ئۆز ۋاقتىدا قىلغان خىيالنى قىلغاندۇ. بۇنىمۇ سۈرۈشتۈرۈش كېتەمدۇ؟!

كۈلكە - چاقچاقلار ئۈزۈنغىچە توختىمىدى. بىز ئاساسەن تەڭتۇش بولغاچقا، خېلى - خېلى چاقچاقلارنى قىلىشساقمۇ قىزىرىشىپ قالمايتتۇق. ئۇلار خىزمەت بىسىمىدا چارچىغان نېرۋىلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تىنچلاندۇراتتى. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن، دەرسى بار ئوقۇتقۇچىلار ئالدىراپ

سىنىپقا مېڭىشتى. خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغانداك ئىشخانا ئىچى جىمپىلا كەتتى. دوستۇم زۆھرە بىلەن ئىككىمىز لا قالغاندۇق. زۆھرە ئالىي مەكتەپتىكى مەكتەپدىشىم بولۇپ، مەندىن ئىككى يىل بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرگەن. ئوقۇۋاتقان چاغ-لاردا يۇرتداشلار چېيى ياكى بەزى پائالىيەتلەردە پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرغان بولساق، خىزمەتكە چىققان ئون يىلدىن بۇيان ئايرىلىشىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغاندۇق. مەكتەپتىكى رومانتىك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىمدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئى-دى. ئۇ ناھايىتى گەپتان، خۇش چاقچاق، چىقىشقاق ئىدى. مېنىڭ ئېغىر - بېسىق مىجەزىم ئۇنىڭغا بەك ياقاتتى. جىم بولۇپ قالسام، «ئۆزۈڭ گەپنى ئاز قىلغىنىڭ بىلەن كۆزۈڭ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ» دەيتتى. ھەقىقەتەن خۇشاللىقىم، قايغۇ - ھەسرىتىم ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. خۇشاللىقىمنى كۆرسە: «ۋۇجۇد - ۋۇجۇدلاردىن تاراۋاتقان، تو-مۇرلاردا دولقۇنلىنىۋاتقان بەختىيار تۇيغۇلارنى سېزىۋا-تىمىنا؟!» دېسە، پەرىشان كۆنلەردە: «پۈتۈن يەر - جاھاننى تىترىتىپ، دۇنياغا پاتمىغان ھەسرەتلىك بىر چۇقاننى ئاڭلىغاند-دەك قىلىۋاتىمەن» دەپ، مېنى كۇلدۇرەتتى ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خۇشاللىقىمغا خۇشاللىق، ئىمجان قەلبىمگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرەلەيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسەللى تاپاتتىم.

— ھەي ... يەر - جاھان ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ، گۈزەل تۇسكە كىرگەن مۇشۇ مىنۇتلاردا ماۋۇ ئىشخانىمىزنىڭ تورۇسىدا بىر پارچە قارا بۇلۇت ئەگىپ قاپتىغۇ؟! — دېدى زۆھرە كۇلۇپ.
مەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاپشۇرۇقلارنى تەكشۇرۇشكە تۇتۇندۇم.

— ھاي ... ھاي ... بولدى قىلايلى، ئۆزىمىزنى قەستەن ئىشقا زورلىمايلى، ئەتە زامان ئاخىرى بولمايدىغاندۇ - ھە؟! — ئىككىمىز تەڭلا كۇلۇشۇپ كەتتۇق.

www.uyghurkitap.com

— بىرنەچچە كۈن بولدى، كەيپىياتىڭ ئانچە ياخشى ئەمەس. ئايرىم سۆزلەشكۈدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى. زادى نېمە بولدى؟ — دېدى زۆھرە يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆيۈنگەن ھالدا، تاجىخان ئاچام ئاغرىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟

— ياق.

— مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— ياق. ئۇنداق ئەمەس.

— ئەمىسە، نېمە بولدى؟

— مەن ... مەن ... — پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئازابلاۋاتقان، چىدىغۇسىز بىر ھەسرەت ۋولقانغا ئايلىنىپ پارتلاپ چىقىدىغاندەك تەنلىرىم توختاۋسىز تىترەيتتى. ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۈنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتىم. مېنى يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن دېگەن چېغى، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشخانا ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ كېلىپ بېشىمنى سىلاپ يېنىمدا «جىممىدە» ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىما. يان ئىشخانىدىكىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن، — ئۇ ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، بىر پىيالە چاينى ئالدىمغا قويدى، — ئىشتىن قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشايلى.

ئىككىمىز مەكتەپتىن چىققاندا يەر ـ جاھان گۆگۈم قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەن بولۇپ، ئاپئاق قار سالغان پاياندار چىراغ نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. يىغلىۋالغاچقىمۇ ياكى ساپ ھاۋانىڭ ھۇزۇرىدىنمۇ ئۆزۈمنى ئازراق يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدىم.

مەن تولىمۇ قېلىن قار ياغقان بىر سەھەردە تۇغۇلغانىكەنمەن. كىچىكىمدە ئاپام مېنى ئويغىتالمىسا، «قار ياغدى» دەپ ئويغىتاتتى. مەن دېرىزىدىن پاختەكتەك ـ پاختەكتەك لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپئاق قارغا قاراپ ئۆزۈمنى باسالماي قالاتتىم ـ دە،

كىيىملىرىمنى چالا ـ بۇلا كىيىپ سىرتقا يۈگۈرەيتتىم. ئاپامنىڭ
«قېلىنراق كىيىڭ، زۇكامداپ قالسىڭىز ئۆكۈل ئۇرىدىغان
گەپ ...» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.
كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىۋېلىپ كۆككە قاراپ ئۇزاققىچە تۇرات-
تىم. قار ئۇچقۇنلىرى كىرپىكلىرىمگە قونۇپ، يۈزۈمنى غىدىق-
لاپ ئوينايتتى، لەۋلىرىمدە ئېرىپ شەبنەم تامچىلىرى ھاسىل
بولاتتى. يۈزۈم ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ، پۇت ـ قولۇم
توڭلاپ ئۈيۈشۈپ، قار پومزەكلىرىنى تۇتالماس بولۇپ قالغاندا
ئاندىن تەستە ئۆيگە قايتىپ كىرەتتىم. ئەگەر يۇمىلىغۇدەك قار
ياغسىغۇ بولدى، مېنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىش تەسكە چۈ-
شەتتى ... توڭلاپ كەتكەن قوللىرىمنى پارغا قاقلاپ ئىسسىتالماي
دادامنىڭ قويىنىغا تىقىۋالاتتىم. «ھەي شەيتان، شۇنداقمۇ
جانىڭغا قىيىنىغان بارمۇ؟» دەيتتى ئاپام بۇ ھالىمنى كۆرۈپ.
بارماقلىرىم ئۇششۇگەن بولسا كېرەك، سەل ئىسسىغاندىن كې-
يىن پۇت ـ قولۇم قىچىشىپ ئارام بەرمەيتتى. شۇنداق قىچىشات-
تىكى، تاتلاپ ھېچ ھالىم قالمايتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر يىلى قىشتا يۇرتىمىزدا مەن يۇمىلى-
غۇدەك قار ياغمىدى. ياغمىدى دېسەم بولماس، يېغىشى ياغدى،
ئەمما بوران كۆپ چىققاچقا قار يېغىپ بولغۇچە ئۇچۇرۇپ كېتىپ
ماڭا يۇمىلىۋالغۇدەك پۇرسەت بەرمىدى. كوتە ـ كوتە، قاردا
يۇمىلالماي ئىچىم بەك پۇشتى. دادام بۇ ھالىمنى كۆرۈپ بىر
كۈنى ئىدارىنىڭ ماشىنىسىنى ئەكەپتۇ. دادام مېنى ماشىنىغا
ئولتۇرغۇزۇپ شەھەر سىرتىدىكى بىر دۆڭلۈك قېشىغا بارغاندا
ماشىنىنى توختاتتى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈشۈمگە «قېنى قاردا
يۇمىلىۋالمامسىز» دېدى ـ دە، شوپۇر بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ
كەتتى. شۇ چاغدىلا دادامنىڭ مېنى بۇ جايغا ئەكېلىشتىكى مەق-
سىتىنى بىلدىم. چىققان بوران قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ مۇشۇ
دۆڭنىڭ كەينىگە دۆۋىلەپ قويغانىكەن. مەن دادام بىلەن بىللە

قاردا پۇخادىن چىققۇچە يۇمىلىۋالدىم.

زۆھرە ئۆيىنى يېڭى ئۇسلۇبتا تولىمۇ چىرايلىق ياساتقان بولۇپ، سەرەمجانلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇ ئۆيگە قاراپلا ئۇنىڭ ئۆي تۇتۇشنى بىلىدىغان، ئىشقا ماھىر، چېچەن ـ پاكىزلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ئولتۇرە، رۇقىيە، ئىككىمىز بۇگۈن قانغۇچە مۇڭدىشىۋالايلى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۆمەرجان يەنە ئالدىنقى سەپكە خىزمەتكە كەتتى. بىر يىلنىڭ يېرىمىدا ئۆيدە بولسا، يېرىمىدا سىرتتا. نېمە ئامال دەيسەن، ئوغلۇم ياشارنى ئاپام بەك يالغۇز قالدىم، بىرنەچچە كۈن يېنىمدا تۇرسۇن، دەپ ئەكىتىۋالدى. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، «يارىم كەتتى يىراققا، سىلىپ ئوتقا ـ پىراققا» دەپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇپتىمەن، — ئۇ شەيتانلىق قىلىپ مېنى كۈلدۈرۈشكە ئۇرۇناتتى.

— قانداق قىلسام بولار سېنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرىڭنى...

— ئاداش، سەن شۇنداق دەيدىكەنسەن، لېكىن ئۆمەرجاننىڭ شۇ قىلىقلىرىمنى كۆرگىسىمۇ كەلمەمدىغاندۇ ـ ھە؟ ئايلاپ ـ ئايلاپ مۇشۇ يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ كېتىدۇ.

ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ئۇ تاتلىق ـ تۇرۇملەرنى تىزىپ، قېنىق چاينى دەملەپ ئالدىمغا ئەكەلگەندىن كېيىن:

— سەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تۇر. مەن بىردەمدە تاماق قىلىمەن، — دەپ ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

— تاماقنى بىللە ئېتەيلى، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

— بولدى، بولدى. مېنىڭ چاققانلىقىمنى بىلىسەنغۇ-ھە؟! تاماق ھازىر تەييار بولىدۇ. بۇنى كۆرگەچ ئولتۇر، — ئۇ بىر ئالبومنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئالبومنى تىزىمغا قويۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئۇنى ئاچقۇم يوق! ئالبوم ئۈستىدىكى قولىلىرىم توختاۋ-سىز تىترەيتتى. «ياق، ئاچمايمەن، ئاچمايمەن!» يۈرەك قەپە-سىمنى مۇشتلاپ چىقىۋاتقان بۇ سادا قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ، تىنچ قەلبىمدە دەھشەتلىك دولقۇن پەيدا قىلاتتى. «جۈرئەت، ھەي جۈرئەت! ئالبومنى ئاچساملا سەن ئەينى ۋاقىتتا مېنى ئالدى-غان شۇ كۆزلىرىڭ بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرارسەن، سەن ئون نەچچە يىللىق قايغۇ ـ ھەسرىتىمنىڭ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان سۆيگۈلىرىمنىڭ جاۋابكارى سەن! ... بەلكىم، شۇ كۆزلىرىڭ بىلەن يەنە قانچىلىغان يۈرەكلەرنى زېدە قىلغانسەن ـ ھە؟! سېنى نېمە دەپ چاقىرسام بولار؟ نائەھلىي! قارا يۈز! ئالدامچى! ...»

ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بۇ يىل تۇنجى قار كېچىكىپ ياغقىنى بىلەن خېلى قېلىن ياغدى. مەن دوستۇم گۈلشەن بىلەن بىللە قارنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ساۋاقدىشىمىز ئايشەمگۈلنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇنىڭ ئۆيى ئايرودروم ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا بولۇپ، قىشلىق مەنزىرىسى بەكمۇ گۈزەل ئىدى. ئۆيدىن چىقىپ ئازراق ماڭساقلا كەڭرى كەتكەن ئايروپىلان ئۇچۇش مەيدانى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولات-تى. قېلىن ياغقان قاردا بۇ مەيدان ئەسلىدىكىدىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بىز ئۈچ قىز قىن ـ قىنىمىزغا پېتىشماي بىر ـ بىرىمىزنى قوغلىشىپ، پومىلاقلىشىپ، قار پومزەكلىرى ئېتىش-شىپ قانغۇچە ئوينىۋالدۇق. ئۇنى ئاز دەپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچىگە قارلارنى تىقىۋېتەتتۇق، قاقاقلاپ كۈلۈشەت-تۇق، ۋارقىرىشاتتۇق، ناخشا ئېيتاتتۇق ... ئاۋازىمىز كۆكتە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. قەلبىمدە ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇ — شېئىر ئىلھاملىرى دولقۇنلايتتى. ئۆزۈمنى قار ئۈستىگە تاشلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىم ـ دە، ۋۇجۇدۇمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان شېئىرىمنى ئاۋا-
زىمنى قويۇۋېتىپ دېكلاماتسىيە قىلدىم. قەلبىمدىن يېڭى ـ يېڭى
پىكىرلەر، ئۇرغۇلۇق مىسرالار تامچىلاپ تۇراتتى. ئاھ، تەبى-
ئەت، سەن نەقەدەر گۈزەل ـ ھە!

يالقۇنلار مۇھەببەت قەلبىم قېتىدا،
تەبىئەت سەن كەبى تولۇپ سىھىرگە.
سۆيمەكتە ئاپئاق قار تىمتاسلا كېلىپ،
قانماق بولۇپ سۆيگۈمنىڭ ئوتلۇق مېھرىگە.

كەل سۆيگىن، سۆيۈۋەر بولمىغىن خىجىل،
مۇھەببەت ئۇچقۇنى ساڭا كۈپايە.
رازىمەن تامچىلاپ سىڭىپ زېمىنگە،
ئەتراپقا ئېچىلسا رەڭمۇرەڭ لالە.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، كۆزۈمنى ئېچىپ
قارىسام ناتونۇش بىر چىراي ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇپ-
تۇ. يۈرىكىم «جىغ!» قىلىپ قالدى. «ۋايجان!» دېدىم ـ دە،
ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم.
— گۈلشەن! ئايشەمگۈل! ...— ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈن-
مەيتتى. مەن داجىپ قاچماقچى بولدۇم ...
— سىزنى تازا قورقۇتۇۋەتكەن ئوخشايمەن، قورقماڭ،
قورقماڭ. بىز ئاۋۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، — دېدى
يىگىت يول بويىدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرغان بىر توپ ئوغۇللار-
نى كۆرسىتىپ، — بۇ يەردە ياتسىڭىز ھوشىدىن كەتكەن چېغى
دەپ ئەنسىرەپ يۈگۈرۈپ كەپتىمەن ...
— دوستلىرىم بىلەن كەلگەن... ئۇلار ھېلى بار
ئىدى ... — دېدىم دۇدۇقلاپ. يۈرىكىم سەل ئورنىغا چۈشكەندەك
بولدى.

— ھە، مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئىسمىم جۇر-ئەت. بىز مەكتەپداشقۇ دەيمەن؟

مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم.

— ھە؟ ئەسلىي سىز ئىكەنسىز - دە! — قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەن يۈزۈم خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئەجەب ئەنسىرەتتىڭىز - ھە؟!

— ياق... مەن... شېئىر... ياق، ھېچ ئىش يوق... گۈلشەن، ئايشەمگۈللەر نەگە كەتكەندۇ؟ — دېيەلىدىم ئارانلا.

— بىرەر ئىش بولمىغان بولسا ياخشى. مەن كەتتىم، خوش، — ئۇ يۈگۈرگىنىچە دوستلىرى قاتارىغا قېتىلىپ كەتتى...

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاققان قوزۇقتەك قاراپ قالدىم... مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ كېلىشكەن رەئىسىنى كىم بىلمەيدۇ دەيسىز؟! ئۇ مەكتىپىمىزدىكى قىزلار تەلۋىلەرچە چوقۇنىدىغان يىگىتلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەكتەپ ئىچىدە ئۇچرى-شىپ قالساق ئەيمىنىپ قارالمايتتۇق، لېكىن قىزلار سىنىپ ياكى ياتاق دېرىزىلىرىدىن مارىشىپ يىراقتىن كۆزىتەتتى. بىر-بىرىگە چاپلىشاتتى... «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، يەنە بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئۆز ئارا قىزىرىشىپمۇ قالاتتى.

ئوغۇللارنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، ئىككى خىيانەتچى دوستۇم يېنىمدا پەيدا بولدى. ئۇلار ئەسلىي ئوغۇللارنى يىراقتىن كۆرۈپ مۆكۈۋالغانىكەن.

— ھە، خائىنلار، مېنى تاشلاپ قويۇپ نەگە قېچىپ كېتىش-تىڭ؟! — خاپا بولۇپ ھەر ئىككىسىنى قارغا بېسىپ، قىلغىنىغا توۋا قىلدۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن كەچۈرۈم سورىتىپ، ئاندىن ئاران بولدى قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— رۇقىيە، ئېيتقىنە، ئۇنىڭ بىلەن نېمە دېيىشتىڭلار؟ — دېدى ئايشەمگۈل ھاسىرىغان ھالدا.

— قېنى دېگىنە، ئۇ جىقلا گەپلەرنى قىلىپ كەتتى، زادى نېمە دېدى؟ — دېدى گۈلشەن ئۇستۋاشلىرىدىكى قارلارنى قېقىشقىمۇ ئۇلگۈرمەي.

— نېمە دەيتتى، سىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ قېچىپ كەتكەن ئىككى يۈزلىمىچى قىزلارغا ھەرگىز ئارىلاشقۇچى بولماڭ! ئۇلار دوستلۇققا يارىمايدۇ، بۇنداق قىزلارنى ھەرگىزمۇ ئەر ئالمايدۇ، دېدى، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي.

— يالغانچى ... — ئۇچىمىز يەنە پوملاقلىشىپ كەتتۇق.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. «جۇرئەت» — بۇ ئىسىم دائىم قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىيماسى ھېلى كۆز ئالدىمغا كەلسە، ھېلى يوقاپ كېتەتتى. نېمىشقىكىن، بەزىدە ئۇنىڭ چىرايىنى پەقەت كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەي ئازابلىنىپ كېتەتتىم. «ئەجەب ئىش، بىر كۆرگەن كىشىنىڭ چىرايىنى ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ قالمايتتىمغۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كېتەتتىم. بىئاراملىق ئىچىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدە دەرس ئۆگىنىپ ئولتۇراتتۇق. سىنىپ ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. ئادەتتە سىنىپ باشلىقىمىز «بولدى، پاراڭ قىلماڭلار!» دەپ ۋارقىراپ كەتسىمۇ بېسىقمايدىغان پاراڭلار بېسىقىپ كەتكەنىدى. ئاجايىپ ئىش! دەرس مۇنبىرىگە قارىدىم، مۇئەللىم كۆرۈنمەيتتى. كۆزۈم ئىشىك ئالدىدىكى بىر گەۋدىگە چۈشۈپ يۈرىكىم «قارت!» قىلىپ قالدى. ئۇ جۇرئەت بولۇپ، سىنىپ ئىچىگە تەپسىلىي قاراۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئۇچراشقاندا ۋۇجۇدۇم چاقماق سوقۇۋەتكەندەك جوغۇلداپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئەپقاچتى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ

چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇرئەت سىنىپىمىز ئالدىدا پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى. شۇ دەقىقىدە قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى يادىمغا كېلىپ قالاتتى.

ئۆتۈپ كەتتى ئۇچقۇر مۇساپە،
رامدىن غىل - پال بېقىشتى كۆزلەر.
ئىككى يۈرەك ناتونۇش ئەمما،
غايىب ئوتنى يېقىشتى كۆزلەر.

بىرەر ئاي شۇنداق مۆكىمۆكىلەك ئويناپ ئۆتۈپ كەتتى. كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولغاچقا، ئازراق ۋاقىت تاپسام‌لا مەكتەپ ئىچىدە بىرەر خالىي جاينى تېپىپ كىتاب ئوقۇيتتۇم. بۈگۈنمۇ شۇ ئادىتىم بويىچە قولۇمغا كىتاب ئالدىم. سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇدۇل مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. قىرائەتخانا ئىچى شۇنچە تىنچ، ئارامبەخش ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر كىتاب ئىچىگە بۇرۇنقىدەك كىرىپ كېتەلمەيۋاتاتتىم. خىياللىرىم چېچىلاڭغۇ، كۆڭلۈم پاراكەندە ... كىتابنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى ۋاراقلاپ قويىمەن. ئوقۇيمەنۇ، نېمىنى ئوقۇۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن. ئاخىرى كىتابنى قولتۇقلاپ سىرتقا ماڭدىم.

— قايتقان ئوخشىمامسىز؟ — تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. قولۇمدىكى كىتاب «پاق!» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئالدىمدا كۈلۈمسىرەپ جۇرئەت تۇراتتى. رىتىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىم ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— ھە، مەن ... كىتاب ئوقۇي ... دەپ ...— بوغۇزۇمغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. كىتابنى ئېلىشقا ئېڭىشتىم. ئۇمۇ ئېڭىشكەنىكەن. ئىسسىق بىر

www.uyghurkitap.com

تىنىق يۈزۈمنى سىيپاپ، ئاندىن تومۇر ـ تومۇرلىرىدا دولقۇن‑لاپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپياندى. ئىشىك ئارقامغا داجىدىم. ئۇ يەردىكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— «هايات قايناملىرىدا» ... ياخشى كىتاب ...— دېدى ئۇ كىتابقا قاراپ دۇدۇقلاپ، جىمجىتلىق يەنە هۆكۈم سۈردى، — هە، راست، مەندە ياخشى كىتابلاردىن خېلى بار. ئوقۇسىڭىز ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى ـ دە، كىتابنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا سىرتقا قاراپ ماڭدى، — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ! هازىرلا كېلىمەن ...

«مۇهەببەت دېگەن ئىنسان قەلبىنىڭ مەۋھۇم بوشلۇقىدا يالتىراپ تۇرىدىغان، كۆرگىلى، تۇتقىلى، سېتىۋالغىلى بولماي‑دىغان بەخت ئىلاهى!» دېگەن قۇرلارنى قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇغانىدىم. بەخت ئىلاهى مېنىڭ بېشىمغا قونۇۋاتامدۇ قانداق؟! قەلبىمدە ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇ غەليان كۆتۈرمەكتە، كۆزلىرىم ئۇ كەتكەن يولغا تەلمۈرەتتى. ئۇنى يەنە كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم ... سىرتقا چىقتىم. كۈچىيىۋاتقان شامال قار ئۇچ‑قۇنلىرىنى يۈزۈمگە ئۇراتتى. ۋۇجۇدۇمدىكى كۆيۈۋاتقان ئوت تەپتىدىن ئۇستۇۋاشلىرىمدىكى قارلار ئېرىپ كېتىۋاتاتتى ...

مانا جۇرئەتمۇ ئالدىمدا پەيدا بولدى. قولىدا بىرقانچە كىتاب تۇراتتى. سوغۇقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ كىتاب تۇتقان قول‑لىرى تىترەيتتى ... ئۇ بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىدىيۇ، توختاپ قالدى.

— بەك ساقلىتىپ قويدۇممۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ بىرهازادىن كېيىن، — توڭلاپ كەتمىگەنسىز ـ هە؟!

— يا ... ق، — مەن تەستە شۇنداق دېدىم ـ دە، ئۇ تەڭلىگەن كىتابنى ئېلىپ ياتاق تەرەپكە ماڭدىم. ئۇ كەينىمدىن بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى، ئاڭلىمايتتىم. قولۇمدىكىسى

بىر قانچە كىتاب بولماستىن، بىر پارچە چوغ ئىدى. ئۇنىڭ هارارىتى ئالىقانلىرىمنى كۆيدۈرۈپ يۇرىكىمگە يەتكەنىدى. مەن كىتابلارنى، ياق، چوغنى باغرىمغا تېڭىپ يۇگۈرگىنىمچە ياتاققا يېتىپ كەلدىم. بەختىمگە يارىشا، ياتاقتا هېچكىم يوق. هاياجىنىمنى باسالماي كىتابلارنى قۇچاقلاپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم ... كۆز ئالدىمدا ئاشۇ قامەتلىك، كېلىشكەن سىيما، نۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلەر ... قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىق ئاۋاز ... بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ قولۇمدىكى كىتابقا كۆز يۇگۈرتتۇم. «چالىقۇش»، «لەۋدىن قەلبكە»، «ئىزدىنىش»، يەنە شېئىرلاردىن «باهار ئىلهامى»، «تۆكۈلگەن شاراب» ... هەممىسى مەن ياقتۇرىدىغان كىتابلار ئىدى. كىتابنى ۋاراقلىشىمغا ئىچىدىن بىر كونۋېرت چىقتى. يەرگە چۈشۈپ كەتسە خۇددى چىقىلىپ كېتىدىغاندەك تېزلىك بىلەن تۇتۇۋالدىم. كونۋېرتنىڭ سىرتىغا «رۇقىيەگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. خەتنى ئاچتىم. سالام خەت قەغەزگە ۋاراقنى تولدۇرۇپ يوغان قىلىپ ئىنگلىزچە «LOVE» دېگەن تۆت هەرپ يېزىلغانىدى. بۇ تۆت هەرپ ئالاھىدە بېزەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۇچۇن خېلى ۋاقىت سەرپ قىلىنغانلىقى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. مەن شېرىن خىيال ئىلكىدە مەست ئىدىم ... گەرچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ ئۆزگىچە يېزىلغان تۇنجى مۇھەببەت مەكتۇپى ئاجايىپ مۇھەببەت دۇردانىلىرى بىلەن تولغان ... قەلبىم توختاۋسىز لەرزىگە كېلىپ، سۆيگۈ مەشئىلىم نۇرلانماقتا ... يۇرىكىم مۇھەببەت، مۇھەببەت دەپ چۇقان سالماقتا ...

— رۇقىيە ... رۇقىيە! ئەمەت مۇئەللىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ سىرتقا چىقتىم. ئوقۇتۇش بىناسىغا قارايدىغان ئايال يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەمەت مۇئەللىم؟ قېنى؟

— ئىشخانىسىدىن تېلېفون قىپتۇ، — ئۇ كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن ئالدىراپ ئەمەت مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭ-دىم. يۈرىكىمنى ھاياجانغا سالغان شېرىن خىيالنىڭ ئورنىنى تەشۋىشلىك سوئاللار ئالغانىدى. «مۇئەللىم مېنى نېمىشقا چاقىرقاندۇ؟» ... ئەتراپ گۈگۈم قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن بولۇپ، بول-نىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى دەرەخلەر ئارىسىغا قويۇلغان ئورۇن-دۇقلاردا ئولتۇرۇشقان غۇۋا گەۋدىلەردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈن-مەيتتى.

— ھە، رۇقىيە ... كەل، كەل ...— مەن ئىشخانىغا كىر-گەندە ئەمەت مۇئەللىم گۆشلۈك ئېگىكىنى ئىككى ئالقىنىدا يۆلەپ، ئىشىككە قاراپ يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. بىز ئۇ توغرۇلۇق ئانچە - مۇنچە گەپلەرنى ئاڭلىغانىدۇق. ئۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سەتەڭ بىر ئايالغا ئۆيلەنگەنمىش، لېكىن يېقىندا ئايالى باشقا ئەر بىلەن ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپتىمىش. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالغانمىش ... دېگەندەك، ئىشخانا ئىچىنى سېسىق ھاراق پۇرىقى قاپلىغان بولۇپ، كىشىنى سەسكەندۈرەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىمۇ بىز ھۆرمەتلەيدىغان ئەمەت مۇ-ئەللىمگە ئوخشىمايلا قالغان بولۇپ، خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— مۇئەللىم، مېنى چاقىرتقانمۇ؟ نېمە ئىش؟

— رۇقىيە، كەلدىڭمۇ؟ سەنلىسەم، خاپا بولمايسەنغۇ - ھە؟ كەل، كەل... مـەن سـېنى قانچىلىك يـاخشى كـۆرىمەن، بىلەمسەن ... سەن ياخشى قىز ... سەن ...— ئۇ بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

مەن نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم. جاھاننىڭ ئىشلىرى بىز ئويلىغاندىكىدىنمۇ غەلىتە بولىدىكەن. تونۇگۇن ئاجايىپ مەغ-رۇر قىياپەتتە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كوماندا بېرىپ، ئوقۇغۇچى-لار يۈرىكىنى جىغىلداتقان، قەلبلەردە ئاجايىپ ھۆرمەت تۇيغۇ-سىنى ئويغاتقان بۇ مۇئەللىمگە قاراپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى

بىلەلمەي قالدىم. تۇرۇپلا، پۈتۈن جىسمىمنى بىر قورقۇش قاپ-لىدى ـ دە، تېزلىك بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.

— توختا!

«گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. ئەمەت مۇئەللىم ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى.

— ئادەم بارمۇ؟! — زالغا يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئادەم يوق ئىدى.

— مۇئەللىم، مۇئەللىم ... — يۈگۈرۈپ باردىم. ئۇ دۈم چۈشكەن بولۇپ، ئۇنى بۇ هالەتتە قويۇپ چىقىپ كېتىشنى خالى-مىدىم. شۇڭا بار كۈچۈم بىلەن ئۇنى يۆلەپ ياندىكى ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ قويماقچى بولدۇم. مېنىڭ يۆلىشىم بىلەن ئۇ ئور-نىدىن تەستە تۇردى. نىجىس هاراق ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقارغان چېغى، ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقاتقانىدى. ئېغىز-دىن بەتبۇي پۇراق چىقىۋاتقان بۇ بىر پاتمان گۆشنى يۆلەش تەسكە چۈشتى. «نېمە ئامال، ئۇ مېنىڭ مۇئەللىمىم تۇرسا، يەنە ئازراق غەيرەت قىلاي ...» قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ساپاغا يېقىن كەلگەندە ئۇ يەنە يىقىلدى. ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەي مەنمۇ يىقىل-دىم. يامان يېرى، مەن ئۇنىڭ ئاستىدا قالغانىدىم. «مۇئەللىم، مۇئەللىم، قوپۇڭ، مۇئەللىم! ...» ئۇ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. خۇددى بىر تاغ بېسىۋالغاندەك قىمىر قىلالماي قالدىم. شۇنداقتىمۇ، بار كۈچۈم بىلەن تىركەشمەكتە ئىدىم. يىقىلغاندا بېشىم يەرگە قاتتىق تەگ-كەن بولۇپ لوقۇلداپ ئاغرىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىل-ماقتا ... شۇ ئارىلىقتا ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، ئىشىك تەرەپكە قارىدىم. ئىككى ئوقۇغۇچى بىزگە قاراپ بوسۇغى-دا تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى جۈرئەت ئىدى. قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم. «كېلىڭلار ...» ئاۋازىم چىقماي قالدى.

بىر ـ ئىككى مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئاسادىيى ۋەقە مېنىڭ ھاياتىمغا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. «مۇئەللىمنىڭ ئاستىدا قالغان» . بىزنىڭ تولىمۇ كەڭ تەسەۋ-ۋۇرغا ئىگە كىشلىرىمىز بۇ سۆزنى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنىلەر-گە ئىگە قىلدى. توۋا! شۇ چاغدىلا «بەزىدە بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنىڭ بەلگىلىنىپ قالىدى-غان» لىقىغا ھەقىقىي ئىشەندىم. كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ئۆسەك سۆزلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم مېنى كۆرسە پىخىلداپ كۈلۈشسە، قىز ساۋاقداشلىرىم مېنى شەرەتلەپ كۆسۈرلىشاتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ كۈلكىلىرىم ئۆ-زۈلدى، كۆز يېشىم قۇرۇمىدى، ئاش ـ تاماقتىن قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. چىرايىم سارغىيىپ، ھاياتىنىمۇ ئۈمىدىم ئۈزۈلدى. بۇ ھالنى سېزىپ تۇرغان جۇرئەت قاراپ تۇرالمىدى. ئۇ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ بۇ ئىشلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى، يەنە قالايمىقان سۆزلىگۈچىلەرنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان-لىقىنى جاكارلىدى. ئاشۇ روھىي بېسىمغا ئۇچرىغان چۈشىنىش-كە، كۆيۈنۈشكە، مېھىر ـ مۇھەببەتكە موھتاج بولغان ئېغىر كۈنلەردە ئۇ ئەتراپىمدىن نېرى بولمىدى. ئۇنىڭ ياردىمىدە بۇ قاپقارا سايىدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلدۇم. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلال-ماسلا بولۇپ قالغاندىم. بىر ـ بىرىگە تەلمۈرگەن قوش يۈرەك چەمبەرچاس باغلىنىپ قالغاندى ...

ھەر ئىككىمىز ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئىدۇق. شۇڭا بىر يەرگە كەلسەك گېپىمىز تۈگىمەيتتى. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكرى چوڭقۇر، ئورۇنلۇق سۆزلىرى مېنى قايىل قىلاتتى. سۆزلىرى-مىز كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر ۋە بىز ياشلارغا ئېلىپ كېلىۋاتقان خىرىس ئۈستىدە بولاتتى.

— سىزگە يازغان تۇنجى سۆيگۈ مەكتۇپىمىدىكى «LOVE» دېگەن ئىنگلىزچە ھەرپنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟ —

دېدى بىر كۈنى ئۇ گەپ ئارىلىقىدا.

— بۇنى ... بۇنى سوراش كېتەمدۇ؟ — دېدىم قىزىرىپ.

— مۇھەببەت تۆت نەرسىگە موھتاج. ساداقەت (layal)، مەسئۇلىيەت (obligation)، ھۆرمەت (valued)، كەچۈرۈم (excuse)، بۇلارنىڭ باش ھەرپلىرىنىڭ يىغىندىسى LOVE— مۇھەببەت بولىدۇ! بىلەمسىز، رۇقىيە؟ مۇھەببەت، — ئۇ ئىككى بىلىكىمنى مەھكەم تۇتۇپ مېنى باغرىغا باستى. تەسۋىرلىگۈسىز مېھىر ئېقىمى ھۇجەيرىلىرىمگە تاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھارارىتىدىن قۇياشمۇ ئېرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ئوتلۇق باغرىدا جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار ئىدىم ...

كۈنلەر شۇنداق مەنىلىك ئۆتۈۋاتاتتى. مەنمۇ جۇرئەتكە ئوخشاش ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىشقا تىرىشتىم، ئۇنىڭ كەينىدە قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. لېكىن، بىز ئايرىلىدىغان مىنۇتلار — جۇرئەتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن ئايرىلسام بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. قىستاپ كېلىۋاتقان جۇدالىق مېنى ھالسىراتماقتا ... جۇرئەتمۇ ئايرىلىشقا قىيمايتتى. شۇڭا نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ باقتى، ئۈرۈمچىدىن خىزمەت تاپماقچىمۇ بولدى، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقچىمۇ بولدى. ئاپىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى ھەممە پىلانىنى يوققا چىقاردى. ئاخىرى ئامالسىز يۇرتىغا قايتىدىغان بولدى.

شۇ كۈنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كۆزلەر ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ ياكى يىغىدىنمۇ قىزىرىپ كەتكەن، گەپلىرىمىز ھېچ تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس. ۋەدىلەر تەكرارلىناتتى، تىنىقلار ھەسرەتلىك. «رۇقىيە، رۇقىيە، مەن قايتىپ كېلىمەن! سىزنىڭ ئوقۇشىڭىز پۈتكىچە چوقۇم قايتىپ كېلىمەن. بىز كىچىككىنە جەننىتىمىزنى مانا مۇشۇ گۈزەل شەھەرگە قۇرىمىز. بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز ... مېنى ساقلاڭ! ...» جۇرئەت ئۆز كۆڭلىگە تە-

www.uyghurkitap.com

سەللى تېپىش ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈنمۇ بۇ سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى. ئاۋازلار بوغۇق، ئايرىلىشقا قىيمىغان گەۋدىلەر يىغىدىن ياپراقتەك تىترەيتتى. مۇنۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك، ۋاقىت ئىسترېلكىسى شۇ ئورۇندا توختاپ قالـ-غاندى:

بىر ـ بىرىگە تىكىلگەن كۆزلەر،
سۆيگۈسىنى قىلماقتا ئىزهار.
گىرەلەشكەن بارماقلار مەھكەم،
پاك گەۋدىلەر ئاجرىماس زىنهار.
......

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كەتتى. مەن جۇدالىق ھەسرىتىنى ئە-چىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا قول پۇلاڭلىتىپ قالدىم ... ماشىنا قوزغالغان ئاشۇ دەقىقىدە بىر قول كېلىپ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئەكەتكەندەك ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ ئامال بولمىدى ... دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئاللىنېمىلەرنى دەپ قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان جۇرئەت-نىڭ يۈزى ئاپتوبۇس گەۋدىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى ...

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئارىمىزدىكى خەت ـ ئالاقە ئۈزۈلمە-دى. ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭدىن كېلىدىغان تېلېفوننى ساقلاپ ئول-تۇرغىنىم ئولتۇرغان. ئۇمۇ ئاۋازىمنى بىر ئاڭلىۋالمىغۇچە بول-دى قىلمايتتى، خىزمەتكىمۇ ئورۇنلىشىۋالدى، ھەتتا تۇنجى مائا-شىدا ماڭا سوۋغات ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ كېتىپ يەنە بىر تۇنجى قارنى كۈتۈۋالدىم. ئادىتىم بويىچە قارلىق يولنى يالغۇز ئايلاندىم. دوستلىرىم بىلەن قار پومزىكى ئېتىپ ئوي-نىدىم ... جۇرئەتنى تۇنجى ئۇچراتقان ئاشۇ جايغا بېرىپ قار ئۈستىدە يۇمىلاپ يېتىپ باقتىم، ئۇ كەلمىدى. كۆزلىرىمنى

يۈمۈپ - ئېچىپ باقتىم، ئۇ يەنە كەلمىدى. بۇ قار بۇرۇنقىدەك، ئالدىنقى يىللاردىكىدەك ماڭا ھۇزۇر ئاتا قىلالمايۋاتاتتى. بۇ ھايا- تىمدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز تۇنجى قار بولدى. قار ئۈستىدە ئۇزاق- تىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم. ھەسرىتىمنى ئىچىمگە سىغدۇ- رۇپ كېتەلمەي مۇنۇ شېئىرنى يازدىم:

قىش كېچىسى تىمتاس شۇ قەدەر،
قار لەپىلدەپ لېۋىمگە سۆيەر.
مەن تەلمۈردۈم يولۇڭغا ئۇزاق،
خىياللىرىم ئالەمنى كېزەر.

سۆيگەن يارىم - جانىم ئامرىقىم،
ئاۋازىمنى بارمۇ ئاڭلىغۇڭ؟
يىراق كۆرمەي كەلگىن قېشىمغا،
ئەگەر كەلسە قارغا تارلىغىڭ.

يۈرەكلەرنى تېڭىپ يۈرەككە،
قارلىق يولدا قالدۇرايلى ئىز.
سېغىنىشتىن تىترەپ ۋۇجۇدۇم،
ياشلار تۆكەي قىلالماستىن سۆز.

گىرەلەشسە تەنلەر چىرمىشىپ،
تىنىقلار ھەم كەتسە بىرلىشىپ.
ئويغانمىسام شېرىن چۈشلەردىن،
باھار كەلسە قارلار ئېرىشىپ.

نېمىشقىدۇر قىشلىق تەتىلدىن كېيىن جۇرئەت بىلەن ئالاقى- مىز بىراقلا ئۈزۈلۈپ قالدى. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ

تۇراتتى، لېكىن تەن بەرگۈم كەلمەيتتى. «8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن سىنىپىمىز ئۇيۇشتۇرغان تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈشلىرى، قايتا ـ قايتا شېئىر ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىشلىرى ھەممە مېنى بەس ـ بەستە ئۇسسۇلغا تارتىشلىرىدىن بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدۇم. ھەرقانداق بىر ئىش ئۆز چەك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتسە ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدىكەن ... ئارىلىقتا تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ تۇراتتىم، ئىچىدە پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى ساۋاقدىشىمنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— رۇقىيەگە قارىسامالا يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنى دېمەمسەن، ئوغۇل بالا دېگەنگە ئىشەنمىسىمۇ بولغۇدەك!

— چىرايىغا قاراپ خېلى بولىدىغان نېمىكەن، دەپ يۈرۈپتىمەن ئۇ جۇرئەت دېگەن ۋىجدانسىزنى ...

— ئوغۇل بالىنىڭ غۇرۇرى بولمىسا بىكار جۇمۇ!

ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك پۈتۈن زېمىن تىترەپ كەتتى. قول ـ پۇتلىرىم ماڭا بويسۇنمىغاندەك ئەمەس. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، قانداق يىقىلغىنىمنى ئۆزۈم بىلمەيمەن ... كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن ... مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىم بېشىمدا چۆرىدىشىپ تۇرۇپتۇ. «رۇقىيە! رۇقىيە! ... ئەنە كۆزىنى ئاچتى!» كۆزۈمنى ئاچتىم، بۇ ئالەم مەن كۆزۈمنى يۇمۇشنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئالەم. قۇياش مەن ئىلگىرى كۆرگەن ھېلىقى قۇياش ئەمەس ... ئەتراپىمدىكى كىشىلەر خۇددى ماڭا خىرىس قىلىۋاتقان يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن قاپقارا تۇمان ئىچىدە ياتاتتىم. بارلىق ئاغرىنىش، بارلىق غەزەپ ـ نەپرەت، بارلىق ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمنى يىغىپ، «يوقىلىش!» دەپ توۋلىدىم ـ دە، ھوشۇمدىن كەتتىم ...

مەن شۇ ياتقىنىمچە دوختۇرخانىدا بىر ئايغا يېقىن ياتتىم. باھار كېلىپ، پۈتۈن كائىنات كۆكلەم تونىغا ئورالغان بىر كۈنى بالنىستتىن چىقتىم. ۋۇجۇدۇمدىكى ئازاب - ھەسرەتلىك كۆز يېشى، روھىمدىكى چىدىغۇسىز تەنھالىق، يۈرىكىمدە شېرىن تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ ئېچىنىشلىق بەربات بولغان تۇنجى مۇھەببىتىم مېنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايتتىم. بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئۆگىنەتتىم. شېئىرلارنى يازاتتىم ... جۇرئەت توغرىسىدا ھېچقانداق نەرسىنى بىلىشنى، ھەتتا بۇ ئىسىمنى ئېغىزغا ئېلىشنىمۇ خالىمايتتىم. ھەممە دەردلىرىمنى يۈرىكىمگە ئۈن - تىنسىز سىڭدۈرۈپ، باشقىلار ئالدىدا كۆز يېشى قىلماسلىققا تىرىشاتتىم. ئاللادىن ئۆزۈمگە مەدەت، ئىلھام تىلەيتتىم.

— ئالبومنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى قارا، شۇ تاپتا بىرەر رەسسام بولسا مۇشۇ قىياپىتىڭنى سىزىۋالسا ۋاھ - ۋاھ ... دۇنياغا ئاجايىپ بىر داڭلىق رەسىمنى ئاپىرىدە قىلغان بولىدۇ جۇمۇ؟! ئاللا ئىگەم رۇخسار تەقسىم قىلغاندا ساڭا بەك سېخىيلىق قىلغانىكەن. مەن نەدە قالغان بولغىيتتىم ... — دېدى زۆھرە تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ. ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، — قارا، سەن ياخشى كۆرىدىغان قورۇملارنى قورۇدۇم، — ئۇ بارلىق قورۇملارنى ئۈستەلگە تىزدى.

مەن يەنىلا ئۇ ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغان ئالبومنى تىزىمغا قويۇپ ئولتۇراتتىم. بۇ ئالبوم خۇددى غايەت زور تاغدەك بېسىپ، ھېلىلا جېنىمدىن جۇدا قىلىپ تاشلايدىغاندەك بارا - بارا ئېغىرلاشماقتا. جىسمانىي ۋە روھىي كۈچلىرىمنى ئاستا - ئاستا يوقاتماقتا. ۋۇجۇدۇمدىكى ئازاب يېشى ۋولقاندەك پارتلاپ، تارام- تارام تۆكۈلمەكتە ...

— ئاھ ... ئاللا ساڭا گۈزەل رۇخسارنى ئاتا قىلغاندەك،

ئەقىل ـ پاراسەت، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلغان بىلەن جۇرئەت-
نى كەم قىلغان ـ دە!

مەن ياشلانغان كۆزلىرىمنى ئاڭا تىكتىم. ئۇ ئاغزىنى تۇتۇپ
بىردەم تۇرۇپ قېلىپ يېنىمغا كەلدى.

— كەچۇرگىن، سەندە غەيرەت كەم دېمەكچىمەن. ئالبومنى
ئاچماي ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭنى دەيمىنا؟! ...

— ئۇ ... سېنىڭ ساۋاقدىشىڭ. ئالبومدا چوقۇم سىلەرنىڭ
مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئۇيچە چۈشكەن رەسىمىڭلار بار. مەن ئاچ-
مايمەن، ئاچمايمەن ... ئەقىل ـ ئىدراكىمنى، زېھنىي كۈچۈم-
نى، ئارزۇ ـ ئۈمىدىمنى، بەختىمنى، ھەممە ـ ھەممىنى غازاڭ
قىلغان بۇ ئىنساننى ئەمدى كۆرەر كۆزۈم يوق!

— ياق ... ياق، رۇقىيە، سەن ئۇنىڭ ھەسرىتىنى چۈشەن-
نەمسەن؟! تارتقان ئازابلىرىنى بىلەمسەن؟! ... بىلمەيسەن ...
ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا، ئۇنى ئەيىبلەشكە سېنىڭ ھەققىڭ يوق!

— نېمە؟! — مېنى چۈشىنىدىغان، ياشلىق گۈلۈمنىڭ،
تۇرمۇشىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، قايسى
دەرىجىدە پايخان بولغانلىقىمنى بىلىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن يې-
قىن، سىرداش دوستۇمغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدىم.

— ئۇ ھېلىمۇ سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ،
بىلەمسەن؟!

— ياق! ياق! مەن پەقەت بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن قانچىلىك
بەدەل تۆلىگىنىمنى بىلىمەن. بولدى، بولدى، مېنىڭ «ئۇھ»
دېگۈدەك ھالىم، مادارىم قالمىدى. مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن
سۆيگۈنۈم ئۈچۈن شۇنداق بەدەل تۆلىشىم كېرەكمۇ؟!

* * *

جۇرئەتكە بۇ جۇدالىق بەكمۇ ئېغىر كەلدى. روھىي ۋە



www.uyghurkitap.com

جىسمانىيىتىنى ئىگىلەپ، ۋۇجۇدىدا ئېتىقادىنىڭ، مېھىر - مۇھەببەتىنىڭ بىخلىرىنى ئويغاتقان، شېرىن خىيال ئىلكىدە ئەللەيلەپ، ھاياتىنى مەنىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلغان تۇنجى سۆيگىنىددىن، سۆيۈملۈك سىردىشىدىن ئايرىلىش نەقەدەر ئازاب - ھە؟! بىر قول سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ بىردەممۇ ئارام بەرمەيتتى، «رۇقىيە! رۇقىيە!» دەپ چۇقان سالاتتى. سېغىنىش چېكىگە يېتىپ پىراق ئوتى باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئازابلىق ئىڭرايتتى، ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى، چەكمەيدىغان تاماكىنى قولىغا ئالدى، ھاراق ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. نېمە ئامال، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈمىد چاقناپ تۇرغان خۇنۇك كۆزلىرىگە قاراپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى.

دېمىسىمۇ، بۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. ئانىسى ھەمراخانىنىڭ ئېغىر رېماتىزم كېسىلى بولغاچقا پۇت - قولى ئىششىپ ئاران - ئاران ماڭاتتى. ئائىلىنىڭ تۇگىمەس ئىشلىرىمۇ ئۇنى چارچاتقان بولۇپ، خۇددى يىغى تۇگىگەن جىنچىراغدەك پىلىلداپلا قالغانىدى. دادىسى تۇرداخۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدىن ئالىدىغان ئازغىنا مائاشىنى پىلانلىق باشقۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمىدىن مۇكچەيگەن بېلىنى رۇسلىيالماي، ئائىلىدىكى بەش جاننىڭ غېمىدىلا يۈرەتتى. ئىنى - سىڭلىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان كۈنلىرى يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى جۇرئەتنىڭ تېزرەك خىزمەتكە چىقىپ ئائىلىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ھېلىمۇ جۇرئەت ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگۈچە ئۇنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش پۇلى ئۈچۈن بۇ ئائىلە خېلىلا قەرزگە بوغۇلغانىدى. ئانىسىنىڭ كېسىلىمۇ پۇل بولمىغاچقا، داۋالىنىش كېچىكىپ ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇلارنى كۆرگەن جۇرئەت ئاتا - ئانىسىنى قايىل

قىلىپ ئۇرۇمچىگە — سۆيگەن قىزى رۇقىيەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى. «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىندۇ، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ياخشى ئىشلەپ، رۇقىيەنىڭ ئوقۇشى پۈتكىچە ...» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ...

جۇرئەتنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ناھايىتى تېز ھەل بولدى. ئۇنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشى بۇ ئائىلىگە ئاجايىپ خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئانىسى ھەمراخان خۇشاللىقىدىن نەچچە كۈن ئۇيقۇدىن قالدى. بىراقلا ياشىرىپ كەتكەندەك، كېسىلىمۇ ساقىيىپلا كەتكەندەك تېتىكلىشىپ كەتتى. قازان ئېسىپ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارغا چاي بەردى.

ناھىيىلىك نوقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلىشىش جۇرئەتنىڭ نىمجان قەلبىگە بىرئاز تەسەللى بەرگەندەك بولدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك كەسىپنى سۆيەتتى. ئالىي مەكتەپتە ئىگىلىگەن بىلىمىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش ئىشىدا ئۆزىنىڭ ئويلىغان چارىلىرى، پىلانلىرى كۆپ بولسىمۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدىن باشقىچە ئىكەنلىكىنى، يەنە كۆپ ئىزدىنىسە، پىشقەدەم ۋە قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ئىنتىلىش، ئىزدىنىش روھى، بۇ كەسىپكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش قايىنىمىغا شۇڭغۇدى. بۇ جاپالىق خىزمەت داۋامىدا ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئالىيجاناب روھ ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ ئالدىراش، لېكىن مەنىلىك ئۆتمەكتە ... خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى رۇقىيەگە تېلېفون بېرىش — بىر كۈنلۈك خىزمەت، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى دوكلات

قىلىش ئىدى. تېلېفوندا قىلىپ بولالمىغان سۆزلىرىنى ھۆجرە-سىغا كىرىۋېلىپ رۇقىيە بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى ... شۇڭا خىزمەت ھارغىنلىقىنى قىلچە ھېس قىلمايتتى. مەكتەپ ئۈنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە قابىلىيىتىگە قايىل ئىدى. شۇڭا تولۇق 2 - يىللىقنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئاغرىپ قالغاندا مەكتەپ ئىككىلەنمەيلا سىنىپنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. جۇرئەتنىڭ خىزمەتتىكى يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

— جۇرئەت، ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا دىققەت قىلىڭ. بولمىسا، نەۋرىلىك بولۇپ قالىدىغانەك تۇرىمىز، — خىزمەتدىشى قادىر مۇئەللىم ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ تۇراتتى.

— نېمە؟! — ھەيرانلىق ئىچىدە خىزمەتدىشىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ئۇ، — نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مۇئەللىم؟

— سىنىپىڭىزدىكى رەنا بىلەن ئەركىن مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرق بولۇشۇپتۇ. بۇ ئىش مەكتەپكە پۇر كېتىپتۇ. قىزلار ھە-ۋەسلىنىپ، ئوغۇللار ئىچىگە تىنىپ يۇرگۇدەك ...

— ئۇنچە ئەمەستۇ؟! ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى يېقىن ئارىلىشىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى بالا يېقىن ئۆتكەندۇ، تايىنلىق ...

— ھەي ... سەل قارىمايلى جۇمۇ! مەكتەپتىكى تەسىرى يامان بولۇۋاتىدۇ.

جۇرئەت ئويلىنىپ قالدى. بۇ سىنىپنى تۇتقىلى تېخى ئىك-كى ھەپتىچە بولغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىغانىدى، لېكىن بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنى بۇرۇندىنلا تونۇيت-تى. ئۇ دەرىجىدە تاپتىن چىقىپ كەتكۈدەك بالىلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ تولىمۇ نازۇك ۋە مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل - قىزلارغا بولغان تەربىيىنى چىڭ تۇتمىسا بولماي-دىغانلىقىنى، بولۇپمۇ بىر قىسىم ئوغۇل - قىزلارنىڭ فىزىئولو-گىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۆتكۈنچى سىناقلىرىغا بەرداشلىق بې-

رەلمەي، ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەي خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇپ ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدىغانلىقى ئۈنى ئەيىبلە-تىپ قويىدى. شۇڭا ئۇ ئىشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق مەسىلىسى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشىنىڭ ئادەم جىسمانىيى-تى، روھىيىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنى توغرا تونۇپ، تولۇق چۈشىنىپ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ھەق-قىدە خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

جۇرئەت دەرسلىرىنى تۈگىتىپ، كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا ئاچىدىغان سىنىپ يىغىنى ئۈچۈن تەييارلىققا تۇتۇش قىلدى. مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن بەزى ماتېرىياللارنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى، يازما شەكىلدە تېزىسمۇ تۇزۇۋالدى، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك مىساللارنىمۇ تولۇق تەييارلىدى، ئوقۇغۇچىلارغا يە-غىن بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپمۇ ئۇلگۇردى. سىنىپ يىغىنىدىن كې-يىن ئوقۇغۇچىسى ئەركىن، رەنا بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلە-شىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن، مەكتەپتىكى بارلىق سىنىپ مەسئۇللىرىغا ئېچىلىدىغان يىغىن ئۇنىڭ پىلانىنى يوققا چىقار-دى.

— سەن يىغىنىڭنى ئەتە ئاچ! بۇ مۇھىم يىغىن ... — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

يىغىن باشلاندى. مەكتەپ مۇدىرى مۇھىم دەپ قارىغان بىرقانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىگەندىن كېيىن، بىر «قارار» نى ئوتتۇرىغا قويىدى.

— تولۇق 2 ـ يىللىقتىكى ئەركىن بىلەن رەنا ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىپ يامان تەسىر پەيدا قىلدى. ئوقۇغۇچىلارغا ئىب-رەت بولسۇن ئۈچۈن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈش جازاسى بېرىلدى، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئەتراپقا تەكشى قارىۋېتىپ.



www.uyghurkitap.com

— توختاڭ، مۇدىر، ئۇلار يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ
چىقارمىغاندۇ؟! — جۇرئەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قۇلىقىغا
ئىشەنمەيلا قالغانىدى.

— سىنىڭچە، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغۇچە قاراپ
تۇرىدىكەنمىز ـ دە؟! — ئارىدىن بىرقانچەيلەن كۈلۈشۈپ
كەتتى.

— ھەممىمىزنىڭ ياشلىق دەۋرى بولغان. ئوغۇل ـ قىزلاردا
فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش تۇپەيلى ئۆزئارا قىزىقىش، ئىنتىـ
لىش بولۇپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە، — ئۇ «ھۇپپىدە» قىزىـ
رىپ كەتتى، — شۇڭا بەزى باللاردا خىيالغا بېرىلىپ نىشاندىن
ئادىشىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن ... بىز ئۇلارنى
ئەتراپلىق تەربىيىگە ئىگە قىلىپ يېتەكلىسەكلا بۇ مەزگىلدىن
ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن، — چۈشتىن بۇرۇن كۆرـ
گەن كىتابلاردىكى بىلىملەر ئۇنىڭغا ئەسقاتقانىدى. ئەتراپتا جىمـ
جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا خىزمەتداشلىـ
رىغا سەپسالدى. كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ پىكرىنى
قوللىغاندەك باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ سەل
ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — شۇڭا ئۇلارنى بىر تېپىك بىلەن ئۇجۇقـ
تۇرۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلمىساق ...

مۇدىرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئۇ خۇددى «تۇنۇگۈن كەلـ
گەن سېرىق تۇك، ماڭا ئىش ئۆگەتكۈدەك بولدۇڭمۇ؟!» دېگەنـ
دەك دىمىغىنى قېقىپ قويدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز مەكتەپتىكى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا مەسئۇل
بولىشىمىز كېرەك. مەكتەپنىڭ ئىناۋىتىگە سەل قارىساق ھەرـ
گىز بولمايدۇ! قارار يەنىلا قارار. باشقا گەپ بارمۇ؟ بولمىسا
يىغىن تۈگىدى! — دېدى.

جۇرئەت يەنە بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، خىزمەتدىشى
قادىر پېشىنى تارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوقۇغۇچىـ

نىڭ تەقدىرى بەلگىلەنگەندى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار مۇشۇ شەۋەز-لىك تۇپەيلىدىن ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ئىچىدە ياشىدۇ؟!

جۇرئەت قاتتىق ئازابلاندى. هاڭ ئالدىغا كېلىشىپ قالغان ئىككى ئوقۇغۇچىسىغا قولىنى شۇنداقلا سۇنسا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولاتتى. لېكىن، ئۇلار قولىنى سۇنماي، هاڭغا چۈشۈپ كۆكۈم-تالقان بولۇپ كېتىشكە قاراپ تۇردى. ئىتتەردى دېسىمۇ بولىدۇ! ... چوڭ يىغىندا ئۆزىنى تەكشۈرسە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟! تارتىنچاق، تىرىشچان رەنا كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ «ئەمدى پىتنە ـ پاسات ۋە جەمئىيەت بىسىمى ئاستىدا قانداق قىلار؟! ...» ئۇ ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە كوچىغا چىقتى. ئادەملەر ئېقىنىغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزۇن مېڭىپ باقتى. چەكسىز بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە سەنتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان روهىي ئازاب ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقارماقتا. ئۇ سۆيۈملۈك سىردىشى رۇقىيەنى ئەسلىدى، ئۇنى بەكمۇ سېغىندى. مۇشۇ پەيتلەردە يېنىدا بولسا، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتسە، يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ئورۇنلۇق گەپ ـ سۆزلىرىدىن تەسەللى تاپسا، گۈلدەك چېھرىگە تويماي ـ تويماي قارىۋالسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-هە؟!

ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلىشى ئۇنىڭ ئەتە مۇدىر بىلەن قانداق سۆزلىشىش، نېمىلەرنى دەپ قايىل قىلىش خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بارغانلىقىنى، ئاپىسى ئەكىرىپ قويغان كەچلىك تامىقىنىڭ ئۈستەلدە مۇزلاپ تۇرغانلىقىنى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— كىم؟ — ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— مەن خالىق، — ئىشىك ئالدىدا گۈپۈلدەپ هاراق پۇراپ ئىككى كىشى تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خالىقمۇ سەن، بۇ ياقلارغا كېلىپ

قاپسەنغۇ؟ — ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىنى تونۇپ قىز-
غىن سالاملاشتى. يەنە بىرى نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا «قارار»
چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىسى ئەركىننىڭ ئاكىسى ئەھەد ئىدى.
— ھە، مۇنداق ئىش: بىز مەھەللىدىكى باللار ھوشۇرنىڭ
ئۆيىدە ئولتۇرغان. سىنى بىردەم - يېرىمدەم بىللە ئولتۇرايلى
دەپ چاقىرغىلى كەلگەن.
— رەھمەت، رەھمەت، بوگۇن كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە
بولسا قانداق؟
— نېمە قورقىسەن؟! قورقىدىغان قورسىقىڭدا جىن بارمىدـ
تى- يا؟! — دېدى خالىقنىڭ كەينىدە تۇرغان ئەھەد يۇقىرى
ئاۋازدا.
— نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئەھەد! بوگۇن كەچ بولۇپ كەتتى.
ئەتە ھەممىمىز ئىشلەيمىز.
— ھەي ... بىز ئادەمنى ئادەم ئېتىپ كەلدۇق. ئىناۋىتىڭنى
قىلىپ چاقىرغاندىكىن ماڭمامسەن!
جۇرئەت بۇ يەردە تاكاللىشىپ ئاتا - ئانىسىنى ئويغىتىۋې-
تىشتىن قورقتى. شۇڭا بۇ ئىككى مەست ساۋاقدىشىغا ئەگىشىپ
ماڭدى. بۇ ئىككىيلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي، ئۆز ئالدىغا
تىجارەت قىلىۋاتقاچقا، ھەممەيلەن ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدى-
راش، ئانچە ئىزدىشىپ كېتەلمەيتتى. بولۇپمۇ، جۇرئەت ئالىي
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى» گە ئۆتكەن-
دىن كېيىن بۇلار جۇرئەتنى ئىزدىمەس بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا
ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇرۇنقىدەك قويۇق ئەمەس ئىدى.
ئۇلار ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇ مەستلىكىدىن بېشىنىمۇ كۆ-
تۈرەلمەي قالغانىدى.
— ھە، نوچى، باركەنلا - ھە؟! — جۇرئەتنى كۆرگەن
ھوشۇر كۆزىنى ئاران ئېچىپ كۈلدى، — چاقىرمىسا كەلمەيلا
دېسىلە؟

تۆتەيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئۈستەلگە تىزىلغان قورۇ-مىلار ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەدەپ ھاراقتا زورلى-شىپ، رومكىلارنى توختىماي ئايلاندۇراتتى. بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە جىم تۇرغان سۈيۈقلۇق ئەسلىدىمۇ خېلى تەگشىلىپ قالغان بۇ ئۈچەيلەنگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى. كەچلىك تاماق يېمىگەن جۇرئەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەھەدنىڭ پات - پات خىرىس قىلىپ قاراپ قويۇشلىرىدىن ئىنىسى ئەركىن ئۈستىدىن چىقد-رىلغان «قارار» دىن خەۋەر تېپىپ بولغىنى ئېنىق ئىدى.

— سەن ... قانداق ... نېمە؟! — ئەھەد تىلىنى چايناپ كۆڭلىدىكى غۇمىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى، — ھەي، قاراپ تۇرۇپ ئىنىمگە ئاشۇنداق تۇزاق قۇردۇڭمۇ؟!

— سەن بەك مەست بولۇپ كېتىپسەن. بۇ گەپلەرنى ئەتە دېيىشەيلى بولامدۇ، ئەھەد؟ — جۇرئەت بۇ توغرۇلۇق سۆز ئاچسا ئۆزىنىڭمۇ قايناپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، — ماقۇل دېگىنە، دوستۇم.

— دوستۇم؟ سەندەك دوست بولامدۇ؟ ئىككى كۈن سىنىپ تۇتۇپ، قولۇڭدىن كەلگىنى شۇمۇ؟! — ئەھەدنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقىنى چاقناپ كەتتى.

— ھەي ... جۇر ... ئەت، ئىككى بىچارىنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىشماقچى بولۇشتىڭمۇ؟ ساڭا ئالىي مەكتەپتە ئاشۇنداق قىل دەپ ئۆگەتكەنمىدى؟ ... ياخشى، ياخشى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ سەندەك ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويسا، بولدى، ئوقۇيالمىغىنىمغا ئارمىنىم يوق، پەقەت يوق ...

ئۈچەيلەن تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالدى. جۇر-ئەت ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز. بولۇۋات-قان گەپ باشتا سوئال - سوراقتا، بارغانچە دوق قىلىشقا يۈزلەن-دى. قانلىرى قىزىشىپ، خۇددى ئوت ئېلىش ئالدىدا تۇرغان بومبىغىلا ئوخشاپ قېلىشتى. ئەھەد ئۆزىنى باسالمايلا قالدى.

ھازىرلا ئاتاكىغا ئۆتىدىغان جەڭچىدەك تەييارلىق ھالەتكە ئۆتۈپ بولغانىدى، مەستلىكتە كونتروللۇقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى.

— مەن قايتاي، ھازىر ھەرقانچە قىلساممۇ سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگۈدەكمەن، — جۈرئەت ئىشىنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاناڭنى ... ھېجقىنز، ئۆزۈڭچە بىزنى گەپ چۈشەنمەيدىغان، قارا قورساق كۆرگىنىڭمۇ بۇ؟! — بىر مۇشت كېلىپ جۈرئەتنىڭ خامىرىغا تەگدى-دە، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە يەنە بىرقانچە مۇشت باش-كۆزلىرىگە تېگىپ كەتتى. جۈرئەت ئورنىدىن تۇردى-دە، توختىماي مۇشت ئېتىۋاتقان ئەھەدنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. ئەھەد سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بېشى ئىشىك گىرۋىكىگە قاتتىق تەگكەن چېغى، بېشىدىن ئاققان قان قۇلاق تۈۋىنى بويلاپ كۆڭلەك ياقىلىرىنى بىردەمدىلا قىپقىزىل بويىدى، ئۆزىمۇ قوپالماي قالدى. بۇنى كۆرگەن ھوشۇر ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ ئەھەدكە بولۇشۇپ، جۈرئەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئىشىنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن خالىق بولسا جۈرئەتكە «كەت!» دەپ ئىشارەت قىلىپ ھوشۇرنى توسۇۋالدى. جۈرئەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

باش ئەتىيازنىڭ نەمخۇش شامىلى ئۇنى خېلى سەگىتىپ قويدى. بۇرنىدىن چىققان قان توختىغان بولۇپ، قاڭشىرى قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر نەرسىسىنى يوقاتقاندەك ئەتراپقا ئەنسىز قارىدى. بايىقى جەڭدە ئۇلار چاپىنىنى سالدۇرۇۋالغان، چاپاننىڭ كارايىتى چاغلىق... پورتمىنىدىكى رۇقىيەنىڭ رەسىمى — گۈزەل پەرىشتىسى قالغاندى. ئۇنى يوقىتىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. ئۇ خۇددى يۈرەك پارىسى كەينىدە قالغاندەك، ئارزۇ-ئۈمىدى، بەختى،

بارلىقى كەينىدە قالغاندەك، قانداق تېزلىك بىلەن چىققان بولسا شۇنداق تېزلىك بىلەن ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ...

— ھەي، ماۋۇ رەسىمدىكى ئۇرۇمچىدىكى جالىپكىنا؟! — ھوشۇر جۇرئەتنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى، — مۇشۇ چۇپرەندىلەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا بولىدىكەنۇ، بىزنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىمىز ئوقۇسا بولمامدىكەن؟! — ئۇلار رەسىمنى بىر-بىرىگە ئېتىشىپ ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن نىجاسەت ئاقاتتى. پەرىشتىدەك پاك، گۈزەل، چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان ئۇماق سۆيگىنىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس ... ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەپ، غايەت زور بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە ھوشۇرغا قاراپ ئېتىلدى. «رەسىمنى ياخشىلىقچە بەر، بولمىسا ئاناڭدىن تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزۇۋېتىمەن! بىلدىڭمۇ، نامەرد! ...» ھوشۇرمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ قولىغا بىر قەلەمتىراچنى ئېلىپ، «كېلە قېنى؟! ئاشناڭنىڭ كۆزىنىڭ قانداق ئويۇلغىنىنى كۆرىسەن!» دەيتتى. بۇ خۇددى «چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتاتتى. ئىككىسى شۇنداق تۇتۇشتىكى، ھېچكىم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلەلمىدى. بىر چاغدا «ۋاي!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، ھوشۇر يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولى بېقىنىغا سانجىلغان قانغا بويالغان قەلەمتىراچتا ئىدى. جۇرئەتنىڭ قولىدا قاتلىشىپ پۇرلىشىپ كەتكەن، ئامرىقى — رۇقىيەنىڭ رەسىمى تۇراتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىلار جۇرئەتنى دەرس سۆزلەۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كەتتى. ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى مەكتەپ ئىچىنى بىر ئالدى ...

— ياق ... ياق ...— زۆھرە سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە

چىداشلىق بىرەلمەي ۋارقىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، —

بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— رۇقىيە، جېنىم دوستۇم، بۇنداق قىلما، — زۆھرەمۇ يىغلىغان پېتى مېنى قۇچاقلىۋالدى.

— بۇ ئىشلارنى سەن قاچان بىلدىڭ؟

— بۇرۇنلا بىلەتتىم. جۇرئەت تۇرمىدە تۇرۇپ ماڭا خەت يازغانىكەن.

— ئەمىسە نېمىشقا ... نېمىشقا ... سەن مېنىڭ دوستۇممۇ؟

— مېنى كەچۈر، مەن جۇرئەتكە بەرگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك، — ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ تەمتىرەپ گېپىنى تاپالماي قالدى. چېكىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تەر تامچىلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن توختىماي ئېرتاتتى، — ئەسلىدە مەن ساڭا دېمەكچى بولغان، لېكىن جۇرئەت ئۆزىنىڭ تۇرمىدە ئۇزاق يېتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، سېنىڭ بەختىڭنى ئويلاپ ...

— سەن ھەقىقەتەن دوستلۇققا يارايدىكەنسەن! — ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدىم. كۆزۈمدىن «يالت!» قىلىپ چاقنىغان سوغۇق بىر نۇر ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇراتتى، — مېنىڭ بەختىمنى ئويلاپ؟!

— جۇرئەتنى سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار قىلىپ تۇردۇم. سېنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجەڭنى، كېلىشكەن، يۈز - ئابرۇيلۇق بىر يىگىت بىلەن توي قىلىۋالغانلىقىڭنى ... ئۇ ... ئۇ ... سېنىڭ بەختىڭنى تاپقىنىڭنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى.

— مېنىڭ بەختىمدىن؟! — شۇ چاغدىلا مەن «بەختلىك» تۇرمۇشۇمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بۇ يېقىن دوستۇمدىنمۇ يوشۇرۇپ كەلگىنىمنى ئېسىمگە ئالدىم.

* * *

مانا، خىزمەتكە چىققىنىمغا بەش ـ ئالتە يىل بولۇپ قالدى.
پۈتۈن زېھنىي كۈچۈمنى، ۋاقتىمنى، مۇھەببىتىمنى خىزمەتكە،
ئوماق باللارغا ئاتىغانىدىم. خىزمەتتىن باشقىنى ئويلىمايتتىم.
كۆڭلىرىم بىر خىل رىتىمدە ئۆتمەكتە، لېكىن يېشىمنىڭ چوڭـ
يىپ مېڭىشى ئاتا ـ ئانامنى ساراسىمىگە سالاتتى.
— قىزىم، — دەيتتى ئاپام مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى
سىلاپ تۇرۇپ، — تۇرمۇش ئىشىڭنى ئويلاپ قوي. ساۋاقـ
داشلىرىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بالىلىرىنى يېتىلىشىپ
يۈرۈشىدۇ. لېكىن، سەن ... سەن ... سېنى ئويلىسام يۈرىكىم
ئېچىشىپ كېتىدۇ، بالام. «ئايال كىشى دېگەن ئەردە ياخشى،
بولمىسا يەردە» دەپتىكەن، قىز بالا دېگەن تۆھمەتكە يېقىن بولىـ
دۇ. شەرىئەتتىمۇ قىزلارنىڭ بۇنداق يۈرۈشى گۇناھ ... —
ئاپامنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدىن دادام ۋە باشقىلار ئالدىدا كۆپ
قىسىنچىلىقتا قېلىۋاتقىنىنى بىلەتتىم. بۇگۈنمۇ دادام ئاپامغا
دوق قىلىپ: «قىزىڭغا گەپ قىل، بۇنداق يۈرۈۋەرمىسۇن،
گېپىنى ئوچۇق قىلسۇن!» دېگەندۇر بەلكىم، بۇنىسى ماڭا ئاـ
يان. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاتا ـ ئانام ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت
يىرىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ،
زورلاشلار كۆپىيىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ
كۆزىگە سىغىش ئۈچۈن، يەكلىنىشكە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، چوـ
قۇم بىر ئەرنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈشۈم كېرەككەن. شۇنداق بولغاندىـ
لا، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ۋە ئىززەت ـ ئىكرامغا
ئېرىشەلىگۈدەكمەن ... يۈرىكىم پۈتۈنلەي مۇزلاپ كەتكەندى.
مېنىڭ يەنە بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈشۈم مۇمكىنمۇ؟!
— مەن دۇنياغا مۇستەقىل تۆرەلدىم. نېمىشقا مۇستەقىل
ياشيالمىغۇدەكمەن؟! چوقۇم بىر ئەرگە بېقىنىپ ياشىشىم كېـ



www.uyghurkitap.com

رەكمۇ؟ — ئاخىرى ئىچىمدە غەلىيان كۆتۈرۈپ ئارام بەرمىگەن بىر نىدا ۋۇلقاندەك پارتلىدى، ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم.

— ئۇنداق دېمە، بالام، يامان بولىدۇ. ئاغزىمىزدىن كۈپۈرلۈق كېتىدۇ ....— ئاپام مېنى باغرىغا بېسىپ خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتى. ھېلىمۇ مۇشۇ كۇنلەردە دادام ئاپامغا دوق قىلىپ: «سېنىڭ تۇغقان قىزىڭ، سېنىڭ تەربىيىلىگەن قىزىڭ ...» دەپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بىچارە ئاپام غەم - ئەندىشىدە ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. «ئاپامدا نېمە گۇناھ! ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدى، ئوقۇتتى. يىگىرمە توققۇز يىلدىن بېرى ئۇتۇمدا كۆيۈپ، سۆيۈمدە ئېقىپ، بەختىم ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈردى. مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەردىم ... ئاپا، جېنىم ئاپا، نېمە دېسەڭ شۇ ...»

«ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دەپ قارايتتىم. مانا بۈگۈن ئۆزۈم بىلىپ - بىلمەي، تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەن بېرىپ، تاللاش ئەركىنلىكىدىن ۋاز كەچكەن بىر بىچارىگە ئايلاندىم. مەن بىر ئالىي مەلۇماتلىق بىلىم ئىگىسى تۇرۇپ، ئاڭسىز، ساپاسىز، نادان قىزلاردەك ئاتا - ئانام تېپىپ قويغان، چۈشەنمەيدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، ئۆمىد - ئىنتىلىشلىرىمنى، قەدىر - قىممىتىمنى، مېھىر - مۇھەببىتىمنى، ۋىجدان - غۇرۇرۇمنى دوغا تىكىپ، ئۇن - تىنىسىز، ئىتائەتمەنلىك بىلەن سۈكۈت قىلماقتا ئىدىم. قېنى، مېنىڭ روھىمدىكى جۇشقۇنلۇق؟! ... ئاخىرى ئاپامنىڭ تارامىلاپ تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز يېشى، دادامنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرى مېنى تۇرمۇش قايىنىمىغا سۆرەپ كىردى.

دۇنيادا ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇپ مەردانىلارچە ياشىغانلاردىن قانچىسى باردۇ؟! مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنلەردىنچۇ؟ غېنى بىلەن توي قىلغىنىمغا بەش - ئالتە يىل بولۇپ قالدى. ئۇ

كېلىشكەن، كەم سۆز، خىزمەتتە نەتىجە يارلىقان، جەمئىيەتتە مەلۇم ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان بىر ئەر. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بولغان سەمىمىي ـ ساداقىتى مېنى قايىل قىلسا، ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى يالغۇز كۆتۈرۈپ، خىزمەت، ئائىلە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ ئۇنىڭغا ياخشى ئائىلە مۇھىتى ۋە خىزمەت شارائىتى ھازىرلاپ بەرگىنىم، كېلىشكەن قىياپىتىم ۋە ھەممىنى ئىچىمگە سىغدۇرۇپ كېتىدىغان جىمغۇر مىجەز ـ خاراكتېرىم ئۇنى مەھلىيا قىلسا كېرەك، ئارىمىزدىكى مۇھەببەت كۈچىيىپ باراتتى... ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارىمىزدا قانداقتۇر بىر ھاڭ پەيدا بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدىم...

ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ماڭا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بەس ـ بەستە: «بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ يامان قىلمىدىڭىز، ئاتا ـ ئانا دېگەن ھەرگىز بالىسىغا يامان بولسۇن دېمەيدۇ...» دېيىشىپ، مېنىڭ «بەخت» ىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. لېكىن، ئېغىز ىمدىن چىقىرالمايدىغان بىر سىر يۈرەك ـ باغرىمنى يەپ، ئىچىمنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. «مەن ھەقىقەتەن بەختلىكمۇ؟!» ئۆزۈمگە قايتا ـ قايتا سوئال قوياتتىمىيۇ، جاۋاب تاپالمايتتىم. «بەخت» نىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ مېنىڭ يۈز ـ ئابرۇيلۇق قاملاشقان ئېرىم، گۈلدەك ئوغلۇم، قولۇمنى نەگە سوزسام يەتكۈدەك ئائىلە شارائىتىم بار. ئۇنداقتا مېنى ھەقىقەتەن بەختلىك ئايال دېسە بولغۇدەك...

— رۇقىيە، ئەمدى بالىلىق بولىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى. قاچانغىچە مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋېرىسىلەر؟ ماۋۇ پۇت ـ قولىمىزنىڭ ماغدۇرى بار چاغدا نەۋرىلىرىمىزنى بېقىۋالايلى...—قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا باغرىمنى كۆيدۈرۈپ ئارام بەرمەيۋاتقان چوغنى پەقەت قېيىنانام رەھىمىسىزلەرچە كولاپ ھارارىتىنى

كۆچەيتتۋاتاتتى. بۇنداق چاغدا كۈلۈپلا قويااتتىم. قېينانام ناھايە-
تى جەزىبىدار، غۇرۇر - ۋىجدانىدىن گەپ ئاچىدىغان گەپدان ئايال
ئىدى. پۈتكۈل ئالەمنىڭ خەۋىرىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلايتتۇق. «ئى-
راق ۋەزىيىتى قانداق كېتىۋېتىپتۇ»، «قايسى دۆلەتتە ئىككى
باشلىق بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ» دېگەندىن باشلاپ، كىمنىڭ قىزى كىم
بىلەن يۈرۈۋېتىپتۇ، كىمنىڭ بالىسى «ئاق»قا ئۆگىنىپ قاپتۇ،
كىم ئاجرىشىپ كەتكۈدەك دېگەندەك كوچا خەۋەرلىرى ئالدى
بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقاتتى. دادام ئۇنىڭغا «ۋالاقتەگكۈر»
دەپ لەقەم قويۇپ قويغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆيگە كېلىپ
توختىماي سۆزلەپ كەچنى قىلىپ قايتقاندا ساقىلىنى سىلاپ
«ۋاي، ۋاي، ۋاي ... بۇ ۋالاقتەگكۈرنىڭ ئاغزىغا بالا تەگ-
مىسۇن!» دەپ تەنە قىلاتتى. يېقىندىن بېرى قېينانام بىزنىڭكى-
گە كۆپ كېلىدىغان بولدى. باشتا مېنىڭ تۇغمىغانلىقىمنى چاق-
چاق ئارىلاش دېگەن بولسا، كېيىن ئاتايىتەن دەيدىغان، ھازىر
بولسا ئاچچىقلىنىپ قايناپ ئولتۇرۇپ دەيدىغان بولدى.
— ھەممىگە قادىر ئاللائاللا بىر كۈنى بېرەر، قۇدام، —
دەيتتى ئاپام ئېغىر تىنىپ.
— ۋاي، قۇدام، «بېرە» دەپ ئولتۇرغىلى ئالتە يىل بول-
دى. بالام غېنىجانمۇ ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتىگە كىرىپ
قالدى. دوستلىرىنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە كىرىپ بولدى. ئۇلار
بالىلىرىنى يېتىلىشىپ ماڭسا، بىزنىڭ غېنىجانغا نومۇس
ئەمەسمۇ؟!
— بىزنىڭمۇ نەۋرىلىك بولغىمىز بار، ۋاقىت - سائىتى
كەلمەيۋاتامدۇ...
— ۋاقىت - سائىتى! «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ
ئولتۇرماي، سەۋەب قىلايلى، سەۋەب. «سەۋەب قىلسا، سېۋەتتە
سۇ توختايدۇ» دەپتىكەن ...— بۇ تۇگىمەس دوق قىلىشلاردىن
بىچارە ئاپامنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئايال زاتىمىزدا تۇغماسلار چىققان ئەمەس. ئۇنە رۇخسەت سوراپ كەل! مەندىن نېمە كەتسۇن، ئۆزۈم بىر كۆرسىتىپ سەۋەبىنى بىلىپ باقاي. ساڭا «دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باق» دەپ ئاڭلىتىپ بولالمىدىم. مەن بۇ ئاھانەتنى قانداق كۆتۈرىمەن ئەمدى ...— ئاپام يۈرىكىدىن ياش تۆكمەكتە.

مەن ئاجايىپ بەدەل تۆلەۋاتاتتىم. نېمە ئۈچۈن قېيىنانام مۇشۇ ئاجىزلىقىمنى تۇتۇۋېلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ مېنىڭ مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈن، ئامراق ئوغلىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ئۈچۈن، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى، ئىنتىلىشلىرىمنى قۇربان قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدىغاندۇ؟! ئاھ، ئىنسانلار، بىز قاچانمۇ ئۆز كۆمىچىمىزگە چوغ تارتىۋاتقان ئاشۇ مىنۇتتا باشقىلارنى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ قويۇشنى ئۆگىنەلمەيدىغاندىمىز؟! ھەممىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئاپامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بىر قېتىم بېرىپ - كەلگەن بولدۇم. دورا يېسەملا بولىدىغانلىقىنى، چوڭ مەسىلىنىڭ يوقلۇقىنى يەتكۈزۈپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ خاتىرجەم قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ، «دورا» يەپ دېگەندەك بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. قېيىنانامنىڭ قاپىقى پەقەتلا ئېچىلماس بولدى. ئۆيگە كەلسە ياكى مەن دۆۋىلەپ قويغان ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە بارسام، «غېنىجان بالام، جېنىم بالام، مۇشۇنداق پەرزەنتسىز، پەلىتىزسىز، نام - نىشانسىز ئۆتۈپ كېتەرسەنمۇ ...» دەپ غۇدۇراپلا يۈرەتتى. ماڭا بولغان بېسىم ئېشىپ باردى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم قېيىنانام نەدىندۇر بىر ئۈزۈن ساقال «موللا»نى باشلاپ كەپتۇ ... بىر كېچە «ئوقۇدى». «موللا»نىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ قورسىقىمدا «مىسلىمياڭ» دەمدۇ، بىرنەرسە بارمىش ... ئۇ تۆرەلمىنى يەپ يالجىتمايدىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈش پەقەت ئۆزىنىڭلا قولىدىن كېلىدىكەن، لېكىن كۆپ ئوقۇرمىش. مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشىم

ئەك مۇھىممىش. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنۇمى بولماسمىش ...
قاقاقلاپ كۇلۇپ تاشلىغىلى تاس قالدىم. ئۇلار تۆرەلمىنىڭ قاند-
داق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟! ... بولدى، بولدى،
ئېيتمايلا قوياي ... ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بىلەن «كۆزى چۈشۈپ
قالغان» بىر پارچە گىلەمنى بېرىپ يولغا سالدۇق.
كېيىنچە قېينانام ئۆيىمىزگە كەلمەسلا بولدى. ئۇنىڭ ئېيد-
تىشىچە، «تۇغماس خوتۇننىڭ قولىدىن تاماق يېسە هارام بولار»
مىش. ئۆسەك سۆزلەر كۆپىيىپ كەتتى. سورۇنلارغا بارسام
كىشىلەر «كۇسۇر - كۇسۇر» قىلىشىپ يەر ئاستىدىن قاراپ
قويۇشاتتى. مېنىڭ هېچ چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى. بەك- بەك
چارچاپ كەتتىم. روهىمدىكى هارغىنلىق مېنى كاردىن چىقارماق-
تا، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى يارا ئېغىزىغا تۇشمۇتۇشتىن
خەنجەر ئۇرۇلماقتا ...
تۇنجى مۇهەببىتىمنىڭ قەلبىمدە قالدۇرغان يارا ئېغىزى
شۇنچە چوڭ بولغاچقىمۇ ئازابتىن تىن ئالالماي ياشاپ كەلدىم.
بىر قارا سايە ماڭا تاپتەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاسارىتىد-
دىن قۇتۇلالمايتتىم ... مەندە سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە نىسبەتەن
ئىشەنچ - غەيرەت يوق. باشقىلار نەزىرىدىكى «بەختلىك تۇر-
مۇش» مەن ئۈچۈن قورچاق ئويۇنىلا خالاس. بىز ئېهتىياج ئۇ-
چۇن بىرگە ياشايتتۇق. ئۇ ئەرلىك لاتاپىتى، يۇز - ئابرۇيى
ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە ياشىسا (مەن شۇنداق ئويلايتتىم)، مەن
ئاتا - ئانامنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇشۇند-
داق «تاغدەك يۆلەنچۈك بولمىسا بولمايدۇ» غانلىقى ئۈچۈن ياشاپ
كەلدىم ... مەن قەلبىمدە بىخ سۇرگەن قەدىرسىز تۇنجى مۇهەببىد-
تىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم ئۆچ ئېلىپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم
جازالاپ ياشاۋاتىمەنمۇ؟! بۇنىڭغا بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. بەزىدە
ئېرىم غېنىغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا
تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشتىن

ئۆزىنى قاچۇرۇشى بىر ئەرگە نىسبەتەن نورمالسىزلىق بولماي نىمە؟ بەزىدە بىر دوستۇمنىڭ ئەرلەر توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالىمەن: «يېنىدا گۈزەل بىر پەرىشتىنىڭ بې-لىقتەك پىلتىڭلاپ ياتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بەخىرامان ئۇخلى-غان ئەرنىڭ فىزىئولوگىيىسىدە مەسىلە بولمىسا، چوقۇم ئىدىيى-سىدە چاتاق بار.» بۇ سۆز خۇددى ماڭا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەقىقەتەن مۇشۇ كۈنلەردە مەندىن ئۆزىنى تارتىۋاتاتتى ... ئېرىمنىڭ كەچلىرى يېرىق ئۈستىلىدىن قوپماي ئۆزىنى خىزمەتكە ئۇرۇشلىرى، ماڭا بىچارىلەرچە يېلىنىپ - يېلىنىپ قاراشلىرى، ھاراقنى ئىچىۋې-لىپ ئۈن - تىنسىز ياش تۆكۈشلىرى ... مېنى مۇشۇ مەنىسىز تۇرمۇشنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن قۇل! ئۈمىد - ئىنتىلىشلىرىنى يوقاتقان، ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشىدا مېھىر - مۇھەببەتنى كۈچەيتىدىغان، ئىككى يۈرەكنى چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدىغان ئىمتىيازدىن مەھرۇم بىر قۇل ... «مەن تۇغماس ئاتىلىپ» ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ، كېيىن جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرى تۈپەيلى قاتتىق ھالسىرىغان ئاشۇ مىنۇتتا مېنىڭ ئېرىم نېمىشقا ئەرلىك مەسئۇلىيىتى بىلەن مېنى قوغداپ قالالمايدۇ؟! ھېچبولمىغاندا، ئۇ ئانىسى ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلالىسىلا - ھە؟! ئاھ، خۇدا! ئەرنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى تېخى ھېس قىلىپ بولالمىغان بىر ئەردىن مەن نېمىنى تەلەپ قىلاي! ...

زۆھرەنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا ئاپئاق قار تاراملاپ تۆكۈلۈۋات-قان يېشىمغا تەڭكەش قىلىۋاتامدۇ ۋە ياكى مېنىڭ تۇشمۇتۇشتىن يارىلانغان كۆڭلۈم ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈۋاتامدۇ، ئاجايىپ سۈر بىلەن لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە زۆھرەنىڭ «جۇرئەت ئۆزىنىڭ تۇرمىدە ئۇزاق يېتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىل-گەچكە، سېنىڭ كەلگۈسى بەختىڭنى ئويلاپ، توي قىلىۋالغانلىق

توغرىسىدىكى خەۋەرنى تارقاتقانىكەن» دېگەن سۆزى تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەن ... قېيىنانامنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مېنى سەل سەگىتىپ قويدى. ئېسىمنى يىغىپ قارىسام ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. ئۆي ئىچىدە قېينانام قايناپ سۆزلەۋاتاتتى:

— يەنە نېمە قىلىپ بەرسەك بولاتتى، بىرەر بالا تۇغۇپ بېرەلىدىمۇ؟! ئۇ قېچىر بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆي تۇتماقچىمىسمۇ-سەن؟! ...

«قېچىر ...؟» مېڭەمدىن كىرگەن بىر ئوت تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى. چاقىلداپ تىترەيتتىم ... ئۆيگە كىرىپ ئۇلارغا تەك تۇرغۇدەك مادارىم يوق. ئۇلار قىلغان يۈزسىزلىكنى مەن قىلالماسمەنمۇ؟ «مەن قېچىر ئەمەس، ئوغلۇڭدىن سورا!» دې-يەلمەسمەنمۇ؟ قەلبىمدە ئاجايىپ بىر ئۆچ ئېلىش ئىستىكى غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ...

— بولدى قىل، ئاپا! گەپ قىلمىسام گېپىم بار دەپ ... بولدى! — خۇددى تىنچ ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز مېنىڭ ئېرىم غېنىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن يەرگە مىخلاپ قويغاندەك قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالدىم، — ھە، سېنىڭ راست دەپ بەرسە شۇنچە ھەددىدىن ئاشقان بارمۇ؟ دېگىنە، رۇقىيە ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟! ھەرقانچە كېلىن بولسا شۇنچىلىك بولار ... سەن ... سەن سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن ئىزدىمەي، مېنىڭدىن ئىزدە، مېنىڭدىن! — ئۇنىڭ ئاۋازى ئاخىرىدا يىغا ئارىلاش تىترەپ چىقتى.

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام، مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغاندۇ ماۋۇ بالا؟ — قېيىنانامنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن رۇقىيەنى بۇنداق ھاقارەتلىگۈچى بول-

ما، بولامدۇ، ئاپا؟! — ئۆي ئىچىدىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى كېلەتتى. مەن چىدىيالماي قالدىم.

— مەن ... شۇ ... سېنى پەرزەنتسىز ...

— بولدى، ئاپا، يەنە مۇشۇ گەپنى ئاغزىڭغا ئالىدىغان بولساڭ، مېنى ... مېنى ...

— ئۇ ... هوش بۇگۇن ماۋۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ...— ئىشىك ئېچىلدى، قېينانام ياش يۇقى كۆزىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ، غۇدۇرىغانچە چىقىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپ «تو-ۋا!» دەپ ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ، يېنىمدىن ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى.

مەن ئېرىمنىڭ تەنتەنە بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن ئانچە تەسىرلىنىپ كەتمىدىم. ئۇ كىچىككەنىدى. دەردتىن لەختە - لەختە بولغان يۈرىكىمگە بۇ دورا مەلھەم بولالمايتتى. راست، كىچىكىپ بىرىلگەن دورىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە قانچىلىك ئۈنۈمى بولسۇن! بىرھازادىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلا ئۆيگە كىردىم. غېنى مېنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. تاماكا تۇتقان قولى تىترەيتتى.

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھە.

— ئاپام كەپتىكەن.

— كۆردۈم.

— مەن تاماق يەۋالدىم، سىزچۇ؟

— يېگۈم يوق!

— كېلىنىڭ، ئۇلتۇرۇڭ، رۇقىيە، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟ مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى. لېكىن بۈگۈن بېشىم بەك ئاغرىپ تۇرىدۇ. ئەتە سۆزلەشسەك قانداق؟ — نېرۋىلىرىم شۇنچىلىك چارچىغانىدىكى، خۇددى پىلد-

كىنى «پۇۋ» دەپلا قويسا پارتلاپ كېتىدىغان بومبىغا ئوخشاپ قالغانىدىم.

— ئەمىسە ئارام ئېلىڭ، — دېدى غېنى مېھرىبانلىق بىلەن. ئۇنىڭ ئىغىر - بېسىق تەمكىن تۇرقىدىن ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ياتاق ئۆيىنىڭ غۇۋا ئېچىلغان ئىشىكىدىن مېھمانخانىغا قارىدىم. غېنى تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئالدىغا قويۇلغان كۇلدان تاماكا قالدۇقى بىلەن لىق تولغانىدى. غېنىنىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقى نامەلۇم. نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ھالەت كۆپ تەكرارلاندى. ئۇ ماڭا بىر ئىشلارنى دېمەكچى بولاتتىيۇ، يەنە دېمەيتتى. لېكىن، بۈگۈن مېنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دەيدىغىنىم ئېنىق. مەن ئاخىرى غەيرەتكە كەلدىم. «بۇ قەپەسدىن چوقۇم چىقىپ كېتىمەن».

* * *

غېنى ئادىتى بويىچە نېفىت ئېلىش رايونىنى ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر دۆۋە ماتېرىيال ئېچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ تەتقىق قىلغان بىر تۈر باھالاپ - بېكىتىشتىن ئۆتۈپ رەسمىي ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى» دىكى دوستى پولاتنىڭ كەينى - كەينىدىن بەرگەن تېلېفونىغا ئاساسەن بۈگۈن كۆرۈشۈشكە دېيىشىپ قويغىنى ئېسىگە كەلدى. «بەك مۇھىم ئىش، چوقۇم كەلمىسەڭ بولمايدۇ» دېگەنىدى پولات تەكرارلاپ. غېنى بارغاندا پولات تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— شۇنچە ئالدىرىتىپ كەتكۇدەك نېمە ئىش ئىدى؟ — دېدى غېنى ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن كۇلۇپ تۇرۇپ. ئەگەر پولاتنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرمىگەن بولسا چاقچاققا كۆمۈ-

www.uyghurkitap.com

ۋەتكەن بولاتتى.

— نېمە دېسەم بولار ... — دېدى پولات دېلىغۇل بولۇپ. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي نېمىدىنىدۇر ئەنسىرەۋاتقاندەك ئەتراپقا ئەنسىز قارايتتى، قولىدىكى ۋاراقنى ھەدەپ مىجىقلايتتى.

— نېمە بۇ قولۇڭدىكى؟ ئەكېلە ... — غېنى پولاتنىڭ قولىدىكى ۋاراقنى «شارتتىدە» تارتىۋالدى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى، — «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2007 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، پەقەت ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 2051 گە يەتكەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا رەسمىي ئەنگە ئېلىنغان ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار سانى 17 مىڭ 209 گە يەتكەن. نېمىدېگەن قورقۇنۇچلۇق سان بۇ؟! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

— ئىشەنمەي ئامال يوق، ئاداش. بۇ ئەمەلىيەت، — پولات خۇددى يىغلاپ تاشلايدىغاندەك تۇراتتى.

— شۇنداق. توغرا دەيسەن، بۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلماي ئامال يوق! ھە، راست، مېنى بۇنچە جىددىي چاقىرتقۇدەك زادى نېمە ئىش بار ئىدى؟

— مۇنداق ئىش، ئوچۇقىنى دەي، غېنى. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ گېپىمنى تولۇق ئاڭلا. لېكىن ... ئۆزۈڭنى بەك تۇتۇۋالمىساڭ بولمايدۇ جۇمۇ! بۇ ئېنىق بولمىغان ئىش. يەنە بىر مەزگىل كۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

— زادى نېمە ئىش؟ دېگىنە ئادەمنى تەقەززا قىلماي، — غېنى جىددىيلىشىپ قالدى.

— سەن ئۆتكەن يىلى ئالدىنقى سەپتە ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغان.

— بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مانا ساقىيىپ بىر ئوبدان

تۇرمامدىمەن.

— شۇ چاغدا ساڭا بىرەيلەن قان بەرگەن.

— شۇنداق. دوختۇرخانىدا مېنىڭ قېنىمغا ماس كېلىدىغان قان بولمىغاچقا، بىر ئادەمنى تەستە تېپىپتىكەن. نېمە بولدى؟ — غېنىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— ئەيدىز كېسىلى ئاساسەن قان، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئانىدىن بالىغا يۇقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ۋاستە ئارقىلىق يۇقىدۇ. 82.6 پىرسەنتى قان ئارقىلىق يۇقىدۇ.

— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ، پولات، ئۇنىڭ بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— يېقىندا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساڭا قان بەرگەن ئۇ كىشى ...— پولات توختاپ غېنىغا قاراپ تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئۇ كىشىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ئىكەنلىكى ئېنىق-لاندى.

— نېمە؟! — غېنى شۇ تاپتا پولاتقا سوئال نەزىرىدە تىكىل-گىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، — ماڭا قان بەرگەن كىشى ئەيدىز كېسىلىمىكەن؟

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، غېنى. ئۇنىڭ ساڭا قان بەرگەندىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا ھەر ئېھتىماللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىش-قا بولمايدۇ.

— سەن ... سەن ... مېنىمۇ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىڭ دېمەكچىمۇ؟!

— ياق، ياق، ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — پولات تەرلەپ كەتتى. ئۇمۇ خۇددى يېقىن دوستىغا ئۆلۈم خېتىنى تەڭلەۋاتقاندەك بۇ ھالەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغاندى.

— مېنى زادى نېمە قىل دەيسەن؟!

— بىز چوڭ تەكشۈرۈش قىلىپ باقايلى. كۆزىتىشكە بىر

مەزگىل كېتىدۇ، — پولات ھەدەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — دەسلەپكى ئاي «كۆزنەك مەزگىلى» دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئادەم بەدىنىدە سالامەتلىككە قارشى مىكروبلار يېتەرلىك پەيدا بولمايدۇ ھەمدە يۇقۇملانغان ـ يۇقۇملانمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئامال يوق.

— كۆزنەك مەزگىل؟

— شۇنداق. ئەگەر تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسى ئانتىپېلاسى (HIV) مۇسبەت چىقىپ قالسا، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بولىدۇ، ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمىسا، پەقەت ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، تېخى ئەيدىز كېسىلى بىمارىغا ئايلانمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ...

غېنى بارلىق تەكشۈرتۈشلەرنى تۈگىتىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندا قۇياش تاغ كەينىگە مۆكمەكچى بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئەنە ئاشۇ ئىللىق قۇياشقا ئوخشىتىپ قالدى. قۇياشقۇ ئەتە يەنە پارلاپ چىقىپ پۈتكۈل زېمىنغا سېخىي نۇرىنى تۆكىدۇ. ئۆزىچۇ؟ ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە باھارنى كۆرگەنىدىغۇ. ئۇ پولاتنىڭ: «ئەلمىساقتىن ئۇلۇمدىن ئىبارەت كىشى ھاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان بۇ سىرلىق مۆجىزە تەپەككۇرىمىزگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ كېسەل ھاياتىمىزنىڭ چىن مەنىسىگە قارىتا مىسلىسىز خىرىسلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. نۇرغۇنلىغان ناربىسىدىلەر بۇ كېسەلنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا...» دېگەن گېپىنى ئويلىدى. ئۆلۈم! لېكىن ئۇ ھايات ـ مامات توغرىسىدا تېخى تولۇق ئويلىنىپ باقمىغانىدىغۇ؟! ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى، سۆيۈملۈك ئايالىنى، بەختلىك ئائىلىسىنى، تېخى روياپقا چىقىرىپ بولالمىغان كەشپىياتلىرىنى ئويلىدى. ئۇ بۇ ئوتتۇز ئالتە يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئويلىدى. نېمىدېگەن

قىسقا ھايات ـ ھە؟! بۇنچە قىسقىلىقىنى بىلىپ بىلىپ تۇرۇپ رۇقىيە كاشكى ... ئۇنىڭ ئەڭ قىيمايدىغىنى سۆيۈملۈك ئايالى رۇقىيە ئىدى. ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە رازى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ بولالمىغان، سۆيگۈ شارابىغا تېخى قېنىپ بولالمىغاندىغۇ؟ سۆيگىسىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئوماق پەرزەنتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ كوچا ئايلانغان، ئۇلار چۇچۇك تىللىرى بىلەن «دادا، دادا» دەپ چاقىرغاندا سۆيۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئويغىنىپ كەتكەن چۈشلىرى تېخى رېئاللىققا ئايلانمىغاندىغۇ؟! ئۇ مۇشۇنداقلا كېتەرمۇ؟ بولۇپمۇ ئايالى رۇقىيەنىڭ ياپپاش تۇرۇپ، تول قېلىپ ئاپئاق رومالغا ئورىنىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە بىر تىغ كېلىپ يۈرىكىنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتكەندەك چىدىيالماي قالدى. ياق، ياق! نېمە خىياللارنى قىلىپ كەتتىم. مەن ئەيدىز كېسەللى ئەمەس. ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! بىر يىلدا بىرەر قېتىممۇ زۇكامداپ ئاغرىپمۇ قالمايدىغان ساغلام بىر ئەرگە نىسبەتەن بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھېچبولمىغاندا، مەلۇم ئىپادىسى كۆرۈنۈشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. ئۇ دوختۇرغا ماسلىشىپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، «كۆزنەك مەزگىلى» دەمدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلى بولسۇن، ھەقىقىي ئەھۋال ئېنىقلانمىغۇچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن، بۇ ئىشلار ئېنىقلانغۇچە ئاتائانىسى، ھەتتا ئامرىقى رۇقىيەنىڭ بىلىپ قېلىپ بۇ كۈنلەرنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىنى خالىمىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە تولغان بۇ كۈنلەر شۇنچىلىك ئاستا ئۆتتىكى، ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىشكە كۆزى يەتمەيلا قېلىۋاتاتتى. ئەمما، ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇ ئويلىغاندەك ياخشى چىقىۋاتقاچقا، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن پۈكۈلۈش ئالدىدا

تۇرغان غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلاتتى. يامان يېرى، ئۇ بۇ ئىش-لارنى رۇقىيەدىن يوشۇرۇپ ئۆزى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، رۇ-قىيەگە كۆڭۈل بۆلەلمەي قېلىۋاتاتتى ...

ئاپىسىنىڭ بۇگۈنكى گەپلىرى، رۇقىيەنىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرى، بۇ ئىشلارنى يوشۇرۇپ ئۆتۈۋېرىشنىڭ ياخشى چارە ئەمەسلىكىنى، «سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ئايىدىم» دەپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدىغىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇڭا «ياخشى پۇرسەت تېپىپ چوقۇم دەيمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سەپەر تەييارلىقى پۈتتى. مەن خۇددى ئۇچۇرما بولغان قۇش-تەك يەڭگىللەپ قالغاندىم. مەن يىتتۇرۇپ قويغان سۆيگۈمنى — بەختىمنى تاپماقچى بولدۇم. مەن ئۇچۇن مەھبۇسقا ئايلان-غان سۆيگۈنۈم — جۇرئەتكە بولغان ئوتتەك تەلپۈنۈش ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇغاندىم. «ئۇنى تاپىمەن، ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز ئاغرىنىپ يۈرگىنىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. ئۇنىڭ قاراڭغۇ تۇرمىدە بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ئون يىللىق ھاياتىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ئىشەنچ ئاتا قىلىمەن. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا چوغلىنىپ تۇرغان ياڭقۇنلۇق مۇھەببىتىم بىلەن ئۇنى سۆيىمەن.» شۇنچى-لىك جۇرئەتلىك بولۇپ كەتتىمكى، مېنى ھېچقانداق كۈچ توسۇ-يالمايتتى. ئىشىكنى تاقاشتىن بۇرۇن تۇپتوغرا ئالتە يىل تۇتقان ئۆيۈمگە ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتۈۋالدىم. بوسۇغىدىن يۈتۈمە-نى ئېلىشىمغا تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. «ئالايمۇ - ئالمايمۇ؟» يەنىلا تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رۇقىيەمۇسىز؟ مەن پولات دوخ-تۇر بولىمەن. غېنى ئۆيدە يوقمۇ؟

— ئۇ ... ئۇ ...



www.uyghurkitap.com

— خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر ... غېنىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانمىغانلىقى ھەقىقىي ئېنىقلاندى.

— ئەيدىز ۋىرۇسى؟! — قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم.

— مەن سىزگە ھەقىقىي قايىل بولدۇم. مۇشۇ مەزگىلدە سىزنىڭ رولىڭىز بەك چوڭ بولدى جۇمۇ ... ئەگەر سىزدەك ئىشەنچلىك يار - يۆلەك بولمىغان بولسا، غېنى قانداق قىلغان بولاتتى ...— ئاخىرقى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. گاڭگىراپلا قالغانىدىم.

— ئەيدىز؟ ...— قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. پۈتۈن جاھان تەۋرەپ زېمىن داۋالغۇپ كەتكەندەكلا كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، — بۇ قاندىن يۇقىدىغان نىجىس ...— ۋارقىراپ تاشلىدىم.

— شۇ ... خەۋىرىڭىز بار، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا نېفىتلىك ئۇسكۇنىلىرىنى توشۇغان ماشىنا ئۆرۈلگەندە غېنى ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، بەختكە يارىشا قۇتقۇزۇۋېلىنغانىدى. سىلەرنىڭ پېشانەڭلەر ئوڭ ئىكەن. شۇنچىۋالا ئېغىر ھادىسىدە ھايات قېلىشىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، شۇ چاغدا غېنىغا قان بەرگەن ئادەم ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچى بولۇپ چىققان، بىزمۇ غېنىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن. پاك مۇھەببىتىڭلارنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسا كېرەك، بۇ ئاداش شۇنچە ئېغىر پېشكەللىكلەردىن ئامان - ئېسەن قېلىۋاتىدۇ. ھا ... ھا ...

— بىر يىلدىن بېرى ... ئۇ ... ماڭا ...

— شۇ ... ئۇ سىزگە دېگەندەك، — ئۇ گېپىمنى تارتىۋالدى، — مەن ئۇنىڭغا ئەيدىز ۋىرۇسى ئانتىتېلاسى (HIV) مەنپىي چىقىپ قالسا ئەينى ۋاقىتتا «كۆزنەك مەزگىلى» دە تۇرۇۋاتقان ياكى تۇرمايۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك. ئەگەر «كۆزنەك مەزگىلى» ئىچىدە بولسا يۇقۇملىنىش ئېھتىمالىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدىن كېيىنكى تەكشۈرتۈش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ دېگەن. مانا ئۇ بۇ مەزگىلدىن

www.uyghurkitap.com

ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، تەكشۈرۈشتە ياخشى چىقتى... — بەردە «لاسـ
سىدە» ئولتۇرۇپ قالدىم، — قىزىق ئاداشكەن بۇ، «ياخشى
چىقتى» دېسەم ئۇنىماي، كۆزىنىش مەزگىلىنى ئۇزارتىپ قايتىلا
قايتا تەكشۈرتكۈزدى دېسە...

ئېرىم — ھەمراھىمنىڭ ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىغان مۇشۇ
كۈنلەردە ئۇ بۇ نىجىسنىڭ مېنىڭ جىسمىمغا ئەمەس، ھەتتا
روھىمغىمۇ سىڭىشىغا يول قويمىغان ھالدا يەككە ـ يېگانە، ئۇن-
تىنسىز كۈرەش قىلىپ كەپتۇ. مەنچۇ؟ «تىرىشچانلىقىمنى، ساپ
كۆڭلۈمنى، چىن ئەقىدەمنى چۈشەنمىدى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بې-
غىشلىغانلىرىم نەتىجىسىز، ئېتىبارسىز قالدى» دەپ ئازابلىنىق
تولغىنىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۈتۈلۈشكە، تەسەللى ـ رىغبەت-
كە، چۈشىنىش ۋە قوللاشقا، ئىشەنچ ۋە مەدەتكە موھتاجلىقىنى
بىلەلمەپتىمەن. مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكۈنۈم نېمە؟ بەرگىنىمچۇ؟
مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەن پەقەت ئۇنىڭ بىر يۈزىنىلا
كۆرۈپ، يەنە بىر يۈزىنى، ئىچكى دۇنياسىنى، مۇھەببەت ـ
نەپرىتىنى كۆرۈشنى، بىلىشنى خالىماي ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قا-
راپ كەلدىم. مەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى، ئۆز بۇرچۇمنى چۈشە-
نىپ يېتەلىدىممۇ؟ ھەقىقىي ئادا قىلالىدىممۇ؟

سىرتقا چىقتىم. قار يەنىلا لەپىلدەپ ياغماقتا، كۆز ئالدىمدا
ئېرىمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىيماسى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇ-
نىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان يۈزلىرىنى تولۇق كۆردۈم. كۆككە قاراپ
ئاۋازىمنىڭ بارىچە توۋلىدىم: «غېنى سۆيۈملۈكۈم، قەيەردە
سەن! مېنى كەچۈر!» ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ھېلىلا يېتىپ كېلى-
دىغاندەك قۇچىقىمنى كەڭ ئاچتىم. قار ئاياغلىرىمنى كۆمۈپ،
كىرپىكلىرىمگە قونۇپ، چاچلىرىمدا خرۇستال دانىچىلىرى ھا-
سىل قىلماقتا ئىدى. ئاھ، قار! سەن مېنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىم-
نى بىلىۋاتامسەن. يۈرىكىمنىڭ زەئىپ سوقۇشلىرىنى سېزىۋاتام-

سەن! بۇرۇنقىدەك لەززەت، خۇشاللىق ئاتا قىلالمىغىنىڭ ئۈچۈن ئازابلىق چۇقان سېلىۋاتامسەن! ياكى مېنىڭ گۇناھكار جىسمىمە- دىن ئۆچ ئېلىۋاتامسەن! ...

ئەنە مېنىڭ ئېرىم ماڭا كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتىدۇ ... قەلبىمدە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ۋولقانى يالقۇنجاپ يېنىۋاتىدۇ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# قۇياش نۇرى ئاستىدا

## ئوسمان قاۋۇل

## شەپەققە چۆمگەن ئايكۆل

نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە؟!

ئايكۆلدە سۇ لىققىدە ئىدى. سۈپسۈزۈك، دولقۇنلۇق، باغرى مىڭلىغان بېلىقلارغا ئۇۋا، مېھرى ئىللىق خىيابان ماكان. ھاياتلىق كاپالىتى، يېشىللىقنىڭ غەمگۇزار ئانىسى، ساپ ھاۋانىڭ مىننەتسىز پەرۋىشكارى، شەھەردىكى تۈمەنلىگەن جانلىقلارنىڭ جان تومۇرى — سۇ. سۇ گۈزەل، يېقىملىق، جەلپكار ئاتالغۇ. مەيىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتكەندە قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭ تومۇرىدىكى قانلىرى شۇۋۇلداپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ ... قوينىدىكى قىزىل، چىپار، قارا كۆك، سارغۇچ، كۈمۈش رەڭ، تاغىل بېلىقلار كىشىلەرنى قارشى ئالغاندەك پىلتىڭلاپ ئويناقشىپ يۈرەكلەرنى ياشارتىدۇ ... ئۇنىڭ ئەرمىكى، خاتىرجەملىك ماكانى، ھۇزۇرى سۇ. سۇ — خاسىيەتلىك، بەردىكەتلىك ھەم مەئىشەتلەرنىڭ يىلتىزى بولۇشتەك خىسلەتلىرى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرىدۇ.

— قاراڭ، كۈن. ئاۋۇ بېلىقچى قۇشنىڭ چاققانلىقىنى.

— قايسىسىنى دەيسەن، ئاي. مەن ھېچبىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرۈپ بولالمىدىمغۇ؟ قۇشنىڭ جىقلىقىدا ...

— ئاۋۇنى دەيمەن، بېلىقنى قامالاپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلگىنىنى ...

— ھە، كۆردۈم، ئاي. كۆزۈڭ بەك ئۆتكۈر جۇمۇ سېنىڭ. ئاۋۇ شەپەقتە قاناتلىرىنىڭ گىرۋىكى قىزىرىپ كۆرۈنۈۋاتقاننى دەمسەن؟

— شۇنداق، كۈن. توغرا تاپتىڭىز.

— يا ئاللا، بىردەم جىم تۇرماي سۇغا شۇڭغۇپلا تۇرىدىغان نەرسىكەنغۇ بۇ؟

— شۇڭا، «يۈرىكىم قۇشتەك جىم تۇرمايدۇ» دەيمىز - دە!

— ھە، يەنىچۇ، يەنە شەيتانلىقىڭ تۇتۇۋاتامدۇ، ئاي؟

— ئەلۋەتتە سىزگە ياندىشىپ كۆرۈۋاتقان بۇنداق تېپىلماس مەنزىرە ئالدىدا ئەمدى ...

— قوي بۇ تەمتىرەشلىرىڭنى! بىز يېڭىلا تونۇشقان ئامراق-لاردىن ئەمەسقۇ؟ نېمە قىلىسەن ئۇنچە قىزىرىپ؟

— ياق، دەيمىنا ئەمدى، بىزنىڭ بۇنداق بىللە يۈرىدىغان ۋاقتىمىز قانچىلىك ئىدى دەيسىز، كۈن.

— توغرا دەيسەن، ئاي. لېكىن شۇنداقتىمۇ مەن ھامان سەن بىلەن بىللە، مەيلى نەدىلا بولماي.

— شۇنداق بولۇشنى تىلەيمەن دائىم، لېكىن يەنە مۇشۇ جاھاندا ھەقىقىي ئامراقلىق، كۆرمىسە چىدىمايدىغان بىزدەك ئەر- خوتۇنلارمۇ بارمىدۇ يەنە، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— بولمامدىكى، مانا ئىككىمىز بىللە تۇرۇۋېتىپمۇ يەنە چىداشماي نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمىز شۇ تاپتا ... ئامراقلىقسىز بىر ئائىلىنى، ھەتتا دۇنيانىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئاي.

— شۇنداقتىمۇ دەيمەنغۇ ئەمدى، بۇرۇنقى زاماندىغۇ ساپ سۆيگۈ ئۈچۈن جانلىرىنىمۇ پىدا قىلىشىپتىكەن خەقلەر، ھەتتا تاھىرمۇ زۆھرە ئۈچۈن ساندۇقتا ئېقىشقا رازى بولۇپ ... ئەمما ھازىر بەزىلەر ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى قانداقتۇر ئويۇن ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غەيرىي

مەقسەتلىرى ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان بولۇۋاپتۇ...
— ئاي، قويغىنا بىھۇدە ئەندىشلىرىڭنى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز
ھەيران بولۇپ يۈرمە! ھازىر ھەممە نەرسە، يېمەك - ئىچمەك
ھەتتا دۇكاندىكى ماللارمۇ ساختىلىشىپ كەتتى، ئەلۋەتتە كىشى-
لەرنىڭ ئىدىيىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنى مۇتلەق چۈشىنى-
ۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. قارا، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى بېلىقلارمۇ ھەر-
گىز تەبىئىي يېتىشتۇرۇلگەن ئەمەس، ئۇنى قانداقمۇ تارىم، ئىلى
دەرياسىنىڭ بېلىقلىرىغا ئوخشاتقىلى بولسۇن، جاھاننىڭ قانۇنى-
يىتى شۇنداق، بىراق ئۇنى ئىككىمىزنىڭ مۇقەددەس مۇھەببىتى-
گە تەڭلەشتۈرگىلى بولاتتىمۇ، يوقىلاڭ ئويلاردا بولمىغىنا؟!
— ھەي ... شۇنداقمۇ بولارمۇ، كۆن. گەپلىرىڭىزنى ئويلى-
سامغۇ شۇ.
— خاتىرجەم بول، ھازىر يولدىن چىققانلارمۇ چوقۇم بىر
كۈنلىرى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشىدۇ، بۇ ئالەمدە توۋا
قىلمىغان كىم بار؟
— ھەي، شۇنداق بولغاي، ئىلاھىم.
— بۇنىڭغا ئىشەن، ئاي. ھەممە ئاقىۋەتتە ئۆز قىنىغا چۈ-
شىدۇ. بىزدە «كاجنى بازار ئوڭلايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ، خۇد-
دى شۇنىڭغا ئوخشاش.
شەپەق قىزىرىپ، بارا - بارا سۇ ئۈستىگە شەلپەردەك دول-
قۇنلار پەيدا بولۇشقا باشلاپ جاھان قارايدى. كۆكتىكى يۇلتۇزلار
خۇددى ئايكۆل ئۈستىگىلا يىغىلىپ قالغاندەك ئەتراپتىكى چىراغ-
لارنىڭ نۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سۇ بېتىدە، كىشىلەرنىڭ
چىرايلىرىدا، كۆۋرۈكلەرنىڭ پولات سالاسۇنلىرىدا جىمىرلاشقا
باشلىدى. كۆل بويىدىكى رەڭدار، پۇراقلىق گۈللەر، تۆتقۇلاق-
لار، بېدىلەر، مەجنۇنتاللار تېخىمۇ تارتىملىق بولۇپ كەتتى.
قاراڭغۇنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ ھېلىقى بېلىقئالغۇچلار نە-
لەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ، بۇ سالقىن ماكان تېخىمۇ تىمتاسلىققا

چۆكۇشكە باشلىدى.
مەن كەچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا سەل تولغانغاندەك بولۇپ
كۈننىڭ سول يېنىدا ئۇنى چىڭ قولتۇقلاپ ماڭدىم.
ئېھ، يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىدا كۆل سۈيىنىڭ شوخ جى-
مىرلىشىنى تاماشا قىلىپ مۇھەببەتلىك پىچىرلاشلارنى مەڭگۈ
داۋاملاشتۇرساق دەيمەن! كۈننىڭ — مېنىڭ سۆيۈملۈك يۆلەنچۈ-
كۈمنىڭ ئەبەدىي مەن بىلەن بىللە بولۇشىنى، مېنى بۇ ئادەملەر
مىغىلداپ تۇرغان شەھەردە يالغۇز تاشلاپ، ئۆزى ئادەمسىز چۆل-
گە، گىياھلىرى، تاش - تۇپراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن، قۇم-
لىرى ئېقىشىنى بىلمەيدىغان چەكسىز بارخانلار ئارىسىغا كەت-
مىسە، مېنى ھەر زامان مۇشۇنداق مېھرى بىلەن پاناھىغا ئېلىپ،
قەلب چاقناقلىرىمنى قاندۇرۇپ تۇرسا دەيمەن.

## كۇندىن، يەردىن

كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەجدادىنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان
مۇشۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن دېيىشىدۇ. قەدىمكى ئوتتۇرا يۇرا
دەۋرىدە بۇ يەر چەكسىز كەتكەن دېڭىز، زەھەرلىك ئۆمۈچۈك ۋە
نەسلى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن ۋەھشىي سۈت ئەمگۈچى ھايۋان
— دىنوزاۋرلارنىڭ ماكانى ئىكەن. بۇ جاي تارىخنىڭ ئالغا قاراپ
يورغىلىشى بىلەن بارا - بارا سۇسىزلىنىپ، قۇرۇپ، قۇرغاقلى-
شىپ يەمەك دالاسى دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. تارىخ- تەزكىرە
كىتابلىرىغا شۇنداق پۈتۈلۈپ، بايلىق ماكانى گۈزەل ئالتاي تىز-
مىلىرىنىڭ غەربىدىكى مۇھىم مۇنبەت تۇپراق، كۆز يەتكۈسىز
يايلاق ھەم تۈگىمەس ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ
ئەينى دەۋردىكى دىنوزاۋرلارنىڭ تاشقاتمىلىرى يەر ئاستىغا ئاللى-
قاچان كۆمۈلۈپ چىرىپ بوپتۇ. ئېمىل سۈيى ئەتراپىقا يامرىغاندا
كۆكەرگەن ئۇلۇغ زېمىن، تاغلارنىڭ يامزاللىرىدا سىرغىپ، بۇل-

دۇقلاپ، پۇشۇلداپ تىنىپ چىقىشقان سۇنىڭ ئىس ـ تىم سىزغى-
شى بىلەن ھاسىل بولغان ئىبنۇر كۆلى، دەم ئۇزەنلىرىدىن پەيدا
بولغان بۇ تەبىئىي تۇپراق كىيىنچە يارىشىيازىقى دەپ ناملىنىدىغان
بوپتۇ. ئادەملەر كۆپىيىپ، ئىگىلىك راۋاجلىنىپ، قامۇسلارغا
پۈتۈلۈپتۇ. يەنە مىڭلىغان ئەسىر، قەنەلەر ئۆتكەندىن كېيىن
بولسا بۇگۈنكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان جۇڭغارىيە ئويمانلىقى
دېگەن نامدا ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر جەمەتنىڭ ئەجدادى بولغانىكەن، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ
ئەۋلادىمۇ بولىدۇ. مەيلى نەچچە مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ ئۇ توختاۋ-
سىز دەۋرلىنىپ، تەكرارلىنىپ، ئەبەدتىن ـ ئەبەدكە ئۆزگەرمەي-
دىغان قانۇنىيەت. شۇنداق قىلىپ، «ئۇلارنىڭ ئەجدادى قۇرۇپ
كېتىپتىكەن» دېگەن سۆزلەر ئۆسەككە چىقىرىلىپ، «كېيىنكى
ئەۋلادلىرى ئەتراپىمىزدا بار ئىكەن» دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ.
بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: «ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى قې-
رىپ چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن يەنىلا تېتىك ھەم خۇش چىراي ئىكەن، گوياكى قىران
چاغلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ
بالىلارنى ياخشىلىققا، دىيانەتكە ئۈندەپ يۈرىدىكەن» دېگەن گەپلەر
كۆپىيىپ قاپتۇ. قەدىمكى تۇگىمەس ئالتۇن ـ كۇمۇشلەرمۇ
مەڭگۈگە تۈگىمىگەننىڭ ئۈستىگە قارا ئالتۇن دەيدىغان
يەنە بىر خىل سۇيۇق ئالتۇنمۇ ئەمدى بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇ-
رۇشقا باشلاپتۇ. ئەجداد ھەققىدىكى پاراڭلارغا بەزىلەر: «ئۇ دې-
گەن مىش ـ مىش گەپلەر» دەپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىسىمۇ
يەنە رېئاللىققا كۆز يۇمۇشقىمۇ ھېچكىم پېتىنالماپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ئاخىرى شەھىرىمىزنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى دۆڭ-
لۈكتە ئاشۇ ئەجدادلاردىن قالغان ئىزلار، بۇلاقلار، ئۆي ـ زېمىن-
لارنىڭ ئىز ـ نىشانلىرى ھېلىھەم كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان
ھالەت شەكىللىنىپتۇ. تېخى يېقىنقى زاماندىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ

ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن پۈتكۈل يۇرت خەلقى ئۇلارنى: «ئۆز ئەۋلادىمىز، شەھىرىمىزنىڭ جان پىدا گۈللەندۈرگۈچىلىرى» دەپ پەخىرلىنىش ئىچىدە تىلغا ئالىدىغان بوپتۇ ... ئەنە شۇلار، ئاتا ـ ئانىسى ئەلمىساقتىن بۇيان ئىنسانىيەتنى بېقىپ كېلىۋاتقان كۈننى ئۇلۇغلاپ، بەختى كۈندەك كۈلۈپ تۇرىدىغان بەگ سۈپەت ئادەم بولسۇن، دەپ كۈنبەگ دېگەن ئىسىمنى؛ بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن قاراڭغۇ تۈننى يورۇتقۇچى تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، جامالىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت، ئۇلۇغۋار خىسلەتلەر يېغىپ تۇرسۇن، ئىرادىسى تاشتەك مۇستەھكەم، پەيلى شەيتانلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرسۇن، يەردەك ئۇلۇغ، مۇقەددەس، بەرىكەتلىك، چىدامىلىق بولسۇن دەپ ئاي ۋە تاشتىن ياسالغان ئايتاش دېگەن ئىسىمنى قويغان قوشنىلارنىڭ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئامراق بوغۇنلىرى بۇ گۈزەل، جۇشقۇن شەھەردە ياشاۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ ئاھالە ئىچىدىكى بەختلىك بىر جۈپلەر — كۈنبەگ بىلەن ئايتاش ئىكەن ...

مەن خاتىرەمگە ئاشۇلارنى يازدىم، كۈن. بەلكىم كېيىن ئىشتىن چۈشكەندە بۇ قۇرلىرىمنى كۆرسىڭىز كۈلۈپ كېتەرسىز ... مېنىڭ سېغىنىشىمنى، سىزگە بولغان تەشنالىقىمنى بېسىش ئۈچۈن قىلغان بۇ ئىشىمدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپمۇ قالارسىز. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى خۇددى بىراۋغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك «ئۇنداقكەن، مۇنداقكەن» دەپ يېزىپ يۈرسە ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك تۇرىدىكەن. ئەمما بۇ ئەمەلىيەت، تارىخىمىزدىكى رېئال ۋەقە بولغاندىن كېيىن كۈلكىلىك بولسىمۇ يېزىپ قويدۇم. ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار، ۋەقەلەر ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇش ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەسقۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇ قىلىقلىرىم قىزىق تۇيۇلارمۇ سىزگە، جېنىم! ...

چوڭ ئۆيلەرگە بارمىغان كۈنۈم، تەجرىبىخانىدا ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى، شېئىرلار-

نى يېزىشنى، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىزمۇ بىلىسىزغۇ. بۇ كۈن بويى خىمىيىلىك ماددىلار، ھەر خىل رەڭدىكى سۇيۇقلۇقلار، ئىمىر - چىمىر، ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرتى-يوز - سىخىملار، كومپيۇتېر ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇشلار، تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى چۈشۈرۈشلەر بىلەن ھېرىپ، زورۇقۇپ كەتكەن نېرۋىلىرىمنى، ئاغرىپ چىڭقىلىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى ئارام ئالدۇرۇشۇمدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلۇم.

بۈگۈن بەك چارچىدىم، كۈن. قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھېچبىر ئۈنۈمى بولمىغاندەكلا گاراڭ ھالەتتە كۈننى كەچ قىلدىم. سىزنى سېغىنىپ، كۆرۈشۈش تەشنالىقىدا ۋولقاندەك ھالەتتە كەلمەكتىمەن. ئەمما سىز جەرەنلەرگە ھەمراھ سۆكسۆك، يۇلغۇنلۇقتا، قىزىق پاراڭلار بىلەن ئىشداشلىرىڭىز ئارىسىدا ئولتۇرۇپ بىر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىۋاتقانسىز ھەرقاچان ... سىز يوق بولغاندىن كېيىن خاتىرەمنى يەنە بىر ئاز داۋاملاشتۇراي، ھە، راست، ئەمدى نېمىلەرنى يازسام بولار؟ ...

نېفىت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلدۇق، پەقەت بىر يىللا ئىلگىرى - كېيىنلىك پەرقىمىز بار، شۇنداقتىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن، رىزقىمىز قوشۇلدى. ئىككىلىمىز كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشتۇق (مېنىڭ جاڭگالدىكى جاپالىق ئىشلىرىمنى كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت دېگىلى بولامدۇ، دەپ دومسايماڭ يەنە). توي قىلىپ چوڭلارنى خاتىرجەم قىلغىنىمىزغىمۇ مانا ئىككى يىل بولاي دەپتۇ. تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق مۇڭ، زېرىكىش، سېغىنىشلار ئىچىدىكى شېرىنلىك بىلەن مەنىلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۆز قويىنىغا نۇرغۇن مەنىلەرنى يوشۇرۇپ ماڭىدىكەن. دېڭىز قوينىدا تۈمەنلىگەن مەرۋايىتلار، جاۋاھىراتلار يېتىلگەندەك، يەر قوينىدا تۈگىمەس مەدەن، رۇدىلار، نېفىت، ئالتۇنلار، ئالماس، كەھرىۋالار پەيدا بولغاندەك ئادەم-

نىڭ ھاياتىدىمۇ ئاجايىپ مەنىلەر جەملىنىدىكەن. بۇنى سىز مەن-
دىن ياخشى بىلىسىز، چۈنكى سىزدىكى ئاشۇنداق تۈگىمەس تۈيۇ-
لىدىغان خىسلەتلەر مېنى رام قىلغان... شۇڭا مۇشۇ تاپتا ئىككى-
مىزنى تارىختا ئۆتكەن يەتتە ئاشىق - مەشۇقنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ
سەككىزىنچىسى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، قىزىقمىكەن؟ كۈن، سۆز-
لىرىمنىڭ ئاخىرىغا مۇشۇ نەزمىنى پۈتۈپ قويدۇم. غايىۋى تۈيغۇ-
لىرىڭىز بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسىكەن دەيمەن:

كۆزلىرىم روشەن بولدى ئاھ سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن،
گۈللىرىم پورەك ئېچىپ كۈلدى سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن.
ھەر نەپەس ھىدلاپ مېنى قىلدىڭ يېگانە بەختىيار،
گۈلى رەيھان پۈرنىدىم دائىم سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن.
باغرىڭدا قىيغاتتىم كېيىكتەك شۇخلۇقۇم ئالەمچە بار،
كۆز يېشى ياتتۇر ماڭا جېنىم سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن.
جان تەسەددۇق ئەيلىدىڭ بىتاب بولۇپ قالغاندا مەن،
دىلخانام تاپتى شىپا يارىم سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن.
رەنجىشنى دوست دەپ بىلمىدىڭ ئەركىلەپ چىگسەم دىلىڭ،
مىڭ قۇياش تەپتىنى سەزدىم يارىم سېنىڭ سۆيگۈڭ بىلەن.
يوللىرىمنى توسۇسا گەر مۇشكۈل جاپالار دەممۇدەم،
پەرھاد كەبى تاغلارنى تەشتىڭ شۇ يىتۈك سۆيگۈڭ بىلەن.
قايسى ئاشىق سەن كەبى مەشۇق ئۈچۈن جان كۆيدۈرەر،
ئارمانى يوق شۇ گۈلۈڭنىڭ ياشىنىسا سۆيگۈڭ بىلەن.

## شېرىن دەملەر

ئاخشامنىڭ كىشىگە خۇشياقىدىغان يېنىك شامىلى پەردىلەر-
نى يەڭگىل يەلپۈتۈپ، روھىمىزنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. ئۆيىنىڭ

ئىچىدىكى ھەممە سەرەمجان كۆزلىرىمگە شۇ قەدەر چىرايلىق
كۆرۈنمەكتە. مەن ۋاقىتنىڭ خېلى كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي
ئۆي ئىچىلىك كىيىملىرىمنى كىيدىم - دە، ئەتراپىغا چىرايلىق
چىلتەك تۇتۇپ قولدا ئىشلىگەن ئەپچىل پەرتۇقۇمنى تارتىپ قويۇ-
نىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى — چۆچۈرىگە تۇتۇش قىلدىم.
بۇنداق پەيزى ئاخشامدا ئىككى كىشلىك چۆچۈرە دېگەن ماڭا
ئۇخشاش چاققان ئايالغا نېمىدى دەيسىز. بىر دەمدىلا مونچاقتەك
چىرايلىق چۆچۈرىلەر پەتنۇسقا رەتلىك تىزىلدى. كۈن، مىنىڭ
ئامراق كۈن بېگىم ساپادا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان
مەشھۇر رومانتىك فىلىم «چوغلۇق قىز» نى كۆرگەچ ماڭا ئوتلۇق
كۆزلىرى بىلەن باقاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يۈرىكىمنى كۆيدۈر-
گۈچى بىر نۇر، بىر ئۆچمەس يالقۇن تىنىمسىز دەۋرەيتتى:
خۇددى كىنودىكى باش پېرسوناژ، بىچارە ئاشىق يىگىت ئاماڭنىڭ
تەلپۈنۈشلىرىدەك بىر تەشنالىق ھەربىر بېقىشىدىن تۆكۈلۈپ تۇ-
راتتى. مەن ئۇنىڭ تاتلىق بېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تەمتىد-
رەپ ئىشىمغا تېخىمۇ ئىتتىك تۇتۇش قىلاتتىم. ئېكراندىكى
شېرىن سۆيۈشۈشلەر داۋامىدا مەنمۇ تېزرەك بىكار بولۇپ كۈننىڭ
قويىنىغا كىرىشكە، ئۇنىڭ باغرىدا ئېرىپ كېتىشكە ئالدىرايتتىم،
تەقەززا بولاتتىم.

چۆچۈرە پىشتى. بايىقى ئايكۆل بويىدا قىلىشقان گەپلىرى-
مىز، شەپەق قويىنىدىكى ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە، بىلىقلارنىڭ
شوخ پىلتىڭلاشلىرى، تىنىق ئاسماندىكى بىرە - بىرە جىمىرلاپ
تۇرغان يۇلتۇزلار، قىرغاقتا قولتۇقلىشىپ، پىچىرلىشىپ، پە-
خىلداپ كۈلۈشۈپ گاھىدا قىسقا - قىسقا سۆيۈشۈپ قويۇپ يەنە
قىلمىشىدىن ئۆيلىپ ئۆيدىكى مۇشۇ تاتلىق دەقىقىلەرگە ئالدىرا-
ۋاتقان بىز ... ئاھ، نېمىدېگەن بەختلىك مەن!

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مەن چاققانلىق بىلەن قا-
چا- قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ماڭا قاراپ تەلمۈرۈپ - تەلمۈرۈپ



www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغان تەشنايىمنىڭ قوينىغا كىردىم. يۇمشاق تۆشەك، ئوتلۇق كۆكرەك، ئېھ، كۇننىڭ مۇستەھكەم، قويۇق تۇكلۇك مەيدىسى! مەن ئاستا ئۇنىڭ مەيلىگە بويسۇندۇم. لىغىرلاپ تۇرغان نېپىز، سىلىق رۇباشكام ئاستا ئاۋايلىپقىنە ئۇستىگە سىيرىلدۇرۇلدى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، يېنىك، مەززىلىك پۇراق — مېنىڭلا خاس پۇرىقىم، قاڭقىپ تۇرغان چىرايلىق بىر جۇپ كۆكسۈم بولسا بوش، ئېھتىيات بىلەن سىلىق تۇتۇلدى. ۋۇجۇدۇم كۆيۈپ بارلىق قىزىقلىق كۆكسۈمنىڭ تۇپچىسىغا، لەۋلىرىمگە، بويۇنلىرىمغا يىغىلغاندەك، بىر چىڭقىلىش يۇردكىمدىن، تومۇرلىرىمدىن، مېڭەمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، ھەممە ئەزالىرىم بىر يۇكسەك شېرىنلىك ئىچىدە لەيلەپ تۇرغاندەك بولدۇم. تېرىلىرىم چىڭقىلىپ، تارتىشىپ، پەيلىرىم تېخىدمۇ چىڭىپ كەتكەندەك ئىدىم. كۇن تەشنالىق، قىيالماسلىق، ئامراقلىق بىلەن لەۋلىرىمگە، بويۇنلىرىمغا، كۆكسۈمگە، يەلكىدلىرىمگە سۆيۈپ، ئوتلۇق تىنىقلىرى بىلەن مېنى كۆيدۇرۇپ - كۆيدۇرۇپ ھارمايتتۇق ...

— ئەتە كەتسىڭىز يەنە قاچان كۆرۈشىمىز ئەمدى، كۇن، — مەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى بىلەكلىرىمدىن ئاجرىتىپ قىيالماسلىق ئىچىدە شۇنداق سورىدىم.

— ئۇچ ئاي دېگەن ھەش - پەش دېگۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، نېمىگە چىدىمايسەن، ئاي.

— سىز چىدايدىكەنسىز دە ئەمىسە؟

— ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس، مېنىڭمۇ چىدىمايدىغىنىم ساڭا ئايانغۇ، ئاي. شۇ قۇملۇقتا، تۆمۈر - تەرسەكلەرنىڭ ئارىسىدا، بۇرغىنىڭ سۇرلۇك ئاۋازى ئىچىدە يۇرۇپ سېغىنمايدۇ، قىينالمايدۇ دەمسەن مېنى؟

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن مەن ...

— بولدى، كۆڭلۇڭنى چۇشىنىپ تۇرىمەن، بىر يۆتكىلىپ

كىرىۋالسام ئىدى ...

— بولدى، كۆن. ئۇنداق دەپ ماڭا قورقاق سالماڭ. سىز-مۇ، باشقا خەقمۇ ئالدىنقى سەپتە ئىشلەشتىن قاچسا ئۇ چاغدا...

— بۇ گېپىڭ بولىدۇ. مانا بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۆڭلۈڭدىكى غەم بۇلۇتلىرىنى ھەيدىۋەتتىڭ ـ دە.

— ۋىيەي، دېگەن گېپىنى ئەمدى ...

— شۇڭا مېنىڭ قەلبىمنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان تولۇن ئاي دەيمەنغۇ سىنى.

— ھە، بولدى، ئەمدى مىنى ئۇچۇرۇپ تېخىمۇ ئەركە قىلىۋەتمەڭ يەنە.

— ئەركە قىلسام، قانچە ئەركىلەتسەم ئەرزىيدۇ سىنى، جېنىم ئاي.

مەن ئۆزۈمنى تەسۋىرلەپ ئۇلگۇرگۈسىز لەززەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك سىزەتتىم. خۇددى شۇ تاپتا ئۆيۈمدىكى ھۇجرىدا، يۇمشاق تۆشەك ئۈستىگە قىزغۇچ شولا چۈشۈرۈپ تۇرغان خرۇستال مونچاقلىق چىراغ ئاستىدا، قىلىن پەردىلەر ئىچىدىكى خاس دۇنيادا ئەمەس، بەلكى يۇلتۇزلىرى چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدا، تۆت ئەتراپىغا كۆز يەتمەس تىمتاس دېڭىزدىكى يېگانە قولۋاق ئۈستىدە شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلۈپ ئۆزۈپ كېتىۋاتقان پەرىشتىدەك ھېس قىلاتتىم. يۈرىكىم خۇشاللىق، بەختىيارلىق ئىچىدە «ۋاك» قىلىپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك، كۆزلىرىم شادلىقتىن چاقناپ ـ چاقناپ كۆكتىكى قايسىدۇر بىر يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك، تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىم دولقۇنلاپ، ئۆركەشلەپ ئاخىرى بېرىپ ئاشۇ چەكسىز دېڭىزغا قوشۇلۇپ ئۇنى ۋاراقشىتىپ قايناتىۋېتىدىغاندەك ئىدى. كۆڭگە بولغان ئامراقلىقىم، تەشنالىقىم ھېچ بېسىلىدىغاندەك قىلمايتتى.

مەن ئاستا ئۆرۈلۈپ ئاڭا يۈزلەندىم. ئۇمۇ قانداقتۇر بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىيال ئىچىدە ئۆزۈپ يۈرگەندەك تورۇستىكى چىراغقا قاراپ كۆلۈمسىرەپ ياتاتتى. ئاستا كۈننىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىمنى باستىم، شېرىن، ئىسسىق سۆيۈشلىرىم بىلەن ئۇنى خىيال قوينىدىن سۇزۇپ چىقماقچى بولدۇم.

— كۈنۈم، مېنىڭ كۈن بېگىم، — دېدىم ئۇنىڭ ئەسەبىي سۆيۈشلىرى ئىچىدە تىنىقلىرىم يېتىشمەي، — مېنى يالغۇز تاشلىماڭ، ماڭا بىر ئوغۇل بېرىڭ، بىر ئوماق ئوغۇل ... بۈگۈن ... ھازىرلا ...

مەن ھوشۇمدىن كەتكەن بويى شېرىن چۈش ئىلكىدە ئۇخلاپ چىقتىم. تىنىقلىرىم ئوت، نەپەسلىرىم يالقۇن، كۆزلىرىمدىن بىر ئۇچقۇن، بىر بەختىيارلىق ۋولقىنى چاچرايدۇ. تاڭ ئاتماسلىقنى، مەڭگۈ كۈنۈمنىڭ باغرىدا ئېرىپ كېتىشىمنى، ئۇنىڭ تىنىقلىرىغا، ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىشنى ئىستەيمەن ...

ئاخىرلاشمايدىغان قىش، تاڭ ئاتماس كېچە بولمىغىنىدەك ئاخىرى تاڭ ئاتتى. يۇيۇنۇپ بولۇپ ئەينەكتىكى چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىمگە قاراپ كۈلۈپ قويدۇم. مەڭزىلىرىم قىزىرىپ، تېنىم يەڭگىللەپ، تېرىلىرىم پارقىراپ كېتىپتۇ، پاك، سەممىي ۋە ئوتلۇق سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئاجايىپ تەڭداشسىز بولىدىغانلىقى ھەممە قىياپىتىمدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەن مۇشۇ بەختىيار ھالىتىمدە مەڭگۈ قالسام، كۈننىڭ مېھرىلىك سۆيۈشلىرى ئەۋجىدە ئۆزۈمنى دائىم ئۇنتۇپ قالسام، دەپ ئويلىدىم.

مەن كۈننىڭ تازىلىق ئۆيىدىكى ۋاقتىدا ناشتىلىققا كېتەرلىك تەييارلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ ئۇنى يەنە بىر خۇش قىلىۋېتەي، دەپ ئويلىدىم - دە، پەرتۇقنى تارتىپ ئاشخانا ئۆيگە چىقتىم.

— ۋوي، بۇ نېمە ئىش؟ — مەن ھەيران بولغىنىمدىن شۇنداق دەپ توۋلىۋەتتىم. كۈن ناۋات رەڭ بالداقلىق ئۇخلاش كىيىمى بىلەن چاچلىرى رەتلىك تارالغان، ساقىلى كۆڭۈل قويۇ-

لۇپ قىرىلغان هالدا كۈلۈپ شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. شىرەدە چىرايلىق قىلىپ بولكا هالىتىگە كەلتۈرۈپ تونۇلغان نان، خرۇستال ۋازىدا مارجاندەك چاقناپ تۇرغان قىزىل ئۈزۈم، ئالما، كىچىك تەخسىلەردە ياڭاق، ئۈرۈك مېغىزلىرى، مودۇر-چوقۇر نوقۇت گۈللۈك خرۇستالدا چۇچۇمەل پۇراپ تۇرغان سالات، ۋارىنا قۇتىسىدا ئەنجۈر مۇراببا‌سى، يەنە پۇراقلىق قەغەز، قوش مۇشتتەك چوڭلۇقتىكى قەشقەر مىس چەينىكى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر جۈپ نەقىشلىك پىيالە …

— ياخشى ئۇخلىدىڭمۇ، ئاي؟

— هەئە، ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ، سەهەرلا تۇرۇپسىز؟

— قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتىم، ئاي. ئۇيقۇم بالدۇرلا ئېچىلىپ كەتتىغۇتاڭ.

— ۋوي، قانداق قارا بېسىپ قاپتۇ، ئېيتىپ بېرىڭە ماڭا؟

— هە، بىر چوڭ تاللا بازاردا يۈرگۈدەكمەن، ئۈچ - تۆت ئاغىنىلەر بارمىشمىز، يەر ئاستىدىكى بازار بولغاچقا غەيرىي پۇراق هەممە يەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ، دەپ غودۇڭشىپ قويغۇدەكمىز. بىر چاغدا ئالغان نەرسىلەرنى بالىلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ هاجەتخانىغا مېڭىپتىمەن، ئاستىغا قىزىل گىلەم سېلىنغان خېلى ئۇزۇن كارىدور بىلەن ئۇ يەرگە بارىدىكەنمىز، كەينىڭگە قارا دېگەندەك بولدى، قارىسام، سۈرەتتەك چىرايلىق بىر قىز قولىدىكى بوۋاقنى (يالغان بوۋاق دەپمۇ ئويلىغۇدەكمەن) ماڭا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولۇپ، هەدەپ يېڭىمنى تارتقۇچلىغۇدەك … مەقسىتى مېنى بۇ خالىي جايدا هوشسىزلاندۇرۇش دورىسى بىلەن مەست قىلىپ قويۇپ يانچۇقۇمدىكى بىر باغلام پۇلنى بۇلاپ كەتمەكچىمىش، مەن چاققانلىق بىلەن ئەرلەر هاجەتخانىسىغا كىرىپ يانفون ئارقىلىق ئاغىنىلەرگە تېلېفون قىپتىمەن، ئۇلار كەلگەندە هېلىقى گۈزەل بۇلاڭچى ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىكەن … تۇۋا، بۇ جاهاننىڭ قالايمىقانلىقىنى دەپ يۈرىكىم سىلىپ ئويغىنىپ كەتتىم. تەرلەپ، نەپەس ئالالماي قاپتىمەن دېگىنە.

— دىققەت قىلسىڭىز بولغۇدەك ئەمەسە، گۈزەللەر مەست قىلىپ سىزنى مەندىن تارتىۋالمىسۇن يەنە. مەن ئاغزىمدا شۇنداق دەپ قويۇۋاتساممۇ يەنە بىر جەھەتتىن تۈنجى قېتىم كۆندىن كېيىن تۇرۇپ قالغىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئۈيلىپ كېتىۋاتاتتىم ھەمدە تەمتىرەش ئىچىدە بەرگەن جاۋابىممۇ مۇجمەل بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

— كەل، ئولتۇر، ئاي. نىمە؟ مىجەزىڭ يوقما؟ — بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ بىرئاز جىددىيلەشكەن كۆنبەگ دەرھال شۇنداق سوراپ كەتتى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، شۇنداق ياخشى تۇرۇپتىمەن، بىراق مېنى بەك خىجىل قىلىۋەتتىڭىز، كۆن. قاراڭە، ئاۋارە بولۇپ كەتكىنىڭىزنى، — دېدىم مەنمۇ جىددىيلەشكىنىمنى بېسىقتۇرۇشقا تىرىشىپ.

— نىمىلەرنى دەيدىغانسەن. قېنى، چاي ئىچە، ھە، مانا، مانا، ئۆز قولۇم بىلەن ...

— ۋاي، بولدى، ئۆزۈم قۇياي، مەن ...

بىز شۇنداق تەكەللۇپلار ئىچىدە ناشتا قىلىشتۇق. ئۇنىڭ تىنىقلىرى ئۇرۇلغان مەڭزىلىرىم، بويۇنلىرىم يەنىلا شۇ كېچىدىكى ھالىتىدە كۆيۈشۈپ، مېنى ساراسىمىگە سېلىپ تۇراتتى.

سائەت يەتتە بولمايلا ئۇنىڭ ئەترىتىنىڭ ماشىنىسى پەستىن سىگنال بەرگىلى تۇردى.

— مەن ماڭاي، ئاي. ئۆزۈڭنى ياخشى ئاسرا، مېنى تولا ئويلاپ ئاغرىپ قالما يەنە.

— خوش، كۆن. مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، دائىم ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىتىپ تۇرۇڭ، ئەنسىرەتكۈزمەڭ!

— خاتىرجەم بول، ئاي. مەن سېنىڭ يۈرىكىڭدە بولساملا ...

مەن ئۇنىڭغا گىرە سېلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈزمىدىم. ئۇ مېنى بىرنى سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ يۈرىكىمنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يۈلغۈن قىزارغان دالا

كۆزنىڭ ئاپتىپى يەنىلا خېلى كۈچلۈك ئىدى. يەرلەر، قۇم دۆڭلىرى، چاكاندىلار، تۇغراقلار سارغۇچ ھالەتتە بوش تىترەيتتى. «ئاپتاپتا شۇنداق كۆرۈنەتتى» دېسە تېخىمۇ ئەمەلىي بولاتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردىكى قىزىل چېكىتلەر كۆيۈۋاتقان ئوت، لەپىلدەۋاتقان تۇغ ياكى غايەت زور ئىستانوكلۇق ماشىنىدىن دېرەك بېرەتتى. ماشىنا جەرەنبۇلاقتىن ئۆتۈپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، كونا قۇم ساھىلىنىڭ قويۇق توغراقلىق باغرىنى يېرىپ كەتكەن نېفىتلىك يولىدا توپا توزۇتقان ھالدا جۇڭغارىيەنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈرۈپ كەتتى. يەنە بىردەم ماڭسا مەشھۇر شەيتانكەرش يارداڭلىقىدىن ئۆتۈپ شازىگەي دېگەن زور نېفىت بەلۋېغىغا كىرەتتى.

تەپتى يانمىغان ئوتلۇق قۇياش زېمىننى قىزىتىپ كىشىنى جاندىن جاق تويغۇزاتتى، بەدەنلەردىن، چېكە، گەدەنلەردىن شۇرۇلداپ ئېقىۋاتقان تەرنىڭ ئاچچىقلىقىنى بىر دېمەڭ. كۈنبەگلەرنىڭ ئەترىتى ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىش تۈرلىرى بويىچە خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. گاھى بوش كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلسا، گاھى كەچ - سەھەرلەردىكى يېنىك سالقىن دولىنى قورۇپ ۋۇجۇدلارنى راھەتلەندۈرەتتى. بۇ يەردە يېتىش - قوپۇش، تاماق ۋە بارلىق پائالىيەتلەر بىرتۇتاش قىلىناتتى. پەقەت زېرىكىش، ئائىلىنى سېغىنىش، خىيال دېگەندەكلەرلا ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولاتتى. دەسلەپكى بىر ئايلىق ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن ئانچە بىلىنمەي ئۆتتى، كېيىن بولسا ھەربىر سائەت ۋاقىتمۇ بىر يىلدەك تۇيۇلىدىغان بولدى. دالا قىزىرىپ، قۇملار تېخىمۇ تاۋلىنىپ، توغراق غوللىرى قېتىشىپ، ياش نوتىلارنىڭ

قاسىراق ـ قوۋزاقلىرى يىرىكلىشىشكە باشلىدى.
قوٴياش غەربكە قىيسىيىپ ئىسسىق تەپتى سەل پەسەيگەندىن
كېيىن، كوٴنبەگ ئەترەتنىڭ بىرەر يوٴز مېتىر غەربىگە جايلاشقان
قوٴم دوٴۋىسىگە چىقتى. ئەتراپ قىزىرىپ خوٴددى غايەت زور ئوت
دوٴۋىسى ئىچىدە قالغان ئورمانلىقتەك كوٴروٴنەتتى. يوٴلغوٴنلارنىڭ
نازوٴك چېچەكلىرى «يال ـ يال» ئوت چېچىپ توٴرغاندەك هالەتتە
يىراقتىن ـ يىراققا سوزوٴلغانىدى. بىر چېتى گويا ئوٴپوٴققا توٴتوٴ-
شوٴپ كەتكەندەك كوٴروٴنىدىغان بوٴ مەنزىرە كىشىگە تاغنىڭ ئوٴستىد-
ـدە توٴروٴپ، كەچكى شەپەقنىڭ قوينىغا غەرق بولغان بوٴلوٴت توٴر-
كوٴمىنى كوٴروٴۋاتقاندەك توٴيغوٴ بېرەتتى. ئەنە لەڭ ئوٴروٴپ ئېقىۋات-
ـقان شاش ئېقىندا ئېغىر كېمىلەر ئوٴزمەكتە، قىرغاقنى كوٴرگىلى
بولمىسىموٴ قويوٴق بوٴلوٴت ئارىسىدىن بىرىنىڭ كوٴچەپ ئېيتقان
موٴڭلوٴق ناخشىسى ئاڭلانماقتا. نېلوٴپەر گوٴللىرى پىرىلداپ لەي-
ـلەپ چوڭقوٴر قايناملارنى هاسىل قىلغان بوٴلوٴتلار توٴرگوٴنى ئىچىدە
پانوٴستەك چاقنىماقتا. توٴروٴلوٴپ ـ توٴروٴلوٴپ كېلىۋاتقان بوٴلوٴتلار
قوٴياشنىڭ ئاخىرقى نوٴرلىرىغا رەهمەت ئېيتماقچى بولغاندەك نوٴ-
ۋەت بىلەن قىرغاققا — هال رەڭ شەپەق ئىچىدىكى كوٴنبەگنىڭ
ئايىغىغا ئوٴروٴلماقتا. توٴيوٴقسىز بوٴلوٴت ئوٴستىدە پەيدا بولغان
ئايتاش قوللىرىنى پوٴلاڭلىتىپ توٴروٴپ:
— قـاراڭ، كـوٴن. ئـاۋوٴ بـېلىقچى قـوٴشنىڭ چاقچانلىد-
ـقىنى...— دەپ كوٴنبەگنى چوٴچوٴتوٴۋەتتى.
خىيالىدىن ئوٴزىگە كەلگەن كوٴنبەگ ۋاقىتنىڭ خېلى كەچ
بولوٴپ قالغىنىنى هېس قىلدى. ماتورلارنىڭ چىراغلىرى ئاللىقا-
چان ياندوٴروٴلغان، تاماق يېيىلىپ كوٴندوٴزلوٴك ئىسمېنىدىن
چوٴشكەنلەرنىڭ كەچلىك دەم ئېلىشى باشلانغانىدى. هارغىن قە-
دەملەر بىلەن كىرىپ كەلگەن كوٴنبەگنى كوٴرگەن ياسىن قولىدد-
ـكى كىتابنى قويوٴپ سورىدى:
— نەگە كەتتىڭ، كوٴن ئاداش. جىندەكلا يوقاپ كەتتىڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىردەمدە، تاماقمۇ يېمىدىڭ؟

— ھە، مۇنداقلا چۆرگىلەپ كەلدىم.

— چۆرگىلىگۈدەك نە بارەۋا بۇ يەردە ... قىزىق.

— ئۇ ئوقۇۋاتقىنىڭ نېمە كىتاب، ئەكېلە ...— كۆنبەگ ياسىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئالدى، — «تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى». بۇ قانداق كىتاب؟!

— ئەكەل، مەن ئوقۇپ بېرەي. سەن خېلى رومانتىك نېمىغۇ، كىتابتا مۇنداق ھېكايە قىلىنىپتۇ. ھيوگو توغرىسىدا ...

— نېمە ھيوگو، نېمە دەيدۇ ماۋۇ، — كۆنبەگ ۋىكتور ھيوگونى خېلى پىششىق بىلەتتى. ئۇنىڭ «خارلانغانلار» رومانىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «پاجىئەلىك دۇنيا» دېگەن كىنونىمۇ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ يەنە «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋى» دېگەن داڭلىق كىنوسىمۇ بار ئىدى. كۆنبەگ كىنودىكى سىگان قىزى بىلەن ئاق كۆڭۈل دۈمچەك كاشىمۇدۇغا بەك ھېسداشلىق قىلاتتى. شۇڭا ھيوگو ھەققىدىكى پاراڭغا قىزىقىپ قالدى، — ھە نېمە دەپتۇ؟

— ھيوگو مۇنداق سوئال چىقىرىپتۇ، ئاڭلاپ تۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەن يازغان «پاجىئەلىك دۇنيا» دېگەن رومان ياپونىيىدە «ئاھ! رەھىمسىزلىك» دەپ تەرجىمە قىلىنىپتۇ. توغرا، پۇل دېگەن بۇ نەرسە ھەققەتەن رەھىمسىز، بىراق مەن پۇلنىڭمۇ رەھىمى بارلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاڭلىشىمچە، بۇرۇن ئىككى قوشنا دۆلەت بولۇپ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى يامان ئەمەسكەن. ئۇلار ئۆزئارا سودا ئالماشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى پۇللىرىنىمۇ ئۆزئارا ئىشلىتىدىكەن. يەنى A دۆلەتنىڭ يۈز يۈەن پۇلى B دۆلەتنىڭ يۈز يۈەن پۇلىغا باراۋەر ئىكەن، لېكىن كېيىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇنا-

سۆتى يىرىكلىشىپ قاپتۇ. گەرچە خەلقلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا بارىدى ـ كەلدى بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ A دۆلەتنىڭ پادىشاھى B دۆلەتنىڭ يۈز يۈەن پۇلىنى A دۆلەتنىڭ توقسان يۈەن پۇلىغىلا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇ-نىڭدىن كېيىن B دۆلەتنىڭ پادىشاھىمۇ A دۆلەتنىڭ يۈز يۈەن پۇلىنى B دۆلەتنىڭ توقسان يۈەن پۇلىغا ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، لېكىن دانىشمەن بىر كىشىنىڭ قولىدا گەرچە A دۆلەتنىڭ قەغەز پۇلىدىن ئاران يۈز يۈەنلا بولسىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرنى ئون قىلىپ بېيىپ كېتىپتۇ ...

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن جىق سوئال بۇ، ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ! — كۇنبەگ غودۇڭشىپ قويدى.

— بولدى، غودۇڭشىماي جاۋابىنى تېپىپ باقە؟ — ياسىن بولدى قىلمايدىغاندەك ئىدى.

— شۇنىمۇ بىلمەمدا كىشى، ئاڭلاپ تۇر، قەغەز يۈزىدىكى مەزمۇنلار ئادەتتە ئابستراكتلاشقان رېئاللىق. تەپەككۇر قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئابستراكت دۇنيادىن دەررۇ جانلىق رېئاللىققا بۇرۇلۇش بەزىدە ھەممىشە ئوڭۇشلۇق بولىۋەر-مەيدۇ. دانىشمەن مۇشۇ نۇقتىنى بايقىۋالغان - دە، بېيىپ كەت-كەن. قانداق تاپتىمۇ!؟

— ۋۇي، دېگەنلىرىڭ خېلى جانلىق گەپتەك قىلىدىغۇ؟ توغرا، شۇنداق ئىشلارمۇ بولىدۇ جاھاندا. بۇ يەردىكى دانىشمەن ھېوگۇمۇ ياكى سەنمۇ ھوي.

— ئا... بولدى، قويە چاقچىقىڭنى ...

يۇلغۇن قىزارغان دالىدىكى كۇنلەر ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، كېيىنكى ھەپتىسىمۇ ئەنە شۇنداق زېرىكىشلىك، سىغىنىش، كىتاب ئوقۇش، كۆڭلى يېقىنلار تاغدىن ـ باغدىن مۇڭدىشىشلار بىلەن ئۆتتى. قۇدۇقنىڭ مېتىراژى پىلاندىكى نىشانغا يېقىنلاش-قانچە كۇنبەگنىڭ قەلبىدىكى تەشنالىقمۇ ئېشىپ باراتتى.

سەھەر يېغىشقا باشلىغان يامغۇر تاكى پېشىنگىچە سىمىلداپ ئىشلارنى بىرئاز ئاقسىتىپ قويدى. ئەتراپ شۇنداق جىمجىت؛ دالادىكى يۇلغۇنلارنىڭ نوتىلىرى يۇيۇلۇپ، قىپقىزىل چېچەكلىرى پارقىراپ، يالتىراپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. شاخلاردا پىلدىرلاپ تۇرغان تامچىلار شۇ قەدەر تارتىملىق ئىدى؛ كۆنبەگ ياتاقتا كىرىپ خاتىرىسىگە مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ قويدى.

ئاھ، يۇلغۇن قىزارغان سۆيۈملۈك دالا! بۈگۈن كۆنگە شەنبە، غېرىبلىسىنىشلىرىمنى بېسىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىۋالتىمەن. سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر توختىمايۋاتىدۇ، غازاڭلار بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. بىرەيلەن ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، يامغۇر ماڭا كۆلۈمسىرىگەندەك تۇيۇلىدۇ، پەقەت سەنلا يېنىمدا يوق، ئاي! ...

## ۋەھىمىلىك چۈش

بۈگۈن دوستۇم كۆمۈش مېنىڭكىدە قونۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش بولمىساممۇ، خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان تونۇشۇپ خېلى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغاندۇق. شەخسىي تۇرمۇشىمىز ھەققىدە ئانچە ئىنچىكىلەپ گەپلىشىپ كەتمەيتتۇق، ئەمما بەزى جەمئىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە ئۇ ماڭا قارىغاندا كۆپرەك بىرنەرسە بىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۆپىنچە قىز - ئوغۇللار مۇناسىۋىتى، مال باھاسى، ئىنتېرنېتتىكى مەسىلىلەر، تورداشلار ئارا دوستلۇق، خەلقئارا ۋەزىيەت دېگەندەكلەرگە بەكرەك قىزىقاتتى. مەن مۈگدىشىپ ئولتۇرۇپ سائەتنىڭمۇ ئون بىر بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قاپتىمەن. بايا خۇيزۇ ئاشخانىسىدا بىللە يېگەن توخۇ قورۇمىسى ئاللىقاچان سىڭىپ بولۇپ قورساقلار كورۇكىراشقا باشلىغانىدى. مەن كۆمۈشنىڭ قىزىق گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ تېز - تېز ھەرىكەت بىلەن بىر ئىستاكاندىن قەھۋە

دەملىدىم، ئاندىن شىرەگە يەل - يېمىش، باقالى، پىرەنىك، تۇش، ئالما، نەشپۈت تىزىپ ئۇنىڭ گېپىگە قايتىدىن قۇلاق سالدىم.

— قارا، ئاداش، سەن - بىز لەر دىققەت قىلمىغان بىلەن ھازىر جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ئىشلارنى ئاڭلىساڭ ... ۋىيەي، نېمىسىنى دەيسەن. ساپ ياش قىز - چوكانلار بىر جۈپتىن بولۇپ ئوينايدىكەن، — دېدى ئۇ سۆز تېمىسىنى بۇراپ.

— نېمىنى دەيسەن؟ — مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قېلىۋاتاتتىم.

— نېمىنى بولاتتى، ئاداش، شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ ھازىر ئەر- ئايالار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى قىزلار بىلەن قىزلار تارتىۋالغان گەپ دەيمەن، ئاڭلىسام ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىمۇ بارمىش بۇ ئىش. ھەتتا چوڭ شەھەرلەردە ياتاق ئاچقۇزۇپ ئىككى قىز بىللە قونىدىكەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئەمدى؟ ۋاي، خۇدايىم! ئۇلار نېمىش قىلىدۇ ئۇنداق قىلىپ.

— ۋاي ... جىنسداشلار مۇھەببىتى دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟ ئۇلار شۇ ... مۇنداق ... مۇنداق ...

— ۋاي ئۆلەي، نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ بۇ جاھان.

— ھازىر ئاق چېكىش، ئەيدىز يۇقتۇرۇش - تارقىتىش، ئوغرى - بۇلاڭچىلىق دېگەنلەر بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى. ھەممىسى شۇنداق قىلسا كېيسەلدىن يىراق بولغىلى بولىدۇ، پاكىز، كىشىلەر ئاسان سېزەلمەيدۇ، دەپ قاراشقۇدەكمىش.

— ئىشلار بۇنداق بولىۋەرسە جاھان خاراب بولمامدۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىدىن قانداق ئېغىز ئاچقىلى بولار ئەمدى، ۋاي، خۇدايىم! توۋا قىلدىم.

— ھەي، بولدىلا، جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق مۇرەككەپ، سىرلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى. ئاھ چېكىپ

جان تۇشامدۇ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئاداش. ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي غېمىڭدە يوق گەپ قىلىسەنغۇ، ھەممىنى ئۆزۈڭ دەپ تۇرۇپ

— قانداق قىلىسەن ئەمدى؟ «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىكچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىكچە» دەپتىكەن، ئوھوش ...

— ۋۇي، بۇ گېپىڭدىن قارىغاندا سەنمۇ شۇ قايىنامغا كىرىپ چىققان ئوخشىمامسەن ئەمىسە؟!

— ياق، ياقەي، سەنغۇ ئەقىللىق، ئەمدى مەن دېسەم، ئاداش، ھازىر ئۇنداقلار نۇرغۇن جەمئىيەتتە، سەنمۇ جىم يۈرۈۋەرمەي بىرەر ئىش تېپىپ ...

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن، كۇمۇش. بۇ گەپ ئاغزىڭدىن قانداق چىقىۋاتىدۇ سېنىڭ؟! سەن ...

— ۋاي بولدى، تاۋى نازۇك، بىر گەپنى دەپ بولغۇچە ...

— بولدى، بولدى ـ ھە، كۇمۇش. ماڭا ئىككىنچى بۇنداق گەپنى قىلغۇچى بولما، مەن ئاڭلىماي. مېنىڭ تاغدەك ئىرىم بار ئادەم، ئۇنى جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن، سەن مېنى نېمە قىلاي دەۋاتىسەن ـ ھە!؟ ...

— ۋۇي، كىمدىن قالمىغان جاھان، كىملەر قىلمىغان ئىشلار ئۇ، نېمانچە چېچىلىسەن ئەمدى. ئەر دېسەڭ مېنىڭمۇ بارغۇ ...

— نېمىدەپ چېچىلمىغۇدەكمەن، مەن ئۆز بەختىمنى، ئۆز مۇھەببىتىمنى، ساداقىتىمنى ساقلاش ئۈچۈن ھەتتاكى ئۆلسەممۇ ...

مەن جالىلداپ تىترەپ كەتتىم، ئاچچىقىمدا كۆزلىرىم چەكچىيىپ، چاناقلىرىمدا ياش كەلكۈنى دەۋرەپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم، ئۇنى قونۇپ قالاي دېسە «ھە» دەپ باشلاپ كەلگىنىمگە مىڭ مەرتەم پۇشايمان قىلىۋاتاتتىم شۇ تاپتا ...

— ھە، بولدى، خاپا بولمىغىنا، ئاداش. قېنى ئورۇن

راسلا، ئارام ئالايلى ئەمدى، — ئۇنىڭ ماڭا دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتقاندەك بولدۇم - دە، يان ئۆيگە چىقىپ ئورۇن راسلىدىم. ھۇجرا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى بولسا مەھ-كەم ئېتىپ قويدۇم. چۈنكى، كۈنبەگ بىلەن ياتىدىغان خاس ئۆيگە يات بىرەيلەننىڭ كىرىشىنى ئەزەلدىن خالىمايتتىم.

كۆمۈش چىرايلىق قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن كۆل رەڭ پۇرمە رۇباشكا ئىچىدە ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ سۇتتەك يوتقانغا كى-رىپ ياتتى. مېنىڭ ھېچبىر ياتقۇم كەلمەيۋاتاتتى. بايات-ىن ئاڭلىغان گەپلەر يۈرىكىمدە تىنىمسىز غەليان كۆتۈرۈپ، مېڭەم چىڭقىلىپ، ئىدىيەمدە مۈرەككەپ، ئاچچىق، قوبۇل قىلغۇسىز بىر زىددىيەت ھۆكۈم سۈرۈپ تولىمۇ بىئارام بولاتتىم. «توۋا قىلدىم، خۇدايىم! ‹ئايال كىشىنىڭ دوستى يوق› دېگەن گەپ راستمىكىنە؟ نېمە دەپ يۈرىدۇ دوستۇم دەپ يۈرگەن ئادىمىم» دەپ ئويلايتتىم تەكرار - تەكرار. مەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ خالار-خالىماس ھالدا ياستۇققا يۆلەندىم. خىيالىم چېچىلىپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ، كۆزلىرىمدىن غەزەپ يېشى لىغىرلاپ تۇراتتى. سۇزۇك پەردىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە چۈشكەن ئاي شولىسى كۆمۈشنىڭ غەمسىزلىك ئىچىدە تەبەسسۇم قىلىپ ياتقان چېھرى-گە، بويۇنلىرىغا، سەل ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق كۆكسىگە چۈشۈپ ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق، ئىسمى - جىسمىغا لايىق كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. «توۋا! — دېدىم مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مۇشۇ قەدەر چىرايلىق، كېلىشكەن ئايالنىڭ دەپ يۈرگەن گەپلىرى، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى - ھە! نېمىمۇ دېگۈلۈك ئەمدى» . مەن چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازاب ئىچىدە ئۆرتى-نىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، كۈنبەگنى، ئاتا - ئانامنى، ئوقۇغۇ-چىلىق دەۋرىمدىكى سەبىي ئوماق قىلىقلارنى ئويلاپ چىقتىم.

سائەت كېچە ئۇچكە بەلگە بەردى. كۆمۈش يېنىمدا پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلىماقتا. ئۇنىڭمۇ كېلىشكەن ئېرى، يەنە بىر تاتلىق

قىزى بارغۇ؟ شۇلارنىڭ خىزمىتىدە يۈرۈپ تۇرمۇشىنى دۈرۈس
يول بىلەن ئۆتكۈزسە نېمىشقا بولمىغۇدەك. ئۇنىڭ تۇرقى-سىرت-
دىكى ئىپادىسى شۇنداق ياخشى، ئۆزى پاكىز، چىرايلىق، ئالىي
مەلۇماتلىق، سىرتتىن قارىغان كىشى ھەرگىز ئۇنى باشقىچە
خىياللاردا بولىدۇ، دەپ ئويلىمايدۇ. ھەتتا مەنمۇ ... لېكىن
بۈگۈن مېنى يېقىن كۆرۈپ دېگەن گەپلىرى، ھەتتا غەيرىي يولغا
ئۈندەشلىرى ... ئاھ، خۇدا! بەندەڭنى شەيتان پەيلىگە ئۇسسۇل
ئوينىتىمىغايسەن ...

كونبەگنى ئۆزۈم دېگۈدەكمەن، ئاپتاپ چېقىپ تۇرغان دالىدا
ئۇنىڭ قىزىل ئىش كىيىمىنى كىيىپ بۇرغا سۇپىسىدا يۈرگۈدەك-
مەن، بەختەرلىك قالپىقى كۆزۈمنى توسۇۋېلىپ ھېچبىر ئارام
بەرمىگۈدەك، «ھەي، چوڭ كېلىپ قالدىدە بۇ!» دەپ ئويلاپتى-
مەن. يېنىمدا ماتور گۈرۈلدەپ، ئۇ تەرەپتىكى سېغىزلىق ئېرىت-
مىنىڭ ۋاراقشىپ قايناپ چاچراشلىرىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆر-
سەتكۈدەك، پەستە تۇرغان كونبەگ بىر چاغدا توۋلاپ: «ئېھتىيات
قىل، ئاي!» دەپ چاقىرغۇدەك. ئۇنىڭغا قاراپ بىر قەدەم ئېلى-
شىمغا يۇقىرىدىن ۋىژىلداپ چۈشكەن بولتا چېكەمگە «تارس»
سىدە تېگىپ ئاغزى - بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان كەتكۈدەك، مەن
پەستىكىلەر يۈگۈرۈپ چىقىپ بولغۇچە قانلارنى ئېرتىپ كارىم
يوق ئىشىمنى قىلىۋاتقۇدەكمەن، بىر چاغدا ئاغزىمدا شىلىمشىق
بىر تۇزلۇق قان تەمى كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرغۇدەك ...

مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇستۇمدە كۇمۇش ئېغىر
گەۋدىسى بىلەن مەستانىلارچە ھەرىكەت قىلىپ مېنى سۆيۈۋاتات-
تى. ئاچچىق تەر كۆزلىرىمگە كىرىپ ئۇنىڭ چىڭ، سۇتتەك ئاق
كۆكسى بوينۇمنى بېسىپ تۇراتتى. مەن غەزەپ بىلەن ئۇنى ئىت-
تىرىپ يانغا چۈشۈردۈم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟! سەن ئادەممۇ ياكى ۋەھشىي ئالۋاس-
تىمۇ؟!

— ۋۇي، ئاداش، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئەمدى تېخى پەيزىم تۇتۇۋاتقاندا؟ ...

— نېمە؟ ھەي، سەن ھايۋانمۇ، ئادەممۇ؟ بىر ئايال كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشىما بۇ؟

— نېمە داۋراڭ سالىسەن؟ مەن شۇنداق قىلىشنى خالايمەن قانداق؟ نېمانچە دوستلۇققا يارىمايدىغان نېمىسەن؟

— دوستلۇقمىش، يوقال كۆزۈمدىن! ئىسىت، سېنىڭ ئايال بولۇپ قالغىنىڭ.

— يېرىم كېچىدە نەگە ھەيدەيسەن مېنى، شۇنچە خاپا بولۇش كېتەمدۇ بۇنىڭغا؟

— نېمىشقا كەتمىگۈدەك؟ مەن ھازىر ئىنسان ئارىسىدا ئەمەس، دوزاختا تۇرغاندەك بولۇۋاتىمەن.

— ۋاي بولدىلا، نېمىگە ئاچچىقلايسەن، بولدى، مەن جىم يېتىپ ئۇخلاي بولدىمۇ، كېچىدە قوشنىلىرىڭدىن ئىزا تارتماسەن جىنندەك ۋارقىراپ.

— ئىزانى سەن تارتساڭ توغرا بولار؟ ئىزادىن گەپ ئاچىدا تېخى.

— ھە، بولدى، چېچىڭنى تۈزەپ قويا، ئۆزۈڭنى بېسىۋال!

— تارت قولۇڭنى، ئۆزۈم تۈزىيەلەيمەن، — مەن ئۇنىڭ قولىنى ئۇرۇپ سىلكىۋەتتىم.

قىزىرىپ - تاتىرىپ يېرىم يالىڭاچ ئولتۇرغان كومۇش پۇلتىنىپ چىقىپ قالغان سول كۆكسىنى رۇباشكىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قوڭۇر بۇدۇر چېچىنى ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تاراپ تۈزەشتۈردى، كۆز ئەتراپى بىلىنەرلىك قىزىرىپ قالغان ھالدا ماڭا بىرھازا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى.

— مېنى كەچۈرگىن، ئاداش. مېنى كەچۈرگىن، ئۆگىنىپ

قاپتىمەن، قانداق قىلىمەن. مېنى شەرمەندە قىلما. ئۆتۈنۈپ قالاي. بۇ سىرىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن، جېنىم ئاداش، ساقلامسەن-مۇ؟ ...

مەن يانچۇقىدىكى كورۇپكىدىن قەغەز ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدۇم، ئېقىپ تۇرغان كۆز يېشى، شالۋاقلىرى مەيدىسىنى خېلىلا ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

— بولدى، سېنى چۈشەندىم. يىغاڭنى توختات، مەن سىرىڭنى چوقۇم ساقلايمەن بولدىمۇ، يىغلىما - ھە!

ئىككىمىز تىزىمىزنى قۇچاقلىغان ھالدا ئۇن - تىنسىز ئۇزاق ئولتۇردۇق. ئىككىمىزنىڭ ھالىتىدە ئىككى خىل خىيال، ئىككى خىل زىددىيەت. مەن مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. قەلبىمنى مۇرەككەپ خىيال، ۋەھىمە چۇلغاپ، باياتىن بولغان ئىشلار، قىلىنغان گەپلەرنىڭ بىر قېتىملىق ۋەھىمىلىك چۈش بولۇپ قېلىشىنى، مەڭگۇ قايتا ئېسىمگە كەلمەسلىكىنى تىلىدىم. چۈش ھەققىدىكى خىيال كاللامغا كىرىشى بىلەنلا يەنە ئوي - پىكرىم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، قورقۇنچلۇق بىر سېزىم قەلبىمنى چۇلغىۋالدى.

تاڭ ئاتتى، ئىككىمىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك ناشتا قىلىشتۇق. كۆمۈش مەندىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ بىرەر گەپ چىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك قىلاتتى. مەنمۇ ئۆز خىيالىمدىكى ۋەھىمىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە بىر كىشىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش ئىنتايىن ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇشۇمچە، شەرقنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، دانىشمەن شائىرى جالالىدىن رۇمى «سىرنى ئاشكارىلىغانلارنىڭ قېنى ئاقسۇن!» دەپ يازغانىكەن. گەرچە كۆمۈشنىڭ قىلىقلىرى نورمال ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا شۇ قەدەر يات بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا

ئۆنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا مەخپىيەتلىكى، كۆڭۈل خاھىشى بولاتتى. ئىككىمىز سۈسلا خوشلىشىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلدۇق، ئىشقا كېتىۋېتىپ «خەيرخوش! بەختسىز چىرايلىق دوستۇم، مەڭگۈ!» دەپ ىىدا قىلدىم. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كىشىگە، ھەتتا كۈنبەگكىمۇ دەپ يۈرگىلى بولمايتتى - دە! …

## ئەتىرگۈل بەرگى

ئىشخانىغا كىرىپ خالتىمنى ئەمدى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتىم، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەن ئايتاش.

— تىنچلىقمۇ، ئايتاش. مەن ياسىن، كۈنبەگنى دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن، تېزرەك كەلسىڭىز، جىددىي بۆلۈمگە …

مەن تۇرۇپكىنى قانداق قويدۇم، يولغا قانداق چىقتىم، بىر ۋاقىتتا ئۆزۈمنى تاكسىدا كۆردۈم. كاللامغا ھېچقانداق خىيال كەلمەيتتى.

— باش دوختۇرخانىغا كەلدۇق، — دېدى شوپۇر مېنى چۈشۈشكە ئۈندەپ.

كارىدوردا ئادەم جىق ئىدى، بىر چاغدا ياسىن مېنى باشلاپ كارىۋات يېنىغا يېقىن ئەكەلدى. كۈنبەگ چىرايلىرى قانسىز ھالەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. سول پۇتى گېپىسكە ئېلىنىپ تىزىغىچە قاتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئىككى قۇتا ئاسما ئوكۇل تېز-تېز ئېقىپ ئۇنىڭ تومۇرىغا كىرىۋاتاتتى. ياندىكى كارىۋاتتا قىزىل ئىش كىيىملىك بىر كىشى ئۇنىڭ سول بىلىكىدىن قان بېرىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كۈنبەگنىڭ قوللىرىنى «چىڭڭىدە» تۇتۇۋالدىم، كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— نېمە بولدى، كۈن؟ كۆزلىرىڭىزنى ئېچىڭە بىر، مەن

www.uyghurkitap.com

سىزنى بىر كۆرەي، هۇ ـ هۇ ... كۇن ... نېمە بولدى سىزگە!

— بولدى، ئايتاش. يىغلىماڭ بولدى.

كۇنبەگنىڭ ئەترەت باشلىقى ئالماس ئاكا يەلكىمىنى ئاستا تۇرتۇپ شۇنداق دەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ شىركىتىدىكى بىخەتەرلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رىھىم ئاكا بولسا بىرنەچچە ۋاراق تالون ۋە جەدۋەلنى تۇتۇپ يېنىدا تۇراتتى. مەن ياشلانغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ كارىدورغا چىقتىم ۋە ياسىن ھەم ئىككى خەنزۇ خىزمەتدىشىنى كۆردۇم.

— ئايتاش سىڭلىم، يىغلىماڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئىشنىڭ خەتەرلىك پەيتى ئۆتۈپ كەتتى. پۇتىنى يۇقىرىدىن قاڭقىپ چۈشكەن بولتا ئېزىۋەتكەنىكەن، ئىككى بارمىقى كېرەكتىن چىقىپتۇ، يەنە پاچاق سۆڭىكى سەل زەخىملىنىپ دەز كېتىپتۇ، باشقا چوڭ ئىش يوق. كۇنبەگدىمۇ مەسئۇلىيەت يوق، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبكارىنى ئېنىقلاپ ئوبدان بىر تەرەپ قىلىمىز، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، ئۇنىڭغا قارايدىغان مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدۇق، ئەنسىرىمەڭ! ...

كۇنبەگ چۈشتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئىككىمىز ياشلانغان كۆزلىرىمىز بىلەن ئۇزاق قارىشىپ كەتتۇق. شۇنداق ئۇزاقتا كۆرۈشۈپ مۇشۇنداق ھالەتتە ئولتۇرۇش نېمىدېگەن ئازابلىق ـ ھە؟!

— كۇن، قانداقراق ئۆزىڭىز، مېنى ئەنسىرىتىپ جېنىمنى ئاز قويدىڭىزغۇ؟

— ئەنسىرىمە، ئاي. مانا ساپساققۇ مەن، بولدى، يىغلىما، — ئۇنىڭ يىرىك قوللىرى مەڭزىمنى ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سىلاپ ماڭا تەسەللى بەردى.

— جېنىم، كۇن. بۈگۈن چۈشۈمدە قارا بېسىپ، ۋەھىمە ئىچىدە قاپتىمەن، ئەسلى مۇشۇ پېشكەللىكنىڭ شورى ئىكەندۇقدە ئۇ كۆرگىنىم.

— قانداق چۈش كۆرۈپسەن، ئاي. ماڭا دەپ بەرگىنە قېنى، ئاۋۋال بىرنى كۈلۈپ بېرە ماڭا؟ بەك ئۇماق جۇمۇ سەن...

كۈنبەگ بالىنىستىن چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆكتەبىرگە ئۇلگۇرۇپ خېلى تۈزۈك ماڭالايدىغان بولدى، سول پۇتىنى بىر ئاز ئاياپ ماڭاتتى. بىز بايرام خۇشاللىقى ئىچىدە خۇددى شېرىن تويى كۈنلىرىدەك ئامراقلىشىپ يۈرەتتۇق.

— مېنى ئايلاندۇرۇپ كەلمەمسەن، ئاي. بۇ يەردە يېتىۋېرىپ تولىمۇ زېرىكتىم، — دېدى كۈنبەگ بىر كۈنى ئىلتىجا قىلغان ئاھاڭدا.

بىز شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى، كىيىم - كېچەك دۇكانلىرىنى، تاللا بازارلىرىنى، خەلق مەيدانىنى بىردەم ئايلاندۇق. ھاۋا شۇ قەدەر ساپ ۋە سۈزۈك ئىدى. كۆكتىكى ئاپئاق بۇلۇتلار دېڭىزدا بىمالال ئۈزۈپ يۈرۈشكەن يەلكەنلەرنى ئەسلەتسە، كۆز ئاپتىپىدا ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر كىشىنىڭ بەھرىنى ئېچىپ خۇددى جاھاننىڭ ھەممە يېرى گۈلزارلىققا ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. تاقلىشىپ ئويناپ يۈرگەن شوخ بالىلار، جۈپ - جۈپى بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرۈشكەن ياش ئەر-خوتۇنلار، يېنىك تەنھەرىكەت قىلىشىۋاتقان ئالا - بۇلىماچ كىيىملىكلەر بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

— بىردەم ئولتۇرۇۋېلىڭ، — دېدىم مەن كۈنبەگنى نەپىس نەقىشلىك راۋاققا باشلاپ. لاپاس ئاستى غۇر - غۇر شامال، مەززىلىك گۈل ھىدى بىلەن شۇنچىلىك راھەتبەخش ئىدىكى، ئادەمنىڭ تالچىققان روھى بىردەمدىلا يەڭگىللەپ قالاتتى، — مەن ھازىرلا كېلىمەن.

مەن شۇنداق دەپ چاققانلىق بىلەن يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتۈم - دە، بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى «مېيىكېئىر» گۈلخانىسىغا كىرىپ «ھۇپپىدە» ئېچىلغان ئوتتۇز تال پورەكتىن تىزىلغان بىر دەستە گۈلنى سېتىۋېلىپ چىقتىم. گۈل

ئوتتۇرىسىدىكى ئايىئاق ئىككى تال «گۇلسامساق» ، ۋە يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇرىدىغان «مېنى ئۇنتۇيالمايسەن» دېگەن گۇللەر گۇل دەستىنى تېخىمۇ جەلپكار قىلىۋەتكەنىدى. مەن گۇلبەستىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان كۇنبەگنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىكى، مەيداندىلا مېنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغىلى تاسلا قالدى.

— ۋاھ، بۇ نېمە ئىش. ھە، ئاي. مېنى ئەجەب خۇشال قىلىۋەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان ھاياجانلىق ئاۋازى بىلەن.

— بۇ ھېچنېمە ئەمەس، پەقەت مېنىڭ ئاددىي كۆڭلۈم، كۇن. بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىققۇدەك بولغىنىڭىزنىڭ ئۆزى مېنىڭ بەختىم. ئەلۋەتتە تەبرىكلىسەم بولىدىغان ئىش - دە.

— ۋاي، سېنى شۇ تاپتا ... رەھمەت، ئاي. مېنى بەك شادلاندۇردۇڭ جۇمۇ.

— ھەقلىقسىز، كۇن، ھەممىگە ھەقلىقسىز، ئاددىي بولسىمۇ قوبۇل قىلسىڭىزلا بولىدىغۇ.

— قوبۇل قىلدىم، ئاي. كۆپ رەھمەت!

— ھە، ئەمدى نەگە بارغۇڭىز بار، كۇن. ئېيتىڭا!

— ئەمدى، ھە، مايبۇلاققا بارساق زېرىكىپ قالارسەنمۇ، ئاي. شۇ يەرگە بارايلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، مەن تاكسى توسۇي ئەمىسە.

شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۆپىلىك يىراقتىنلا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەردىكى خاتىرە مۇنار، ئېشەك مېنىپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ مىس ھەيكىلى، بۇلدۇقلاپ ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ تىنىۋاتقان سەككىز - توققۇز بۇلاقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردە ئەينەكتەك پارقىراشلىرى ئاجايىپ ئۆزگىچە مەنزىرە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى ھاۋامۇ بىر خىل يېقىملىق، خۇش پۇراق ماي ھىدى بىلەن تويۇنغان بولۇپ، كىشىنىڭ ئىسىدىن

خېلى كەمگىچە چىقىپ كەتمەيتتى، بەلكىم كۈنبەگىنىڭ مۇشۇ بۇلاقلارنى، مايىنى ۋە مايىنىڭ ئۆتكۈر مەززىلىك پۇرىقىنى سېغىنىپ بۇ يەرگە كەلگۈسى كەلگەندۇ، دەپ ئويلىدىم.

بىز مايبۇلاق ئەتراپىنى بىردەم ئايلاندۇق، غەربتىكى ئۇپۇق قىزىرىشقا باشلاپ ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا گۈگۈم قوينىغا كىرىشكە باشلىغاندى. قارىغاندا، كۈنبەگىنىڭمۇ بۇ يەردىن دەماللىققا ئايرىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى. بىز دۆڭدىن ئاستا چۈشۈپ يەنە ئىككى بۇلاقنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن، نېرىقى شېغىل تاشلىق دۆڭگە چىقتۇق، قولىمىزدىكى ئەتىرگۈل شەپەق نۇرىدا تاۋلىنىپ، تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك، خۇددى «گۈپپىدە» ئوت ئېلىپ پاراسلاپ كۆيۈپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە شۇنداق چىرايلىق جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېپىز نازۇك بەرگى تېخىمۇ جەلپكار، مۇڭلۇق ھەم يالقۇنلۇق ھالەتتە كىشىنى ھاياجان ۋە شوخلۇق قوينىغا سۆرەپ كىرەتتى. مەن گۈلنى قېنىپ ـ قېنىپ پۇراپ كۈنبەگىنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتقان ھالدا يىراقلارغا نەزەر سالاتتىم، يۇرەكلىرىمىز بولسا خۇددى بۇ گۈلنىڭ بەرگىدەك تىترەپ ـ تىترەپ، نازلىنىپ ۋە يالقۇنلىنىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. مېنىڭ گۈلگە، ئۇپۇققا ۋە كۆزلىرىگە پات ـ پات قاراپ تۇرغىنىمنى سەزگەن كۈنبەگ:

— ھە، گۈلگە بەكلا قاراپ كەتتىڭغۇ، ئاي. تىترەشلىرىڭنى بىلەكلىرىڭمۇ ئاشكارىلاپ قويىۋاتىدۇ مانا، — دېدى شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىمگە قاراپ.

— شۇنداق، گۈل بەرگى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ نازۇك، نەپىس ھەم مۇستەھكەم، شېرىنلىكىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە؟

— شۇنداق. ئىشقىلىپ، سېنىڭ ئەتىرگۈلگە بۇرۇندىنلا بەك ئىشتىياقىڭ بارغۇ زادى.

— بولماي ئەمىسە، سىزنىڭ ماڭا توي تەكلىپى قويغاندا

بەرگەن گۈلـىڭىزنىڭ بەرگىنمۇ خاتىرەمدە سالاقلىق جۇمۇك ، كۈن.

— شۇنداقمۇ، سىنىڭ مۇھەببەتنى شۇ قەدەر ئۇلۇغلايدىغان-لىقىڭنى، قەدىرلەيدىغانلىقىڭنى شۇ چاغدىلا سەزگەنكەن ـ دە يۈرىكىم.

— ئۇھ، توغرا دېدىڭىز، كۈن، شۇڭا مەن سىز ئۈچۈن سەدپارە بولۇشقا مىڭ مەرتىۋە تەييار، كۈن.

— رەھمەت، ئاي. قارا، ئاسماندىمۇ ئاي چىقىپتۇ. مەن بۈگۈن ئىككى ئاينىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ مېھمان بوپتىمەن، نېمە-دېگەن ئېسىل ئاخشام بۇ ـ ھە، ئاي! كەلگىنە بىرنى سۆيۈپ قوياي.

كۈنبەگ مېنى ئاستا ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باستى. قولۇمدىكى گۈلنى يانغا قويۇپ شېغىل تاشلىق ئۇستىگە تەڭلا ئولتۇردۇق ...

— بۈگۈنكى بۇ گۈزەل ئاخشامنى تەسۋىرلەپ بىر شېئىر يازغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە، ئاي!

— يازارسىز، خېلى قەلەمكەشلەردىن قالغۇچىلىقىڭىز يوققۇ سىزنىڭمۇ.

— بەلكىم يازارمەن، تىرىشىپ كۆرەي قېنى.

— ماقۇل، كۈن ... رەھمەت.

بىز شۇ تەرزدە بىرەر سائەتچە ئولتۇردۇق. بىر چاغدا سو-غۇق دولامنى قورۇشقا باشلىدى. بىز گۈلدەستىنى كۆتۈرۈپ قولتۇقلاشقان ھالدا چوڭ يولغا چىقىپ تاكسى توسۇدۇق ـ دە، دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

مايىۋلاق بېشىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىزنى ئۈزۈ-تىپ قالدى.

# ھەسىبھالىلار①

كۇنبەگ ئىش ئۇستىدە يارىلانغانلار ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ بالىنىستىن چىققاندىن كېيىن ئۆز شىركىتىنىڭ ئىپ-لىېكتىر ئۇسكۇنىلىرى مەركىزىدە ئىشلەيدىغان بولدى. بۇرۇنقى ئۈچ ئايدا بىر ئالمىشىدىغان ئىشى ئەمدى ھەپتىدە ئالمىشىشقا ئۆزگەردى. ھادىسە سەۋەبكارى تاھىرمۇ ئېنىقلىنىپ بىخەتەرلىك-كە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن بىر پەسىل خىزمەتتىن توختىتىلىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلەش، بىر يىل مائاش دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەسلىك جازاسىغا ئۇچرىدى... كۇنبەگنى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى دېيىشكە بولات-تى. سوغۇقتىن ساقلىنىپ، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلسىلا چوڭ چاتاق يوق ئىدى. مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى ئۇنىڭ ھەپتىدە بىر ئالمىشىپ، كېيىنكى ھەپتىسى ئۆيدە دەم ئالىدىغان ئىشقا قويۇلغىنى بولدى. بىزنىڭ كۆپرەك بىللە بولۇ-شىمىزغا ئەمدى ياخشى پۇرسەت چىققانىدى. توۋا دەيمەن، بىر چۈشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى مۇنچە ئۆزگەرتىۋېتىشى ئاجايىپ ئىش — دە.

كۇنبەگ بارا — بارا كىتاب ئوقۇشقا، خاتىرە قالدۇرۇشقا بەكلا ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى. بىز ئۆيلىنىپ ئۆي ئالغانلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىلدە خاتىرىلەپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە بەزى نازۇك ئوي — پىكىرلىرىمىزنى شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىپ ھەر ھەپتىدە بىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشتۇق. گەرچە پات — پات كۆرۈشۈپ تۇرىد-غان ئەر — خوتۇنلاردىن بولساقمۇ يەنە شېئىرىي سالام خەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئادەمگە ئاجايىپ شېرىن ھېس — تۇيغۇلار-نى، يېڭىدىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغلاردىكىدەك رومانتىك سې-

① ھەسىبھالىلار — شېئىرىي مەكتۇپ.

-زىملەرنى بەخش ئېتىدىكەن.

ھېلىقى كۈنى بۇلاق بويىدا كەچلەپ كىرگىنىدىن كېيىنكى ئىككىنچى ھەپتىسىدىن باشلاپ كۈنبەگ رەسمىي ئىشقا چۈشتى ھەم شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ يازغان شېئىر-رىنى ماڭا بەردى. شېئىرنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. كۈنبەگ، مېنىڭ كۈنۈم مۇشۇنداق ياخشى شېئىرنى يازالىغانىدى. ئاھ، مەن شېئىر يېزىلغان گۈللۈك ۋاراقنى باغ-رىمغا بېسىپ ئۇزاققىچە مەستخۇش بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىلا شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمىزنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. «ئۇستۇمدە ئاي، قوينۇمدا ھەم ئاي»:

تاشلار تىترەپ كەتتى سۆيۈشلىرىڭدىن،
چانقىدىن چىقاي دېدى ئاينىڭ كۆزلىرى.
چاراقلىدى ئېدىرلىقتا ياڭرىغان كۈيدىن،
سۆيگۈنىڭ، بەختىنىڭ شوخ يۇلتۇزلىرى.

ئۇچتى ئۇزۇك - ئۇزۇك ھەرپلەر كۆككە،
مۇمياغا ئايلاندىم باغرىڭدا كۆيۈپ.
شۇ دەقىق تەبىئەتنىڭ مۇزىي ئارا،
ئېقتىتىم ھارارىتىڭنى تومۇرلىرىڭدا؛
ئۇنتۇپ بارچىنى بوۋاقتەك كۈلۈپ —
دېدىم قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ: ئاھ، كېتەي ئۆلۈپ! ...

كىردى يۇرىكىمگە يېقىملىق ئاۋاز
— قاراڭ ئاي قاراۋاتىدۇ، سۇزۇك نۇرىدا ...
مىڭ تەھسىن ئايتاشقا، تۇپراققا، گۈلگە
ئۇھ ... نەقەدەر تىمتاس ماكان بۇ؟
مەن چاچقان كوكاتقا، مەستخۇش كۆزلەرگە،



www.uyghurkitap.com

بىر قاراڭ يالقۇنلۇق قەلبىڭىز بىلەن
سۆيۈشۈش سىڭىشكەن بۇلاق بويىغا ...

ئەتراپتا كۆلۈشەر شىرىق - شىرىق تاش
پەرۋا قىلماس گۈگۈم ئارىلاش ئاينىڭ نۇرىغا.
تىڭشار ھەربىر تاۋۇشنى تەرگە چۆمۈلۈپ،
سۆيۈشنى تاماشا ئەيلەپ شۇ تاپتا.

شاھانە قەسىردە يالتىراپ تۇرغان،
تۆشەكتىن مىڭ ئەلا كۆمۈش شولىغا —
بۆلەنگەن زېمىننىڭ قوينى شۇ سائەت.
سۆيۈش - سۆيۈلۈشنىڭ ئوتلۇق تەپتىدىن
ئېرىپ كەتتى ئاخىرى كائىنات قوينى.
گۈلۈم ھەدىيە قىلغان يۈكسەك ئىمتىياز —
ئىچىگە شۈڭغۇدۇم نۆكچە ئوت بولۇپ
يالمىدى ئالەمدىن يوق قىلىپ مېنى! ...

تاشلار تىترەپ چىكەتتى، تاغلار تولغىنىپ،
ئاي ئاستىدا ئۇزاق - ئۇزاق سۆيۈشلىرىڭدىن.
سورا ئەقىدەمنى ئىككىلەنمەي يار،
ئىشقىڭدا كۆنۈتۈن نالە - ئاھ چېكىپ
ئۆرتىنىپ - ئۆرتىنىپ كۆيۈشلىرىمدىن! ...

مەن كۈنبەگنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپ نەچچە كۈنگىچە ھاياجانلىنىپ يۈردۈم. خۇشاللىقىمنى ئۆزۈملا بىلەتتىم ھەم ئۇنىڭغا ئۆزۈملا ئورتاقلىشالايتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ئەمدى بىرمۇ دوستۇم قالمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا بېغىشلاپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدىم:

www.uyghurkitap.com

كۆزۈم كەپتەرلىرى پەرۋاز بىلەن كۆككە ئۇچۇپ كەتتى،
ئاڭا ئاسمان قىلىپ سەجدە بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ كەتتى.
قونۇپ ھەر پەيگە مىڭ ئايەت ئۇنىڭدىن توزغۇسا ھېسلار،
كۆڭۈل ئوكيانىدا بەربات ئىپتىلگەن ئاي چۆكۈپ كەتتى.
تۇرۇلگەن ئاق بۇلۇتتەك تېز سۇرۇلسە بۇندا سوغ يەللەر،
ساما بۇركۇت قاناتىدىن ئېكىنلەرگە چۈشۈپ كەتتى.
ئۇپۇقتەك پارلىسا سۆيگۈ چېچىپ پىشقان ئانار يۇزلەر،
ئەسىر ئالەم بىتاقەتلىك ئارا قەددىن پۈكۈپ كەتتى.
جاھانغا ۋەھىمە سالسا غەزەپتىن قارىغۇ يىڭناغۇچ،
ئادالەت قامچىسى يەلكەن ئۈزە جۇدنى سۇرۇپ كەتتى،
ئۆزىنى ئۇنتۇبان ھەممە يوقالماقلىققا يۈزلەنسە،
ئاڭا ئاشىق كەبى مەپتۇن بولۇپ ئاسمان كۈلۈپ كەتتى.

كۆن، يازمىلىرىمدىن بەلكىم كۈلۈپ كەتكەنسىز، يالغۇز قالغان چاغلىرىڭىزدا ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يوللىرىمىز ھەققىدە مەلۇم يەكۈن چىقىرىشىڭىزغا پايدىسى بولار، دەپ ئويلايمەن. سىزمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە تېنىمسىز ئويلىنىپ يۈرىسىز. مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم، ئوي - خىياللىرىم بەلكىم سىزنىڭكىگە يەتمەس، چۈنكى سىز ئىشلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلىيالايسىز، مەسىلە-لەرنىڭ ماھىيىتىنى بەكرەك چوڭقۇر ھەم كەڭ دائىرىلىك مۇلا-ھىزە قىلالايسىز، شۇڭا مۇشۇ ھەقتىكى بايان - قاراشلىرىڭىزنى كېيىنكى قېتىمدا ماڭا شەرھلەپ بەرسىڭىز دەيمەن، قانداق بولامدۇ، كۈنۈم؟

ئىككىنچى ھەپتىسىدىكى خاتىرىسىدە كۈنبەگ ماڭا مۇنداق بىر شەرھىنى گۈزەل، پاساھەتلىك شېئىري يول بىلەن يېزىپ قالدۇرۇپتۇ:

قۇياشنىڭ مېھرىسىز ئالەم ياشالماس بۇ ھەقىقەتتۇر،
ئورۇق ئات ھېچقاچان داۋان ئاشالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
ئۇلۇغ سۇ دولقۇنى ھەر چاغ يۇرۇشلەرگە بولار توسقۇن،
شامالسىز ھېچ كېمە يەلكەن ئاچالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
توساقلاردىن ئۆتەر كارۋان يېنىپ تۇرسا ئىشەنچ چوغدەك،
ئىشەنچتىن ھېچ قايان مۇشكۇل قاچالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
ئازابلىق نەچچە ئاي، يىللار ئۆتۇپ كەتتى ئۇچۇپ يەلدەك،
ئازابتىن قورقسا كىمكى قۇت تاپالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
تانابى تارتىلار تەھقىق، ئەجىرسىز ئوڭدا ياتقاننىڭ،
ئۇنى ھەر توۋە - ئىستىغپار ياپالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
ئايان تارىختىكى كۆرمىڭ ساۋاقتىن ئادىمىيلىك ئاڭ،
دىتى بار ھەر كىمەرسە جىم ياتالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
كامالەت تاپالمىغان سەييار يېشەلمەس سىر - ھېكمەتنى،
دېڭىزدىن ياكى دۇر - ئۇنچە قازالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.
ئايان ھەركىمگە شۇنداق زور ئىشەنچ بولمىسا شائىر،
كۆڭۈلگە زوق بېرەر داستان يازالماس بۇ ھەقىقەتتۇر.

مەن ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تېرەنلىكىدىن، بايانلىرىدىكى ئۇلۇغۋارلىقتىن قاتتىق سۆيۈنۈپ كەتتىم. بىز ئەنە شۇ تەرزدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق خەتلەرنى يېزىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. يېزىشقانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئۇز ئارا سېغىنىش، قىيالماسلىق، ئامراقلىق ئۇستىدە بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا:

كۆز نۇرۇم كەتتى ئېقىپ سېنى كۆرگەندىن بېرى،
لەۋلىرىم سۆيگۈگە مەستتۇر مېنى سۆيگەندىن بېرى.
كۇلكىلەر بولدى ماڭا يات ھىجرانىڭدا ياندىم چوغ بولۇپ،
بولدۇم پاياندار يوللىرىڭغا سېنى بىلگەندىن بېرى.
ئۇيقۇنى قىلدىم تەرك ۋىسالنى كۇتتۇم زارىقىپ،
چۇشلىرىمنىڭ مېھمىنىسەن ساڭا كۆيگەندىن بېرى.

ھەر دەقىق ۋەھىم يېدىم مەن ئايرىلىشتىن ئۆرتىنىپ،
پەرۋانە مەن بىئىختىيار سېنى سۆيگەندىن بىرى.

دەپ مەكتۇپ يازسام ئۇمۇ ماڭا جاۋابەن تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، سۆز-
گۈمنى يەنىمۇ ئۇلغايتىپ مۇنداق جاۋاب يېزىپتۇ:

ئەتىرگۈلۈم سەن ئۆزۈڭ دېگىنىڭنى ئەسلەمسەن؟
ئابىھايات ھەم سۆزۈڭ دېگىنىڭنى ئەسلەمسەن.
شوخ شامالّلار قوغلىشىپ ئېلىپ بارسا ھىدىمنى،
ئامرىقىم سەن گۈل يۈزلۈك دېگىنىڭنى ئەسلەمسەن.
تولۇن ئايمۇ يېتەلمەس سېنىڭ ئوماق يۈزۈڭگە،
دېگەن چاغلار مېھرىلىك سۆيگىنىمنى ئەسلەمسەن.
كۆزلىرىڭدىن ئاتەش نۇر چاچرىتىپ سەن ئامرىقىم،
ئانا تىلدىن سوۋغاتلىق بەرگىنىڭنى ئەسلەمسەن.
ئانا تىلدا يازغىنىڭ شۇنداق ئوتلۇق مىسرالار،
يۈرىكىمنى ئۆتقان شۇ چاغلىرىڭنى ئەسلەمسەن.
زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا بەرگەن تاتلىق ۋەدىلەر،
ساداقەتنى تۇمار قىپ ئاسقىنىڭنى ئەسلەمسەن.

«تۇۋا! شېئىر دېگەن ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىيا-
تىنى ئىپادىلەشتە ئاجايىپ رول ئوينايدىكەن. نېمە ئۈچۈن شائىر-
لار خەلق قەلبىدە شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ
يۈرگىنىمنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتكەندەك بولدۇم. كېيىنكى قې-
تىمدا ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق
تۈۋەندىكى قۇرلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقتۇق ھەم كۆنبەگىنىڭ ھەر
قېتىمقى ئىشقا ماڭغان ۋاقتىدىكى ھىجران ئازابىمىزنىڭ ئەينى
خاتىرىسى ناھايىتى ياخشى سۈرەتلەندى، دەپ ھېسابلىدۇق.



www.uyghurkitap.com

خوش دېگەن ھەربىر سۆزۈڭنىڭ قالدى يۈرەكتە يارىسى،
بىلسەڭ ئىدىڭ ئەسلىي ئۆزۈڭ بولغاچ يۈرەكنىڭ پارىسى.
خوش دېدىڭ، كەتتىڭ يىراقلاپ كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش،
قالسىكەن مەندە ئامانەت خۇش ھىدىڭنىڭ سايىسى.
خوش دېدىڭ، نىمجان تېنىمدە قالمىدى زەررە مادار،
كەتمە جانىم سەن ئىدىڭ ئەسلىي كۆزۈمنىڭ قارىسى.
كۆز ئېچىپ ئالەمگە مەن سۆيدۈم - سۆيۈلدۈم قانمىدىم،
ئاڭلىنار يەرۈزېمىندىن تەشنا يۈرەكنىڭ نالىسى.
كۈتتۈم ۋىسال ھەم پاك ئەقىدە سەن ۋاپاداردىن يەنە،
چىن ۋاپا كۈيىگە تەڭكەش ئاشىق قەلبىنىڭ تارىسى.

ۋاھ، بۇ قۇرلارنى رەتلەپ يېزىۋاتقىنىمدا يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىرىسى بولدى. كۆيۈپ - پىشىپ ئېلىپ - تېگىشكەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئوتلۇق، يېڭىلمەس مۇھەببەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن يۈرىكىمدىن ئىشەندىم. بۇ ئىشەنچ، بۇ پاك سۆيگۈ كۈنبەگ بىلەن ئىككىمىزنى تېخىمۇ مېھرىبان، قائىدە - يوسۇنلۇق، تەلەپچان ئامراقلارغا ئايلاندۇردى ... مەن بەختىمدىن كۈلەتتىم. ئۆزۈمنىڭ بىر ئاددىي، ھېسسىياتسىز ئادەم ئەمەس، بەلكى خىزمەت ۋە ئائىلىدە تەڭ غەلىبە قازانغان، ئوي - پىكىرلىرىمنى خېلى يۈكسەك شېئىرىي بايانلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرىكىمنىڭ پارىسى، سۆيگۈمنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىسى، كۆيۈمچان ئېرىم كۈنبەگدىنمۇ شۇنداق جاۋابقا ئېرىشەلەيدىغان بەختكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن كۈلەتتىم. بۇنداق مەكتۇپ يېزىش ئۇسۇلى بىزنىڭ قەلب رىشتىمىزنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، يەنىمۇ چىڭىتىپ باراتتى.

ئېھ، پاك ھېسسىيات قۇدرىتى! ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سېزىكلىك

كۆنلەر شۇ تەرزدە تېخىمۇ ئىچكىشىش بىلەن ئۆتۈشكە باش-
لىدى. كۆنبەگ يېڭى ئىش ئورنىدا ئىشلەشكە كىرىشكەندىن بۇيان
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىمۇ توق، خاتىرجەم بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.
ئۇمۇ ماڭا زىيادە كۆيۈنىدىغان، بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەنىمۇ بەك
ئامراقلىشىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مەندە قانداق ئۆزگىرىش
بار ئىكەنلىكىنى ئۇ مەندىن ئۆتەر بىلىدىغاندەك تۇيغۇ يۈرىكىمدە
لەڭ ئۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈمدە مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان
ئامراقلىقىم ئالدىدا ئۇنىڭ ئامراقلىقى تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك
دەرىجىدە كۈچلۈكتەك تۇيۇلاتتى. مەن خاتىرە يېزىش ئادىتىمنى
تېخىمۇ كۈچەيتىپ ھەرقانداق ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، چو-
قۇم داۋاملاشتۇرۇشنى ئادىتىمگە ئايلاندۇردۇم. مەن بۈگۈن خاتى-
رەمگە مۇنداق بايانلارنى يازدىم:

مەن سىزنى كۆرگەندە ئىلھام بۇلاقلىرىمنىڭ كۆزى ئېچى-
لىپ، بۇلدۇقلاشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا سىز مېنى چۈشىنەلىسى-
ڭىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھايات قانۇنىيەتلىرى نۇقتىسىدىن كۆزى-
تىدىغانلىقىمنى بىلەلەيسىز. چۈنكى، بىز ئىككىمىز سەنئەتلىك
يارالغان كۆڭۈل ئابىدىسىمىز.

مېنىڭ ئۇنداق يازمىلىرىم كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇپ باراتتى.
قىلىدىغان ئىشىم تەجرىبىخانىدىكى خىزمەت ئەمەس، مەخسۇس
خاتىرە يېزىش ئۈچۈندەكلا تۇيۇلاتتى.

مەندە ئۆزگىرىش يۈز بەرگىلى تۇردى. كۆنبەگ ئىشقا چى-
قىپ كېتىپ ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە ئازراق ئۆگرە ئىچكۈم
كەلدى. گۆشمۇ مايلىقراق ئىكەن، ئاشنى پىشۇرۇپ ئۇسۇپ
شىرەگە چىنىنى ئېلىپ كەلدىم. يالغۇز ئىچەرمەنمۇ ئەمدى؟
كۆڭلۈم بىر ئېغىش بىلەن ئىچىم قىزىپ كىندىكىم ئەتراپى
كۆيۈشكەندەك بولۇپ، شېرىن، جىددىي، ئېغىر بىر ئاينىش

ئۆچەيلىرىمنى ئالمان قىلىپ بوغۇزۇمغا تېپىپ چىقتى. تازىلىق
ئۆيىگە يۈگۈردۈم، ھېچنېمە يوق. قۇرۇق «ھۆ» ئۆپكەمنى ئۆ-
رۈپ باغرىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. كۆڭلۈمگە چۈش-
كەن ۋەھىمىدىن قورقۇپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتىم، تاماق سەل
سوۋۇپ قالغاندەك بولدى. ئۈستىدىكى «ۋىل - ۋىل» ماي...
ئەمدى بىر قوشۇق ئاغزىمغا سېلىۋېدىم بولمىدى، ھۆ...

ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلغان ھالدا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلى-
دىم. خىيالىمغا كەلمىگەن خىياللار، ۋەھىمىلەر، قورقۇنچلار،
شادلىق سايىلىرى، ئەنسىرەش ئارىلاش ئۈمىدۋارلىققا ئوخشاش
تۇيغۇلار كېلىپ، مېڭەمنى قوچۇپ، يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قى-
سىپ بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋەھىمە نەچچە سائەتتەك بىلىنىپ كەت-
تى. كارىۋاتتىن تۇرۇپ ئەينەك ئالدىغا كەلدىم، كۆزلىرىم ئول-
تۇرۇشۇپ كەتكەندەك، زاڭاق سۆڭەكلىرىم ئۇچلىنىپ قالغاندەك
بوپتۇ. كۆزلىرىمدە بىر خۇشاللىقنىڭ شولىسى دەۋرەپ، چاناق-
لىرىم سەل قىزىرىپ قاپتۇ. نېمە بولغاندىمەن، ئەجەبمۇ تۇيۇق-
سىز بۇنداق بولۇپ قېلىۋاتىمىنا؟ ۋۇي، بويۇمدا قالمىغاندۇ؟
توغرا، چوقۇم... تۇيغۇم مېنى ئالداپ باقمىغان. شۇنداق بولۇپ
قالسا، توغرا شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن، ۋاي،
خۇدايىم!... بۇ ئەمدى...

چۈشتىن كېيىن ئىشقا بېرىپمۇ قولۇم ھېچنېمىگە بارمىدى.
توۋا، خۇدايىم! بۇ ئاجايىپ بىر ئىشكىنا، قانداق بولۇپ ھە؟
ھېلىقى كۈنى، كۆل بويىدىن كەلگەن كۈنى... چوقۇم، خۇدا
مېنى ئەمدى ئېسىگە ئېلىپ، كۈنۈم بىلەن بىللە خۇشال قىلاي
دەپسەن - دە. ئەگەر شۇنداق بولسا ماڭا قىلغان ھىممىتىڭگە
كۆپ رەھمەت، ماڭا يەنە بىر مەڭگۈلۈك بەختنىڭ تەمىنى تېتىت-
قۇزماقچى بولغىنىڭغا ھەشقاللا ئۇلۇغ خۇدايىم... مەن شۇلارنى
ئويلاپ كۈننىڭ كەچ بولغىنىنى تۇيماي قالدىم. لېكىن ئىشتىن
چۈشۈپ ئۆيگە كەتكۈم كەلمىدى. قەلبىمدىكى ۋەھىمىنى، خۇ-

شاللىقىمنى، ساراسىمەمنى كىمگە دەيمەن، كىم ماڭا تەسەللى بېرىپ، قايمۇقۇشلىرىمغا ئورتاقلىشىدۇ؟ ئاھ، خۇدا! ...

ئاپامنىڭ يېنىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ ئەھۋالىمنى دەپ باقايمۇ – يا ... ياق، ھازىر تېخى ... مەن يەنىلا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. تۆت تام بۇرۇنقىدەك ئىللىق قارشى ئالمايتتى. كۆڭۈلۈمدىكى قورقۇنچ، ۋەھىمە مېنى بىردەمدىلا ساراڭ قىلىپ قويايدەۋاتاتتى ... ئېھ، بۇ ئىشلار چۈشۈم بولۇپ قالسا ئىدى – ھە! ...

كۆڭلۈم تاماق خالىمىغان ھالدا خاتىرەمنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇزاق ئولتۇرۇپ كاللامغا ھېچنېمە كەلتۈرەلمىدىم، نىمىلەرنى يازاي؟ ئانا – بالا، ئۇرۇق – تۇغقان، ئەر – خوتۇن، بالىۋاقا ... توغرا، بالا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ داۋامى، جاھاننىڭ يېڭى قۇرغۇچىسى، كۆڭۈللەرنىڭ ئاۋۇنچىسى، ئائىلىنىڭ شادلىقى. چوڭلار «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتقان بولغىيتتى؟! ئاھ خۇدا، ئىشلىرىمنى ئاسان قىلغايسەن. خىيالىمدا بىر بالا، ئۇماق، بۇدرۇق، كۈلگۈنچەك، شوخ ۋە ئەقىللىق. ئۇ خىيالىمغا ئەرمەك، تۇرمۇشۇمغا مەنە، ھاياتىمغا تۈۋرۈك ... ئاھ، مەن نېمىدېگەن بەختلىك! خاتىرەمدە قەلىمىم تىنىمسىز يورغىلاپ بالا، بالىغا مۇناسىۋەتلىك غايىۋى ئىشلار، نازۇك، يارقىن ھېسسىياتلارنى مۇنداق يازاتتى ...

ئېھ، بالام! ئۇماق پەرزەنتىم، ھاياتىم، داۋامىم ... سەن مېنىڭ كۆڭۈل ئەرمىكىم. مەن سېنى كۆرگەندە يۈرەك رىتىمىم بۇزۇلۇپ، قەلب تارلىرىم ئېگىز – پەس ئۇداردىن تۈزۈلگەن گۈزەل بىر مۇزىكا نوتىسىنى يېزىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، سەن يۈرەك تارلىرىمنى تۈزۈپ، ئاجايىپ قاتتىق زەخمەك بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چاغدىكى نوتا ھېچقاچان تۈزىتىش كىرگۈزمەيلا پۈتۈپ چىقىدۇ. بۇ مۇزىكا مېنى سەن مېنىڭ يۈرىكىمدىن ئەمەس، كۆزلىرىمدىن ئاڭلاتقاندەك، يوغان

تىنىق كۆزلىرىمگە ناھايىتىمۇ سەپسىلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن قارايسەن. مەن شۇ چاغدا سىنىڭ يۈرىكىمدىكى كۈچلۈك بارماقلىرىڭدىن تۇزۇلۇپ چىقىۋاتقان تەبىئىي مۇزىكىنى ئۇن ـ تىنسىز، دەخلى ـ تەرۇزسىز سېزىمىڭ ئارقىلىق ھېس قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىمەن. كۆزلىرىم ساڭا قاراۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىسىمۇ چىداپ تۇرۇپ ساڭا ئۇنسىز مۇزىكا ئاتا قىلىمەن ۋە كۆزۈمنى شۇنچىلىك تېز ئاچىمەنكى، ھېلىقى نازۇك، ئىنچىكە كۆزنىشلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە ئالدىرايمەن. خۇددى سەن كۆزۈمدىن يىتىپ كېتىدىغاندەكلا ئالدىراپ ئاچىمەن. بۇ چاغدا سەن مەندىن رازىمەنلىك بىلەن بەك ئامراقلىقىڭنى ئىپادىلىگۈڭ كېلىپ قوللىرىمنى تۇتىسەن، بۇ چاغدا مەن چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىمەن، چۈنكى بۇ چاغدا ھېلىقى مۇزىكا تېخى ئاخىرلاشمىغان بولىدۇ، «مۇزىكا تۇرمۇشتىكى بىر سۇزۇك بۇلاق، خاراكتېرنى تاۋلايدىغان ئوچاق، بالام» دەيمەن كۆزلىرىڭدىن مېھرىم بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ...

كۈن، مەن بەك چارچىدىم، يۇقىرىقى قۇرلار يېزىلىپ بولغاندا ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئارام ئېلىشىم كېرەك. لېكىن شۇ تۇرقى مەن ئۇخلىيالايمەنمۇ؟! يۈرىكىمدىكى مۇرەككەپ تۇيغۇلارنى قانداق يىغىشىم، قانداق بېسىشىم كېرەك؟ مەن بەختلىك ئانا بولۇپ، سىزگە پەرزەنت تۇغۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن، كۈن. بىلىۋاتامسىز ھېسسىياتىمنى؟ بۇ بەلكىم سىز ماڭا ھېلىقى كۈنى بەرگەن ئۇماق ئوغۇلدۇر، شۇ كۈندىكى ئۆتۈنۈشۈمنى ھەر ھالدا ئىجابەت قىپسىز، باتۇرۇم... مەن سىزگە شۇنداق ھېسسىياتلىرىم بىلەن تۆۋەندىكى قۇرلارنى يېزىۋاتىمەن، شادلىقىمنى، بەختىمنى، سېغىنىشىمنى قوشۇپ، كۈن، ئاڭلاۋاتامسىز؟!

خىيالىمدا مەن سىزنى كۆرگەندە قايناق بازار، ئاۋات رەستە، سۇزۇك ئاسمان، قۇياش نۇرى كۈچلۈك يېڭىغىرىم ئىسسىقتا

مىغلداپ تۇرغان ئادەم توپى ئىچىدە بولىسىز، بۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىم سىزگىلا ئاتاپ يېزىلغان مۇزىكا نوتىسىغا تەڭكەشلىنىدۇ، سىز ئۇنى ئۇستا سازەندىلەردەك چالىسىز، ئىككىمىز تەڭ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سىز مەن، مەن سىز بولۇپ بىر - بىرىمىزنى يارىتىشىمىز ... بىز بىر دۇنيا بولۇپ يارىلىمىز.

مەن سىزنى كۆرگەندە بىر پاك، سەبىي ھالىتىمگە قايتىپ كېلىمەن، چۈنكى سىز ماڭا پاكلىق مۇجەسسەملەنگەن بىر تون ئالغاچ كېلىسىز - دە، ماڭا كىيدۈرىسىز. بۇ چاغدا مەن سىزنىڭ پاكلىق بۇلىقىڭىزدىن ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇپ، سىزنىڭ پەزىلەت ناخشىڭىزدا روھىمنى تاۋلاپ، ئۇستازلىقىڭىزدا تەربىيەلەنگەن سەبىي قىزدەك يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلىمەن. بۇ چاغدا سىز ماڭا بەك ئامراق بولۇپ كېتىسىز، ئامراقلىقىڭىزدىن مەن بەكمۇ سۆيۈنىمەن. بىز ئېجىل قېرىنداشلاردەك بولۇپ كېتىمىز. سىز مېنىڭ روھىمنى تاۋلايدىغان ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمىتىمگە نائىل بولىسىز. چۈنكى، مەن ئۇزاق - ئۇزاقتا سىزنى كۆرەلەيمەن. بۇ ئۇزاقلىق ئىككىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى تاۋلاپ، تېنىڭىزگە كۈچ - ھارارەت بېرىپ تۇرغان بولىدۇ.

مەن سىزنى كۆرگەندە قۇياش نۇرى ئەتراپقا تولۇق چېچىلغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز ماڭا تېگى- تېگىدىن سۆزۈك، نۇرلۇق، ئوتلۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ... تېگى- تېگىدىن مېھرىلىك كۆزلىرىڭىز بىلەن قارايسىز، كۈن. مەن بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، چىرايىمغا كۈلكە ياغدۇرۇپ سىزگە جاۋاب قايتۇرىمەن. بۇ خىل قاراش ئۇزۇن داۋاملاشسىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنچە ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلەيمەن، بۇ چاغدا دۇنيا بىزگە، بىز دۇنياغا ئايلىنىپ بولىمىز، بىز شۇنداق ئايلىنىشىمان يۈرىمىز. بىر - بىرىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ، سۆيۈپ ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، بۇ چاغدا قۇياش ماڭا يېقىنلاپ قالغاندەك كۆيدۈرىدۇ، سۆيدۈرىدۇ ھەم سىزنى ھەم مېنى. قۇياش بىزگە

ئايلىنىپ كېتىدۇ. سىز قىپقىزىل ئوتقاشتەك كۆلۈپ بەرگ ئاچ-
قان، چوڭ - چوڭ تولۇپ ئېچىلغانلىقتىن شېخىنى كۆتۈرەلمەي
قالغان قىزىلگۈلگە ئوخشاپ قالىسىز. مەن بۇ خىل سىياقىڭىز-
دىن قانغۇچە بەھرە ئالىمەن، زوقلىنىمەن، ھوزۇرلىنىمەن.
سىز ئۆزىڭىزگە قايتقۇچە بۇ ھال داۋاملىشىدۇ. بۇ چاغدا سىزنىڭ
ئون سەككىز ياشلىق ھالىتىڭىزگە قايتقان ۋاقتىڭىز بولىدۇ.
مەن سىز بەخش ئەتكەن ئىلھام مەنبەسىدىن ئوزۇق ئېلىپ، بەرگ
ئۆرۈپ ئاچقان قىزىلگۈللۈك تىكەنلىك شاخلىرىڭىزدا چاڭقىلداۋات-
قان بۇلبۇلغا ئايلىنىمەن. شۇ چاغدا سىز ئېڭىشىپ يەرگە قارىۋا-
لىسىز، شادلىقتىن تېرىڭىزگە سىغماي قالىسىز، كۆن ··· مانا
ئەمدى مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ دادا بولۇش
تۇيغۇسىغا چۆمگەن تۇرقىڭىزنى ھېس قىلسىڭىز، قانداق بىر
ھالەتكە كېلىپ قالارسىزكىن؟! مەن شۇ تاپتا سىزنى زارىقىپ
كۈتۈۋاتىمەن، مېنىڭ روھىمدا، ۋۇجۇدۇمدا، تېنىمدە، چىرا-
يىمدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىڭىز، بىر دەقىقە بولسى-
مۇ يېنىمدا تۇرۇپ ھېس قىلىپ باقسىڭىز ئىدى - ھە!؟
تۇيغۇم مېنى ئالدىمىغانىكەن، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مېنىڭ
راستىنلا ئانا بولىدىغانلىقىمنى، مېنى شادلاندۇرۇۋاتقان، سارا-
سىمىگە سېلىۋاتقان نەرسىنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى يېڭى بىر جان
ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ھالدا خاتاسىز ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى. شۇ
كۈنى مەن گويا چەكسىز بەخت، شېرىن سېزىم ئىچىدە لەيلەپ
يۈرگەندەك بولدۇم. كۆزلىرىم نۇرلىنىپ، نەپەسلىرىم يېنىك ۋە
يېقىملىق بولۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمدىن، كۈلكەمدىن، تىنىق-
لىرىمدىن خۇش پۇراق تارقاپ ئانا بولۇش لەززىتى ھەممە يەرنى
گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك بولدى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ،
دىلىم تاماق تارتمايتتى. قازان بېشىغا ئۆتكۈم، قوشۇق، چۆمۈچ-
نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇم كەلمەيتتى، بىئارام بولاتتىم ھەم شاد-
لىناتتىم. ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئادەم كۆپ جايلاردا تۇرغۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

كەلمەيتتى. توۋا، ئانا بولۇش ئالدىدىكى ھەممە ئاياللار ماڭا ئوخشاش تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، مەندەك مۇرەككەپلىكلەر ئىچىدە مەستخۇش بولامدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ئاي، رەھمەت ساڭا، مەن بەك خۇش بولدۇم، — كۈنبەگ تېلېفونومنى ئېلىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەن ھالدا، — ھازىرلا، مانا ھازىر، — دەپ تۇرۇپكىنى قويۇۋەتكەنىدى.

— قېنى سەن، ئاي؟ جېنىم ئاز قالدى ئالدىراپ، — ئۆيگە كىرىپلا شۇنداق دېدى كۈنبەگ مېنى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ.

— مانا مەن، كۈن، قانداقراق ئۆزىڭىز؟ — دېدىم ئاشخانىدىن چىقىپ.

— ياخشى، سېنى قانداق بولۇپ قالدىكىن، دەپ تاقىتىم تاق بولدى زادى.

— مۇشۇنداق تۇرۇۋېتىمەنغۇ مانا، — مەن ئۇنىڭ قولىدىن سومكىنى ئالغاچ خۇشاللىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ يەرگە قارىۋالدىم.

— ئا... بولدى قويە سومكىنى، سېنى بىر كۆرۈۋالاي.

كۈنبەگنىڭ كۆزلىرىدىن كۈچلۈك يالقۇن چاچراپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىغا پەقەت بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئۇ مېنى ئاچ كۆزلەرچە باغرىغا بېسىپ خېلى ئۇزاققىچە پۇراپ كەتتى.

— بولدى، — دېدىم ئۇيىلىپ، — ئەمدى يۈز ـ كۆزىڭىزنى يۇيۇپ تاماق يەۋېلىڭ. باشقا گەپنى كېيىن قىلايلى، — دېدىم ئۇنى ئاستا ئىتتىرىپ.

— سېنى بەكرەك كۆرۈۋالاي، ئاي. قارىغىنا، نېمىدېگەن ئوماق بولۇپ كەتكەن سەن ـ ھە! ۋاي ـ ۋۇي، شۇ تاپتا...

— ئەسكى، ئەمدى چوڭ بولدىڭىز ـ ھە!

— ماقۇل، ۋاي قاقۋاشەي.

باھار كېلىپ يەرلەر ئەكچىشكە باشلىدى، چىملار، قىياقلار، گۈللەر يەردىن باش چىقىرىپ، غۇژمەكلىشىپ يەرنى

كۆكەرتىپ قىشتىن بۇيانقى ئاپئاق قارنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئاشۇ گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە بالام مېنى چۆچۈتۈپ تۈنجى قېتىم تەۋرىدى ...

## ئېزىتقۇ كۆزلەر

قەلبىمدىكى قەھرىمانىم، مەڭگۈلۈك ھەمراھىم، پاناھىم، ئاشۇ قەيسەر ئېرىم كۈنبەگدىن باشقا ھېچقانداق سىرداشىم، دوستۇم، يېقىنىم يوق ئىدى. ئاتا - ئانامغا بولسا ھەممە كۆڭۈل سىرىمنى ئېيتىپ يۈرگىلى بولمايتتى. ئۆتكەندە كۈمۈشنى قەل-بىمدىن سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ماڭا ھەقىقىي دوست ئەمەس، بەلكى مېنى شەيتان قىلتىقىغا دەسسەتمەكچى بولغان ئىبلىس ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ، كىشىلىك ھايات دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغاندىن بۇيان ئۆزۈمنى بىر خىل يېنىكلىك ئىچىدە سېزىپ يۈرەتتىم. روھىي ھالىتىمدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشلەر، ئانا بولۇش تەشنالىقىدىكى تۈرلۈك ۋەھىمىلەر، يۈرىكىمنى سى-قىپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل ئەندىشىلەر، قورسىقىمنىڭ بىلىنەر-لىك يوغىناپ مېڭىش - تۇرۇشلىرىمدىكى قولايسىزلىقلار ئەدى-گەنچە كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇشقا باشلايتتى.

بۈگۈن كۈنبەگ ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كىرەتتى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر كەچ سائەت توققۇز بولغىچمۇ ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مەن بەك تىت - تىت بولدۇم، بىرنەرسە يېگۈم يوق، تېلېۋىزورمۇ خۇشياقمىدى. ئۇيقۇم قېچىپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ياتالمىدىم. بىر چاغدا يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغان-دەك ئاياغ تىۋىشى قۇلىقىمغا كىرىپ، كارىدوردا شىپىلداپ ماڭ-غان شەپە ئاڭلاندى. قۇلاقلىرىم دىڭ بولۇپ، ئىشىككە يۈرىكىم-نى چاپلاپ تۇرغاندەك ئولتۇردۇم. ئىشىككە ئاچقۇچ سېلىندى، ياق، ئىشىككە ئەمەس، قەلبىمگە، يۈرىكىمگە ...

— كىردىڭىزمۇ، كۆن. نېمانچە ئەنسىرەيسىز مېنى؟!
— ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق، ئاي. نېمىشقا تېخىچە ئۇخلىمىدىڭ؟

كۆنبەگنىڭ كۆزلىرى سەل قىزىرىپ، بىرنەرسىگە ئاچچىقلىنغاندەك ھالەت تۇرقىدىن ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھكاردەك كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقاچاتتى.

— نېمىگە ھودۇقىسىز، كېلىنىڭ شىرەگە، قېنى تامىقىڭىز سوۋۇپ قالدى.

— بىرنەرسە يېگۈم يوق، ئاي. ھېچ نەرسىگە كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

— ۋۇي، نېمە بولدى سىزگە، مىجەزىڭىز يوقمۇ، كۆن؟

— ياق، مېنى بىردەم ئارامىمغا قويغىن، بولامدۇ!

مەن خېلى چاغقىچە ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدىم. «ئۇزاقراق ئويلىنىۋالسۇن، بەلكىم خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشنى كۆڭلىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم. كۆن ئۇلاپ-ئۇلاپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتاتتى. كۆزلىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك تىنچ ھەم ئويچان، مۇڭ ۋە بىر خىل ئېچكى ئەلەم بىلەن ياناتتى. يۈرىكىم سىقىلىپ، نەپسىم يېتىشمىگەندەك ھالەتتە نەچچە سائەت ئۆتكىنىنى بىلمەپتىمەن، بىر چاغدا قەلبىمدىكى پىغاننى زادىلا باسالماي قالدىم. بىز تونۇشۇپ، ھەتتا توي قىلغاندىن كېيىنمۇ كۆننىڭ بۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالغىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

— كۆن جېنىم، نېمە ئىش بولدى؟ ئېيتىڭا؟ — دېدىم بۇرۇقتۇرمىلىقتا زادىلا چىداپ تۇرالماي يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلەشكەن ھالدا.

— ھەي ... ي، يامان سوراپ تۇرۇۋالدىڭ، ئاي. زادى تاقەت قىلىپ تۇرالمىغىنىڭنى بىلىپ تۇرىمەن ... قارا.

— ھە، نېمە ئىش زادى، ئەزەلدىن ئۇنداق ئەمەستىڭىزغۇ سىز؟

— قارا، ئەمدى مۇنداق ئىش، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئوڭايسىزلىق، ئەپسىزلىك، ئىچ ئاغرىشتەك بىر نۇر دەۋ-رەپ كېتىۋېدى، يۈرىكىم ئېغىپ «شۇررىدە» قىلغان سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قورۇندۇرۇۋەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمە گەپ بۇ؟ دەڭە تېزرەك، ئادەمنى ساراڭ قىلماي!

— ماقۇل، ئاي. ئۇنچە تىت - تىت بولما، بۇ بىر ياخشى ئىش بولمىسا - يا.

— نېمە؟ ياخشى ئىش ئەمەس؟!

— شۇنداق، بەك سوراپ تۇرۇۋالمىساڭ ئىچىمدىلا تۇنجۇق-تۇرۇۋېتەي دېگەن بۇ گەپلەرنى، سېنىڭ ھېلىقى ئىسمى نېمىدى؟ كۇمۇش دېگەن بىر دوستۇڭ بولىدىغانغۇ؟

— كۇمۇش!؟ نېمىدەپ يۈرىسىز، كۈن!؟

— ۋاي، توختاپ تۇرمامسەن، شۇ چۈشتىن ئىلگىرى تېلې-فون قىلىپ «سېنى قاتتىق ئۆزگىرىپ قالدى، تېز دوختۇرخانىغا كېلىڭ» دەيدۇ، سەن تېلېفونىڭنى ئېتىپ قويۇپ ئىشلەيدى-غىنىڭنى ماڭا ئېيتقان بولساڭمۇ نېمىشقىدۇر يەنىلا سەندىن ئەن-سىرەپ پەقەت تۇرالماي قالدىم. ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل باش دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كۇمۇش دوستۇڭ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ!

— «قېنى تاكسىغا چىقىڭ، خەلق دوختۇرخانىسىغا بارد-مىز» دېمەسمۇ، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتىمەن. تاكسىغا چىقتىم، پۈتكۈل ئوي - خىيالىم سەندە. بىر چاغدا قارىسام بىر قەھۋەخانىنىڭ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشۈۋاتىمىز.

— نېمە؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىمىز؟ — دەپ سورىسام، جىم تۇرغان ئېغىزى ئېچىلدى ئۇنىڭ.

— يۇرۇك، «كىرىپ بىردەم پاراڭلىشايلى» دەپ شۇنداق قىلغان دەيدۇ. ئوغۇل بالىلىقتا نېمە قىسمەتلەر بولمايدۇ دەيسەن، كىرىپتىمەن، بىر قاراڭغۇ كارىدور، گۆردەك ئايرىمخانىلار، بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇق.

— بولدى، سۆزلىمەك، نېمە رەسۋالىقلارنى قىلدىڭلار كىم بىلىدۇ. شۇ هامان ئۆتكەنكى ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە مېڭەمدىن ئۆتتى.

— ۋۇي، تۇرۇپ تۇرمامسەن. مەن شۇنداق قىلىدىغان ئادەمما؟ ئۆزۈڭنى بېسىۋال دەيمەن.

مەن كۆنبەگنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەل ئۆزۈمنى بېسىپ ئولتۇردۇم، ئەمما يۈرىكىم زىڭىلداپ، كۆزلىرىمگە بىر قىزىللىق تىقىلىپ، ئاچچىقىم مېڭەمگە تېپىپ تۇراتتى. كۆنبەگ بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەۋاتسىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىگەندەك ئىدى.

ئۇلار ئايرىمخانىغا كىردى. كۈمۈش بۇيرۇتقان بىر بوتۇلكا قىزىل ئەترگۈل هارىقى ئىككى رومكىغا قۇيۇلدى. ئاقۋالداق بىلەن خانىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان مەززىلىك پۇراق بىر بولۇپ كۆنبەگنى خېلىلا ئېغىر - بېسىق قىلىپ قويغانىدى. كۈمۈش رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ هازىرقى كىشىلىك هايات، ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى خىزمەت ئەهۋالى، تورداشلار ئارىسىدىكى كىمنىڭدۇر ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دەپ ئالدىنقى ئايدا كورلىدىن ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەن ئۈچ كۈن جەريانىدا بولغان ئىشلار، قاتار چاي، پاي چېكى ئويناشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى هەققىدە خېلى ئۇزاققىچە سۆزلىدى. ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتكەن ئىككى رومكا هاراق ئۇنى خېلىلا جەزبىدار قىلىپ قويغانىدى. كۆزلىرى چاقناپ بىر ئېزىقتۇرغۇچى نۇر هېلىدىن - هېلىغا كۆنبەگنىڭ قەلبىگە هۇجۇم قىلاتتى. تىنىقلىرى ئىتتىكلەپ، ئاپئاق بويۇن، پۇلتىيىپ تۇرغان كۆكسلىرى

دەمۇدەم لىغىرلاپ ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قانلىرىنىڭ شۇۋۇلداپ نەرە تارتىپ، ئاياللىق ھېسسىياتى غالجىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كۆزلىرىدىكى خۇمارلىق بېقىشلار، قاشلىرىنى يىمىرىپ، لەۋلىرىنى تارتىملىق پۈرۈشتۈرۈپ ئۈزۈلدۈرمەي قىمىرلىتىشلىرى، قوللىرىدىكى ئاق ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى يەنە ئېلىپ يەنە سېلىشلىرى، بىر خىل خۇلق ۋە كۆيدۈرگۈ غەمزە ئارىلاشقان قىلىقلىرى شەھۋانىيەت ئۇچقۇنىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبىنى ئەسلىتەتتى.

كۈنبەگ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان ئەرلىك غۇرۇرى، يۈرىكىدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ياۋايى ئىنتىلىش تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ بىر غايىۋى جىنايەتكارلىق يولىغا ئىتتىرمەكچى بولغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياناتتى، يۈرىكى ياناتتى، ۋۇجۇدى ياناتتى…

كۈنبەگ ئاستا سۈرۈلۈپ كۈمۈشنىڭ يېنىغا قىمىرلىدى. شۇنى كۈتۈپ تۇرغان كۈمۈش «لىككىدە» كۈنبەگنىڭ قۇچىقىغا چىقتى ـ دە، ئۇنىڭغا «چىڭڭىدە» گىرە سالدى. ئۇ لېۋىنى كۈنبەگنىڭ لەۋلىرىگە يېقىن ئەكېلىپ بىردىنلا جىم بولدى ـ دە، ئوتلۇق، ئېزىقتۇرغۇچى، يالقۇنلۇق ۋە مەككار كۆزلىرى بىلەن خېلى كەمگىچە «جىممىدە» قاراپ كەتتى. بۇ قاراشلىرىدا ئۇ كۈنبەگ بىلەن ئايتاشنىڭ ئامراقلىقىغا، بەختلىك ئائىلىسىگە، چىڭ، مۇستەھكەم، پاك مۇھەببىتىگە بولغان ھەسرىتىنى، كۆرەلمەسلىكىنى، ئىچى قارىلىقىنى ئىپادىلەيتتى. «نېمىشقا باشقىلار بەختلىك، خۇشال ـ خۇرام، غەمسىز ۋە شۇ قەدەر ئامراق بولۇپ كېتىدۇ؟ مەن ئېرىشەلمىگەن مۇھەببەت ۋە بەختتىن باشقىلارمۇ بەھرىمەن بولمىسۇن» دېگەن ۋەھشىي، رەزىل ھەم شەخسىيەتچى ئوي، ئەشەددىي قارا كۆڭۈللۈك بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بىر قاراڭغۇ پىلان مۇشۇ دەقىقىدە ئەمەلگە ئېشىشى كېرەكتەك، ئالدىدا تۇرغان بۇ ئاق

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل ئىنساننى بىرلا سۇمۇرۇش بىلەن مەڭگۈ تىمساس كۆمپقاپقا تارتىپ كېتىدىغاندەك قورقۇنچلۇق ئەلپاز ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندەك ھالەت ئۇنىڭ شوخ، خۇمارلىق، ھىيلىگەر، جەلپكار كۆزلىرىدە پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ قاراش گويا مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئاستىغا بىلگىلى بولمايدىغان پىلان - ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. ئۇ قاراشتا سەمىمىلىكتىن كۆرە سۇنئىيلىك، مۇھەببەتتىن كۆرە ھەييارلىق، ھالاللىقتىن كۆرە تەييارتاپلىق، ساداقەتتىن كۆرە كۆيدۈرگۈلۈك بەكرەك ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغاندەك ئىدى. كۈنبەگنىڭ ئېرىپ كەتكەن ۋۇجۇدى ئاستا - ئاستا سوۋۇشقا، ئۆزىنىڭ ساددىلىقلىرىدىن ئۇيىلىشقا، ئايتاشقا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر شەرمەندە ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىزا تارتىپ، ۋىجدانى خورلۇق تارتىۋاتقاندەك بىر ئىچكى سوراق ھۆكۈم سۈرەتتى.

— بۇ قىلغىنىڭىز پەقەت بولمىدى، كۇمۇش. نېمىشقا بۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىمىز - ھە؟ سىز ئايتاشنىڭ يېقىن دوستىغۇ؟ — دېدى كۈنبەگ كۆزلىرىنى كۇمۇشنىڭ كۆزلىرىدىن ئەپقېچىپ، ئۇنى قۇچىقىدىن ئىتتىرىپ ساپاغا چۈشۈرگەچ.

— ئۇھ، نېمانداق ئادەمنى چۈشەنمەيدىغانسىز، كۈنبەگ. مەن سىزگە تەلمۈرۈپ يۈرۈۋاتقىلى قانچە ئايلار بولدى - ھە، بىرەر قېتىم ئەجەبمۇ...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز، كۇمۇش. سىز دېگەن ئايتاشنىڭ يېقىن دوستى بولۇپلا قالماي ئائىلىمىزنىڭمۇ يېقىن دوستى جۇمۇك، ئۇقۇپ قويۇڭ!

— بىراق، كىم بىلەتتى بۇ ئىشنى، كۈنبەگ. بەك تاش يۈرەك ئىكەنسىز.

— «كىم بىلەتتى» دېگىنىڭىز نېمە گەپ ئۇ. ۋىجدانىمىز، ئادەمىيلىك غۇرۇرىمىز بىلىپ، كۆرۈپ تۇرىدۇ ھەممىنى...

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ھازىر كىم ۋىجداننىڭ گې-

پىنى قىلىدۇ، قاراڭ، بەك ساددىكەنسىز.
— بۇنداق دېگىنىڭىز پەقەت بولمىدى، بىز تونۇشمايدىغان ئادەملەردىن بولغان تەقدىردىمۇ مەن ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، بىلىپ قويۇڭ.
— خۇددى ۋىجدان، غۇرۇرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغاندەك گەپ قىلىدىكەنسىز، توۋا …
— نېمىگە توۋا، قىلمىشىڭىزغىمۇ؟ ئۇقۇپ قويۇڭ، ئادەم دېگەن ئۇ دەرىجىدە پەسكەشلىشىپ كەتسە بولمايدۇ، سىزگە پۇل لازىممىدى، لازىم بولسا مانا پۇل، ئېلىڭ، كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالداپ يۈرۈپ قىلىپ يۈرگەن ئىشنى بۇ بىرىنېمىنىڭ، ئېلىڭە، مانا!
غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن كۆنبەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يانچۇقىدىن بەش يۈز يۈەن پۇلنى چىقىرىپ كومۇشنىڭ يۈزىگە ئاتتى.
يۈز بەرگەن ئىشنى ئاڭلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھان؟ يا ئاللا، ئادەملەردە ھەقىقەتەن ئىنساپ، ئىمان، ۋىجدانىي سۈپەت قالماپتۇ، ئەينى ۋاقىتتا «دوستۇم، ئادىشىم» دەپ يۈرگەن كومۇشنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرى نېمىدېگەن رەزىللىك - ھە؟! باياتىن جىله بولۇپ كۆنبەگنى سۆزلەشكە قىستاپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرگىنىم ئۇچۇن ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم، يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياناتتى. ئىشلار نېمىدەپ مۇنداق مۇرەككەپ ۋە شۇنچە سىرلىق بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟ جاھان بۇزۇلۇپ نەگە بارار؟ ئادەملەردە ئىنسانىي سۈپەت كۆنسېرى كەملەپ، ئايالللار ئايالغا ئوخشىماي قىلىۋاتىدىغۇ؟!
گۇناھكاردەك ئېغىر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان كۆنبەگكە قاراپ ئىچ - باغرىم سىيرىلغاندەك بولدى. مەن ئېرىمگە ئىچ ئاغرىتىۋاتامدىم ياكى ئۆزۈمگىمۇ، ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەي

ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغانچە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدىم.

بۇ ئۆي ئۆي بولۇپ بۇنداق مۇدھىش ھالەت، ئىككى تەندە بۇنداق خورلۇق ھېسسىيات مەۋجۇت بولۇپ باقمىغانىدى. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز، بىر - بىرىمىزگە بولغان يالقۇنلۇق سۆيگۈمىز، ئىشەنچ - ئېتىقادىمىز، تەقدىرىمىز كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى بىزگە خېلىلا پىششىق تونۇش بولغان بىر «گۈزەل ئالۋاستى» تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتاتتى، خورلىنىۋاتاتتى، يەرگە ئۇرۇلۇۋاتاتتى. بۇنداق ئاھانەتكە چىداپ تۇرغىلى بولسۇنمۇ؟! بۇ خىل سۇيىقەستنىڭ ئارقىسىغا نىمە يوشۇرۇنغان بولغىيتتى؟ كۆرەلمەسلىكمۇ؟ ھەسەتمۇ، ياخشى كۆرۈشمۇ ياكى پۇلمۇ؟ ۋە ياكى جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ئېزىقتۇرغۇچى كۆڭۈل خۇشىمۇ؟! ...

مەن تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتىم، ئۆز ئەقىدەمنىڭ، ئائىلەمنىڭ، سۆيۈملۈك ئېرىمنىڭ بىر چاغلاردىكى دوستۇم تەرىپىدىن قاتتىق ھاقارەتلەنگەنلىكىگە يىغلايتتىم. كۆمۈشنىڭ كۆزلىرى ئاستىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئىچى تارلىق، ئىچى قارىلىققا يىغلايتتىم. «زادى كۆمۈشنىڭ مەندىن پايدىلىنىپ قىلىدىغان قانداق شۇم پىلانلىرى بولغىيتتى؟» دەپ پۇچىلىناتتىم، كۆڭلۈمنىڭ ساددا ھەم ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، ئاقىلانە تۇرقىغا سۆيۈنۈپ، ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتەلىگىنىمدىن شادلىنىپ يىغلايتتىم ...

كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس.

ئەتىسىدىن باشلاپ مەن قىزىپ ئوت - كاۋاپ بولۇپ كەتتىم، نىمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كۆنەگ مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ نىمىشقىدۇر دوختۇرخانىغا زادىلا بارغۇم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويۇم ئېغىرلىشىپ قالغاندا دورا يېيىش، ئوكۇل ئۇرۇشنىڭ قورسىقىمدىكى بالىغا ئەكس

تەسىرى بولىدىغانلىقىنى ئالدىنقى ھەپتىلىك تەكشۈرۈشتە دوختۇر ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

مەن ئىشقىمۇ بارماي چۈمكىنىپ يېتىپ تازا يىغلىدىم، قانداقتۇر بىر ئوڭايسىزلىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنبەگ ئىسسىق ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەززىلىك شوۋىگۇرۈچنى ئېلىپ يېنىمغا كەلگەندە يىغىدىن ئىشىشىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بولدى، تولا يىغلاپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما! — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بىر ھالەتتە كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، — مېنىمۇ تەڭقىسلىقتا قويۇپ ئۆلتۈرەي دېدىڭ شۇ تاپتا ...

كېيىنكى ھەپتىسى دوختۇرغا كۈنبەگنىڭ زورى بىلەن ئاران كۆرۈنۈشكە ماقۇل بولدۇم ھەم ھامىلىنىڭ نورمال يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىنلا ھەر ئىككىلىمىز خاتىرجەم بولدۇق.

## رەھمەت ساڭا، ئاي

بىر ھەپتە ئەلەڭ - سەلەڭ يۈرۈپ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. كۆڭلۈم يېرىم بولغاندا، يالغۇزسىراپ قالغاندا، كۈنبەگنى ئويلىغاندا قورسىقىمدىكى تۆرەلمە كىندىكىم ئەتراپىغا كۈچلۈك تېپىپ، كىچىككىنە مۇشتۇملىرى بىلەن تىرەجەپ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئامال بار كۆڭلۈمنى خۇشال تۇتۇشقا، خاپا بولماسلىققا، ئۆتكەن ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتىم، كۈنبەگمۇ ئامال بار ئىشتىن چۈشكەن ھامان بالدۇر ئۆيگە قايتىپ ماڭا ھەمراھ بولۇشقا تىرىشاتتى. سەل شىۋىرغان چىققان كۈنلىرىمۇ مېنى ئۆيدە ئولتۇرغۇزماي ئۆزىنىڭ كۈزلۈك پور رەڭ چاپىنىنى ماڭا كىيگۈزۈپ كوچا ئايلانغىلى ئاچىقاتتى. بەزى كۈنلىرى تورتخانىلار، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن سودا سارايلى-

رى، ئېسىل كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇلغان يەر ئاستى بازىرىدى-كى كىيىم - كېچەك دۇكانلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، مەززىلىك كا-ۋاپلار بىلەن تاماقلاندۇرۇپ ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى، كۆڭلۈمنى ئاچاتتى. بەزى كۈنلىرى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ ئاپام بىلەن مۇڭ-داشتۇرۇپ، ئۇكىلىرىم بىلەن كۆڭلۈم ئېچىلغۇچە پاراڭلاشتۇ-رۇپ كېلەتتى.

— قارا، مەن نېمە ئەكەلدىم ساڭا، — دېدى كۈنبەگ ماڭا ئارقىسىغا قىلىۋالغان قولىنى كۆرسەتكىلى ئۇنىماي شوخلۇق قىلىپ بىر كۈنى.

— ئىشتىن چۈشۈپ نەلەردە يۈرىدىكىن دېسەمزە، ئەمدى يەنە بىر ئويۇن چىقىرىپ يۈرىدىكەنمىزمۇ؟ — دېدىم جىلە بولغانەك دومسىيىپ.

— بولدى قويە، ئۆتكەن ھەرقانداق ئىشنى ئۇنتۇپ كۈلىدى-غان ۋاخ كەلدى ئەمدى، قېنى، تېپىپ باقە!

— نېمە ئۇ، ئەكېلىڭە ئەمىسە!

— مانا، مانا تاپالمىدىڭ، مانا.

ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يالتىراپ تۇرغان يۈرەك شەكىللىك قاپچۇقنى بېشى ئۈستىدىن ئايلاندۇردى.

— ئالمايمەن، بەرمىگەندىكىن، — مەن يالغاندىن باتنىغان-دەك قىلىپ كەينىمنى قىلىپ تۇرۇۋالدىم.

— ئۇششۇق بولۇپ كېتىپتۇغۇ مېنىڭ ئايىم، مانا ئۆز قولۇم بىلەن ئېچىپ كۆرسىتەي.

مەن كۈنبەگنىڭ قولىدىكى ئاپئاق ئۈنچىدەك، يۇلتۇزسىمان چاقناپ تۇرغان ئۈزۈكنى كۆرۈپ شۈنچىلىك خۇشال بولۇپ كەت-تىمكى، كۆڭلۈمدىكى غەملەر بىراقلا غايىب بولۇپ، يۈرىكىم تېپچەكلەپ سېلىپ كەتتى. ئۈزۈكنى كۈنبەگ ئاۋايلاپ سېلىپ قويۇۋېدى، خۇددى توي قىلغان كۈنىمىزدىكىدەك ھاياجان يۈرى-كىمنى قاماللاپ، قەلبىم ئېيتقۇسىز شادلىق، بەخت تۇيغۇسىدىن

باشقىچە يايراپ كەتتى.

مەن شۇ تاپتا ھەقىقەتەن بەختلىك ئىدىم.

— بۈگۈنى نېمىدەپ ئالغانسىز پۇلنى بۇزۇپ ئاۋارە بولۇپ، — دېدىم مەن كۈنبەگكە ئەركىلەپ يۆلىنىپ تۇرۇپ.

— نېمىدەپ ئالدۇ، سەن جاپا تارتىپ ئىككى كىشىلىك ياشاۋاتىسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىندىن بېرى بىزگە كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ ئاز بولمىدى، شۇلارنى تېزرەك ئۇنتۇسۇن، بالىمىزنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، قالايمىقان خىياللاردا بولماي، كۆڭلى توق، خۇشال ئانا بولسۇن، دەپ سېنى مۇبارەكلىگۈم كېلىپ ئالدىم شۇ، — كۈنبەگ شۇنداق دەپ بىر قولى بىلەن قورسىقىمنى ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە، ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپسىز، كۈن. سىزگە كۆپ رەھمەت، راستتىنلا مېنى شۇ قەدەر ئاياپسىز يۈرىكىڭىزدىن؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، مېنىڭ كىمىم بار ئىدى سەندىن باشقا، ئاي.

— رەھمەت، شۇنداق ئويلىغىنىڭىزغا.

بىز قولمۇقول تۇتۇشۇپ بىردەمدىلا ئۈچ خىل قورۇما بىلەن ئوخشىتىپ گاڭپەن دۇملىدۇق، كۈنبەگنىڭ قورۇغان توخۇ، پاقلان گۆشى، غولپىياز قورۇمىلىرى ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. ئاچچىق - چۇچۇك تاماق بىلەن راھەتلىنىپ، كۆز بېقىشىپ ئولتۇرۇپ بەھرىلىنىش نېمىدېگەن پەيزى - ھە؟

كۈنلەر نېمىدېگەن تېز ئۆتىدىغاندۇ؟ ۋاقىت نېمانچە ئادەمنى تېز قېرىتىۋېتىدىغاندۇ؟ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك ۋەھىمىلىك خىياللار كېلىۋالىدىغاندۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرىم نېمانچە كۆپ، سىرلىق ۋە ئەگرى - توقايدۇ؟! ھاياتنىڭ بۇنداق تۈگىمەس مۇئەممالىرىغا جاۋاب تېپىشقا مەن تېخى قادىر ئەمەس ئىدىم. قورسىقىم-

دىكى تۆرەلمىنىڭ ھەرىكەتلىرى، تىنىقلىرى، تەشنالىقلىرىنى بىلىپ يېتەلمەيتتىم. پەقەت ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا ساق ــ سالامەت تۇغۇلۇشىنى، كۈنبەگ بىلەن ئىككىمىزنى تېزرەك ئالەمچە خۇش-شاللىققا چۆمدۈرۈشىنى خۇدادىن تىلەيتتىم.

يەكشەنبە كۈنى سەھەردىلا ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. كۆڭلۈم تالانى تارتىپ، نەپەسلىرىم يېتىشمىگەندەك بولۇپ كەڭرى كەتكەن دالادا يۈرۈشنى خالاپ قالدىم.

— تۇرۇڭە، كۈن. سىرتقا چىققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدىم بىر خىلدا يۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان كۈنبەگنى تۇرتۇپ.

— سائەت نەچچە بولدى؟ — دېدى كۈنبەگ كۆزىنى ئېرىنىد-چەكلىك بىلەن ئېچىپ.

— سەككىز بولدى، تۇرۇڭە ئەمدى؟

— ۋاي بىردەمدىلا؟

— ھەئە، تۇرۇڭە، قوزام. مېنى بىردەم ئايلاندۇرۇپ كىرىد-ڭە، ئوماق.

— ۋاي، سېنىڭ مۇشۇ شېرىن گەپلىرىڭنىزە، نەگە بارد-مىز؟

— ھە، مېنىڭ جىق سۇ بار يەرلەرگە بارغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئايكۆلگە بارايلىچۇ.

— يەنە شۇ ئايكۆلنىڭ گېپىما؟

— بولۇڭ تېز، سۇزۇك سۇغا قارىسام بالىمىز ئوماق تۇغۇ-لىدۇ.

— ھۇ، شەيتان، بوپتۇ ئەمىسە.

بىز قولتۇقلىشىپ قىرغاق بويلاپ كېتىۋاتىمىز، سەيلە-سایاھەتچىلەر تېخى ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغانمۇ ياكى بۇ يەرنىڭ بوۇنداق ئەتىگەنلىك پەيزىدىن خەۋەرسىزمۇ، كىشىلەر ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئۆستەڭنىڭ كۆلگە قۇيۇلۇش ئېغىزىدىن ئوقچۇپ كۆ-

پۇكلىنىپ، كۆۋەجەپ چىقىۋاتقان سۇ ھەيۋەت سىمفونىيە ھاسىل قىلىپ كۆل يۈزىنى ئاجايىپ گۈزەل، ئۆزگىرىشچان، شەكلىنى پەرق ئەتكۈسىز رەسىملەر بىلەن بېزەتتى. بېلىقلارنىڭ «چولتوك - چولتوك» قىلىپ چىقارغان ئاۋازى، بېلىقچى قۇشلارنىڭ ئاپئاق پوكىنىنى سۇ يۈزىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇپ، ئالغان ئولجىسىنى كۆتۈرۈپ بوشلۇققا شۇڭغۇشى ئالاھىدە بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

مەن چېتىنى ئاران پەرق ئەتكىلى بولىدىغان كۆل يۈزىگە قاراپ، تۇرلۇك سۇ جانلىقلىرى، ئادەملەر، ھاۋادىكى تۈمەن خىل ئۆزگىرىشلەر، كىشىلەر ئارا مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر، قەلبىمدىكى ئارزۇ - ئارمانلار، كۈنبەگ بىلەن ئارىمىزدىكى چەكسىز سادىقلىق ھەققىدە ئۇزاققىچە ئويلاندىم. مېنىڭ خىيالىمنى چالغىتىشنى خالىماي ئۆز دۇنياسىدا ئەركىن - ئازادە سەيلى قىلىپ يۈرگەن سۆيۈملۈك كۈنبەگ شۇ تاپتا كۆزلىرىمگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، ۋۇجۇدۇمغا چەكسىز كۈچ بېغىشلايتتى.

قۇياش بارغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ سۇ يۈزىنى، چەكسىز كەتكەن سېرىق تۇپراقلىق دالانى، تەبىئەتكە ئۆزگىچە ھۆسن بېغىشلاپ تۇرغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى، ئۆز ئارا قېنىشماي، مەھكەم قولتۇقلىشىپ، يۇرەكلىرى، تۇيغۇلىرى، تومۇرلىرىنىڭ سوقۇشلىرى ئارقىلىق قەلب تەشۋىشلىرىنى ئاڭلىشىۋاتقان بىز ئاشىق - مەشۇق ئەر - خوتۇنلارنى قىزدۇرۇشقا باشلىدى.

— كۈن، قۇياش ئاستىدىكى بۇ زېمىن نېمىدېگەن ھەيۋەت، مېھرىلىك ۋە سېخىي - ھە؟ — دېدىم ھاياجىنىمنى باسالماي.

— سېنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىڭ ھەقىقەتەن قالتىس جۇمۇ، ئاي. خۇددى پەيلاسوپلاردەكلا گەپ قىلىسەن بەزىدە.

— يېنىمدا جاھاننىڭ ئەڭ نازۇك ئىشلىرىنى، ئەڭ مۇرەككەپ تۈگۈنلىرىنىمۇ يېشىپ بېرەلەيدىغان پەيلاسوپ تۇرغان يەر-

ده، نېمىدىن قورقاتتىم.

— ۋاھ، بىر جۇملە سۆز بىلەنلا ھەممىنى يېشىپ چىقتىڭغۇ مانا، ئاي. مېنى ھەم شائىر، ھەم پەيلاسوپ قىلىۋېتتىڭ تۈزۈك، نېمە بولارسەن ئەمدى؟

— مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ ئوغلىمىزنى تەربىيىلەيدىغان ئانا بولالىسالا بولىدى، كۇن. سىز تۇرغان يەردە ماڭا يەنە نېمە كەمتى.

— رەھمەت ساڭا، ئاي. خۇدا دېگىنىڭنى نېسىپ قىلار.

— قۇياش ئۇستىمىزدە نۇر چېچىپ بىزگە كۇلۇپ رازىلىق بېرىۋاتامدۇ ئەنە، يەنە نېمە غەم قىلىش ئەمدى؟

— توغرا، قۇياش ھەممىگە شاھىت.

كۇنبەگ بىلەن ئايتاشنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان شەھەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۇلۇپ قويىدى.

# پۇشايمان يېشى

## ئەلجان ئوبۇل خەنجەر

### مۇقەددىمە

زىمىستان قىشىنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق سوغۇقى سەككىز كىشىلىك كامېردا تۇگۇلۇپ ياتقان سەلىمجاننى چوڭقۇر خىياللار قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئايىغى چىقماس خىياللىرى بالىلىق مەزگىللىرىدىكى غۇبارسىز مىنۇتلاردىن باشلانغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپتىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنكى ئىشلار، ئالىيە بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك توي، بولۇپمۇ ھەر خىل ئۆگىنىش، كۇرسلاردىكى ئەستىن چىقماس دەقىقىلەر ئۇنى يىلاندەك تولغىتاتتى. ئۇ تۈرمىنىڭ نېپىز يوتقىنىنى بېشىغا مەھكەم ئوراپ تۇگۇلۇپ ياتقان بولسىمۇ، سوغۇق جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، كاللىسىدىكى شېرىن خىياللار جىسمىدىكى سوغۇقنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىنىماي ھەرىكەت قىلاتتى. باشقا كامېرداشلىرى ئاللىقاچان سوغۇقنى ئۇنتۇشقان بولۇپ، توختىماي خورەك تارتىشاتتى. «ھەي! — دەپ ھەسرەتلىك تىندى سەلىمجان ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — نەقەدەر بەختلىك چاغلار ئىكەن شۇ! كۆڭلۈمنىڭ خالىغانىنى قىلالايسەن، نېمە يېگۈڭ كەلسە شۇنى يېيەلەيسەن، بۇ يەردىكىدەك دوزاخ ئازابى تارتمايسەن. قىلچە ئەركىنلىكىڭ بولمىسا... بۇ يەردە ئىت ـ توخۇمۇ كۆنەلمىگۈدەك. ھەي، نەقەدەر گۈزەل چاغلار ئىدى شۇ! ئىسسىق يوتقاندا خوتۇن-

نىڭ باغرىغا مەھكەم چاپلىشىپ يېتىپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ دۇنيادا؟ بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئىشلەپ قويۇپ كوچا ئايلانساڭمۇ، رەڭلىك ئولتۇرۇشتىن بىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرسەڭمۇ، ئوۋۇلاش ئورۇنلىرىغا كىرىپ بەدەنلىرىڭنى بوشاتساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەي! ...» ئۇ ئويلىغانسېرى تولغىناتتى، توختىماي ھەسرەت چېكەتتى. «ھەممىسى ئۆزۈمدىن ئۆتتى، نېمىشقىمۇ شۇ ئىشنى قىلغان بولغىيتتىم؟! ... ھەي نەسلىك! ھەي نەسلىك! — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۆز ۋاقتىدا ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرمەي ئازراقلا تىرىشقان بولسام ماڭا بۇ كۈنلەرمۇ يوق ئىدى، يەنە رومانتىك سەلىمجان بولۇپ ئويۇنۇمنى ئويناپ، كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ ئادەمنى نەس باسسا قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدىكەنغۇ! ...» ئۇ بىردەم ئادەمنى پۇشايمان قىلاتتى، بىردەم يەنە شېرىن ئەسلىمىلەر قاينىمىغا غەرق بولاتتى. ئۇ بىر چاغدا گۈزەل ئەسلىمىلەرگە مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە تولىمۇ ئۇزۇن، تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ رومانتىك چۈش دۇنياسىغا ئەسىر بولدى ...

# 1

ئادەم ئۆزىگە ئەڭ ئەھمىيەتلىك تۇيۇلغان مىنۇتلارنى، شېرىن، گۈزەل ئەسلىمىلەرنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ ھەمدە شۇنداق كۆڭۈللۈك پەيتلەرنىڭ يەنە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، سېغىنىدۇ. بۇ ئادەملەردە بولىدىغان تەبىئىي ھېسسىيات. ئۆتكەن يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ كەلگەن سەلىمجان ئەمدى پات - پات ئاشۇنداق «مول مەزمۇنلۇق» كۇرس -

ئۆگىنىشلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان، گېزى كەل-
گەندە شىركەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە ئوقۇپ كېلىش،
بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى پات - پۇرد-
تىپ قويىدىغان بولدى. يېقىندىن بۇيان، شىركەت پارتكومى
مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق شىركەت مائارىپ مەركىزىدىكى بىر
قىسىم تايانچ كۈچلەرنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ خەنزۇ تىلى
بويىچە تەربىيىلەپ كېلىدىغانلىقىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، سەلىم-
جان جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. «مەن دېگەن سانائەت ئىنستىتۇ-
تىنىڭ مەخسۇس نېفىت - خىمىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئادەم،
قابىلىيەت دېسە بار، كۈچ دېسە بار، ئۆزۈم تېخى ياش، شىركەت-
تىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆزى. ئەلۋەتتە مەن
تەربىيىلىنىپ كېلىشىم كېرەك - دە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ شۇن-
داق پۇرسەتنىڭ پاتراق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ. ئۇ شىركەتنىڭ
مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە كەسپىي تېخنىكا، ئەمەلىي
ماھارەت بىلىملىرىنى خەنزۇ تىلى بويىچە ئۆگىتىشنى يولغا قوي-
غانلىقىدىن ناھايىتى خۇش بولدى. مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى ئوبدانراق سۈرۈۋېلىشنى، قەلب
قەسرىنى ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاش «باھار ئايتىپى» بىلەن
قانغۇدەك ئىللىتىپ، ئەستىن چىقماس رومانتىك ئەسلىمىلەرنى
قالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. «ھېلىمۇ ياخشى، شىركەت مېنى
مائارىپ مەركىزىگە تەقسىم قىلىپ، مىللىي ئىشچى - خىزمەت-
چىلەرگە دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن، بولمىسىزە،
ئۇنداق كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرنى چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەس ئىدىم.
شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكىگە، ماڭا مۇشۇنداق
ئېسىل پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت! شىركەتتە
نۇرغۇن خىزمەتچىلەر بار، يىللاپ بىرەر قېتىم
كاماندىروپكا، ئۆگىنىش دېگەنلەرگە ئەۋەتىلمەيدۇ، كۈن بويى
كالىدەك ئىشلەيدۇ، يىل ئاخىرىدا بەرگەن ئاز - تولا مۇكاپات

پۇلىغا خۇش بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ، ئۇلار خىرمەنلىكە چىققاندىن كېيىنكى ئوقۇشىنىڭ، كاماندىروپكىغا چىقىشىنىڭ ئىززىتىنى ئۆ-مۈر بويى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئىشلەشكىلا يارالغانلار بىزچۇ؟ ھەم ئىشلەشكە، ھەم ئويناشقا يارالغانلار، قىسقىغىنە ئۆمرۈڭدە ئاز ـ تولا راھەت كۆرمىسەڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىڭنىڭ نېمە لەززىتى بولىدۇ دەيسەن؟ ! ...»

سەلىمجان نېفىتلىكنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارغا ئەمەلىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش نەزەرىيىسىدىن ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈپ بولۇپ چوڭقۇر خىيالغا ئەسىر بولغان ھالدا ئىشخانىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ بىرنەچچە خىزمەتدىشى قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى:

— بۇ يىل ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ مائارىپ مەركىزى بىردىن ـ ئىككىگىچە كىشىنى تاللاپ بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىدىكەن.

— ئاڭلىسام، بۇ قېتىمقى ئوقۇشنىڭ مۇددىتىنى بىر يىل دەيدىغۇ؟

— ھەئە، مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، بىزنىڭ شىركەتمۇ بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى يۇقىرىغا يوللاپ بېرىپتۇ.

— نېمە؟ يوللاپ بوپتۇما؟ — ئالدىراپ سورىدى سەلىمجان جىددىيلىشىپ، — كىملەرنى ئەۋەتكۈدەك؟

— بۇنى ھەپتە ئاخىرىدىكى چوڭ يىغىندا ئۇقتۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

سەلىمجاننىڭ يۈرەك ھەرىكىتى ئەسلىدىكىدىن تېزلەشتى. ئۇنىڭ بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويغۇسى يوق ئىدى. ئۇ تېخىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقتى ـ دە، چوڭقۇر خىياللارغا ئەسىر بولغان ھالدا ئۇدۇل شىركەتنىڭ پەن ـ مائارىپ ئىشلە-

ـرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دىرېكتورىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. مۇئاۋىن دىرېكتور ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە هازىر ئۇنىڭ بىلەن بىر شىركەتتە بولغاچقا، مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى. سەلىمجان كۆڭلىدە قانداق ئىش بولسا بۇ ساۋاقدىشىدىن مەسلىهەت ئالاتتى، ئۆتكەن يىلقى ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن كېيىن پات ـ پات ئۇنىڭغا ئوقۇپ كېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان بولدى.

— ماڭا قارا، ساۋاقدىشىم، — دەيتتى ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن هامان، — ئوقۇش ـ پوقۇش، كاماندىروپكىلارنىڭ ئۇچۇرى بولسا پېقىر ساۋاقدىشىڭنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ! مەيلى قانچىلىك چىقىم تارتساممۇ بارىمەن.

— ئون نەچچە يىل ئوقۇپ يەنە تويمىدىڭمۇ شۇ ئوقۇشقا، — دەيتتى مۇئاۋىن دىرېكتور ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ، — بولىدۇ، چاتاق يوق، بىلىم ئېلىش ئارزۇسى سەندەك كۈچلۈك ئادەمنى ئەۋەتمەي كىمنى ئەۋەتىمىز. ئەگەر شۇنداق پۇرسەت بولسا، مەن سېنى كۆرسىتەي.

— گېپىڭدە تۇر جۇمۇ ئەمىسە! — دەيتتى ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتور هازىرلا گېپىدىن يېنىۋالىدىغاندەك ئەنسىرەپ، — كېيىن يەنە ئاللىقانداق تەلەيلىكلەردىن بىرەرى كېتىپ قالمىسۇن...

— ئەلۋەتتە ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىمىز ـ دە! — دەپ چېقىشاتتى مۇئاۋىن دىرېكتور.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىر دەمدە گېپىڭدىن يېنىۋالدىڭمۇ ئەمدى؟ — دەپ ھۆركىرەيتتى ئۇ.

— شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىشتا، ئوقۇشقا، كاماندىروپكىغا ئەۋەتىشتە ئويلىغانلىرى، كونكرېت پىلانلىرى بولىدۇ. كىمنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلسە

www.uyghurkitap.com

شۇنى ئەۋەتىدىغان گەپ، — دەيتتى مۇئاۋىن دىرېكتور چۈشەندۈ-
رۈپ.

— مەيلى قانداقلا بولسۇن، ساۋاقدىشىڭنى ئۇنتۇپ قالساڭ
ھەرگىز بولمايدۇ.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول!

ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن شۇ تەرزدە مۇنازىرىلىشىپ،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر قاتار ۋەدىلەرنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن
خاتىرجەم بولۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتەتتى.

سەلىمجان مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەل-
گەندە مۇئاۋىن دىرېكتور ھەدەپ بىر ئايال بىلەن سۆزلىشى-
ۋاتقاندى. سەلىمجاننىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىشى بىلەن
ئۇلارنىڭ سۆھبىتىمۇ ئاخىرلاشتى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور
ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئايالنى ئۇزاتقاچ، — سىز ئىدىيە جە-
ھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن چىقاي.

ئايال سەلىمجانغا يېنىككىنە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىش-
خانىدىن چىقىپ كەتتى.

سەلىمجان ئادەتتە بۇ ئىشخانىغا ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىۋې-
رەتتى. ساۋاقدىشى ئالدىراش بولسۇن - بولمىسۇن، كەيپىياتى
ياخشى بولسۇن - بولمىسۇن، ئىشىكتىن كىرىپلا ساۋاقدىشىنىڭ
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ئۆزىنى ساپاغا
تاشلايتتى.

جەمئىيەتتە سەلىمجانغا ئوخشاش ئادەملەر ناھايىتى كۆپ.
ئۇلار سىزنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن
ئۆزىنى سەن بىلەن ئەڭ يېقىن دوست دەپ قاراپ، ۋاقتىڭغا
ھۆرمەت قىلمايدۇ، سېنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئىناۋىتىڭنى قوغ-

داشنى بىلمەيدۇ. سىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭ، خىزمىتىڭ، كەسپىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىڭ، تەپەككۇر قىلىۋاتقانلىقىڭ، پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىڭ بىلەن ئەسلا كارى بولمايدۇ.

— تازا بىئەپ چاغدا كىرىپ قالدىممۇ نېمە؟ — دېدى سەلىمجان ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور سەل قىزىرىپ.

— كىرىشىم بىلەنلا گېپىڭلارنى يىغىشتۇردۇڭلار.

— گېپىمىزمۇ تۈگەپ قالغان دېگىنە، خاتا چۈشەنمە، ھەممىسى خىزمەت ئىشى.

— ۋاي، نېمانچە ھودۇقىسەن، ھەممىمىز ئەرگۈ، توغرا چۈشىنىمىز. سەن تېخى ياش تۇرساڭ، ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل خۇشى قىلىپ تۇرمىساڭمۇ ئىچىڭ پۇشۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن دېگەن رەھبەر، قاش - كىرپىك ئوينىتىپ، بەل تولغايدىغانلار جىق دېگىنە.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئاداش، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور قىزىرىپ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن پەقەت خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلاشتىم، خاتا چۈشەنسەڭ بولمايدۇ - دە.

— بولدى، بولدى، ئۆزۈڭنى ئاقلىما، دۇنيادا بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق، بۇ خېنىمنى كىم بىلمەيدۇ، ئېرىدىن ئاجراشقىلى خېلى يىللار بولدى، سېغىنىپمۇ قالغاندۇ.

— سەن بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، سەلىم، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور سەل ئۆڭۈپ، — ئىلگىرى سەن بۇنداق ئەمەس ئىدىڭ.

— ئىلگىرى قانداق ئىدىم؟

— ئىلگىرى سەن يۈزى تۆۋەن، كەم سۆز، ئۇياتچان ئىدىڭ.

— ئۇ چاغلاردا كىچىككەنمەن، دىلدانكەنمەن، ئىش ئۇقمايدىكەنمەن.

— مەن سىنىڭ ئىلگىرىكى مىجەزىڭنى ياقتۇراتتىم.

— هازىرقىسىنى ياقتۇرمايدىكەنسەن - دە؟

— ياقتۇرىمەن، بۇرۇنقىسىنى بەكرەك، هە، راست، ئەتىگەندىلا كىرىپ قاپسەن، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور دەرھال تېمىنى يۆتكەپ.

— نېمە؟ ئىشىم بولمىسا كىرسەم بولمامدىكەن؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ؟

— ئاڭلىسام، شىركەتتىن بىرنەچچە كىشىنى بېيجىڭغا بەدىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىدىكەنسىلەر، شۇنى بىلىپ باقاي دەپ كىردىم.

— قۇلىقىڭ بەك ئۇزۇن جۇمۇ سىنىڭ، شۇنداق، بىز بۇ قېتىم شىركەت مائارىپ مەركىزىدىن بىرنەچچە كىشىنى بېيجىڭغا مەخسۇس كەسپىي خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىمىز.

— بارىدىغانلار ئىچىدە مەنمۇ بارمۇ - يا؟

— بۇنى هازىر ساڭا ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، هەپتە ئاخىرىدىكى چوڭ يىغىندا بارىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى رەسمىي ئۇقتۇرىمىز.

— قېنى دېگىنە، شۇلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بارمۇ؟

سەلىمجان ئالدىرايتتى، تەقەززا بولاتتى، مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئاغزىدىن ياخشى ئۇچۇرغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

— دېدىمغۇ، بۇ تېخى مەخپىي ئىش، لېكىن خاتىرجەم بول، سەن ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن.

— راستما؟

— مەن ساڭا قاچان يالغان سۆزلىگەن.

ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ ئىشخانىسىدىن كۆڭلى خۇش هالدا قايتىپ چىقتى. «بۇ قېتىم يەنە ئۈمىد باردەك قىلىدۇ، ئەگەر راستىنلا

بارلىسام ئويۇن دېگەننى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈۋېتىمەن. »
ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئۇمىدۋارلىققا چۆمۈلسىمۇ، لېكىن
شىركەت مەمۇرىيىتىنىڭ ئەۋەتمەي قويۇشىدىن، ئۆزىنىڭ ئورنىغا
باشقا بىرىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. «مەن دېگەن
نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس نېفىت - خىمىيە كەسپىنى
پۈتتۈرگەن، شىركەتتىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ ئىشلەۋاتىمەن، ئۆزۈم
تېخى ياش، ئىستىقبالىم پارلاق. باشقىلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا،
يېشى قىرىقتىن تۆۋەن ياش تايانچ كۈچلەرنى نۇقتىلىق تەربىيىلەي-
دىكەن، مەن دېگەن ئەمدىلا ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىردىم، مېنىڭ
بارلىشىمدا ئۈمىد زور! ...» ئۇ ئىچىدە مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭ-
لى خېلى تەسكىن تاپتى. شۇنداقتىمۇ ھەپتە ئاخىرىدىكى چوڭ
يىغىننى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.
بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شىركەتتىكى بارلىق مىللىي
ئىشچى - خىزمەتچىلەر شىركەتنىڭ چوڭ يىغىن زالىغا يىغىلدى.
شىركەت ئىشخانا مۇدىرى ھەرقايسى بۆلۈم - ئىشخانا ۋە ئەترەت-
لەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىرقۇر يوقلىما قىلىۋەتكەندىن
كېيىن، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يىغىننىڭ رەسمىي
باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىغىن
ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشىنى، يانفونلىرىنى تاقىۋېتىشنى
تەلەپ قىلدى ھەمدە بۈگۈنكى يىغىننىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى
قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتتى.
— بۈگۈنكى يىغىن ئادەتتىكى يىغىنلارغا ئوخشاشمايدۇ،
يولداشلار! — دېدى ئۇ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سۈر-
لۈك قىياپەتتە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۈگۈنكى يىغىن ھەم-
مىمىزنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان، ئىجرا قىلمىساق
بولمايدىغان مۇھىم ئۇقتۇرۇش - قارارمىلار ئۇقتۇرۇلىدىغان
يىغىن. شۇڭا يىغىن تەرتىپىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىڭلارنى ئۈ-
مىد قىلىمەن. ئالدى بىلەن شىركىتىمىزنىڭ پەن - مائا-

رىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دىرېكتورى مۇرات مۇتەللىپنى شىركىتىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە ئۈز-داقلا ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز. قېنى، قىزغىن قارشى ئالايلى!

زالدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سۇسقىنا چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇئاۋىن دىرېكتور ئالدى بىلەن شىركەتنىڭ يېقىندىن بۇيان پەن ـ تېخنىكىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى، ياخشى ئىش، ياخشى تىپلار ھەققىدە، ئاندىن پەن ـ تېخنىكا ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىش، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كەسپىي كىتابلارنى ئوقۇپ كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈك-سىز ئۆستۈرۈش، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش، خەنزۇ تىلىنى داۋاملىق بىرلىپ ئۆگىنىش، مىللەت-لەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ئۆزئارا ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ھەققىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئاخىردا ئۇ يېقىندىن بۇيان ساقلانغان بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇن-داق دېدى:

— نۆۋەتتە بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمىزدە ھۇ-رۇنلۇق، تىرىشماسلىق، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك ئىللەتلەر يەنىلا مەۋجۇت. ئۇلار رىقابەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەن-مەيۋاتىدۇ، دەۋرنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ نەگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋات-قانلىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە ھامان بىر كۈنى شاللىنىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ. يولداشلار، دەۋر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتى-دۇ، شىركەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ھەرقايسىڭلارنىڭ تى-رىشچانلىقىڭلار بەلگىلەيدۇ. شۇڭا روھىي دۇنيايىمىزنى چىرماپ ياتقان ھۇرۇنلۇق، تەييارتاپلىق ئىللەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ،

ئۆزىمىزنى خىزمەتكە بېغىشلىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن كىمىكى خىزمەتكە بېرىلمەيدىكەن، تىرىشمايدىكەن، ئۆزىنى بېغىشلىمايدىكەن، شىركەت ئۇنداقلارغا ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلمايدۇ، بەلكى پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ شىركەت پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ قارارى! بىزمۇ ۋاقتى كەلگەندە مۇشۇ قارار بويىچە ئىش قىلىمىز. ئۇ چاغدا بىزدىن ئاغرىنىپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ بۇ جاراڭلىق خىتابىدىن كېيىن زالدا سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر شىركەت رەھبەرلىرىدىن تولا ئاڭلاپ ياد بولۇپ كەتكەن بۇنداق كونا گەپلەرگە، ھەر خىل پوپوزا - قورقۇتۇشلارغا ئاللىقاچان كۆنۈپ قالغاچقا، بەزىلەر ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ مۈگدىسە، بەزىلەر ئالدىنئالا تەييارلاپ كىرگەن گېزىت - ژۇرناللىرىنى ۋاراقلايتتى، بەزىلەر گۇدۇڭ - گۇدۇڭ پاراڭ سېلىشسا، يەنە بەزىلەر ئاللىقانداق نەرسىلەرنى يېزىشاتتى. ئىشقىلىپ، ھەركىم ئۆز ئىشلىرى، ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى.

سەلىمجان زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغانىدى، ئۇ ئادەتتە بۇنداق يىغىنلاردا ھەمىشە مۈگدەپ ئولتۇراتتى، لېكىن بۈگۈن ئىنتايىن سەگەك ئولتۇردى. مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ — ئاۋۇ ۋات - ۋات ساۋاقدىشىنىڭ قۇرۇق گېپىنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىپ، بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنىڭ بالدۇرراق ئېلان قىلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئۇ ئىلگىرى يايپاشلا تۇرۇپ شىركەتكە مۇئاۋىن دىرېكتور بولالىغان بۇ ساۋاقدىشىنىڭ تەشكىللەش، باشقۇرۇش قابىلىيىتىدىن، بولۇپمۇ نۇتۇق قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن زوقلانغان، پەخىرلەنگەن بولسا، شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇۋاتاتتى. «ئەجەب تۈگىمىدى ماۋۇ ۋات - ۋاتنىڭ گېپى، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە ساۋاقدىشىدىن نارازى بولۇپ، — شۇ تاپتا ئۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ

بۇ قۇرۇق گەپلەردىن ھەدەپ بىزار بولۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلمىدىمىكىن؟ ...» ئۇ پات - پات سائەتكە قاراپ قوياتتى، ئىختىيارسىز ئۇياق - بۇياقتا بويۇنداپ قاراپ ئېغىر - ئېغىر تىنىپ قوياتتى.

مۇئاۋىن دىرېكتور ئاخىرى گېپىنى تۈگەتتى. زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، بۇ ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان دوكلاتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن شادلانغان چاۋاك ئاۋازى ئىدى. سەلىمجان چاۋاكنى ئىنتايىن ھاياجان بىلەن خېلى ئۈزۈندىچە چالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ كۈتكەن مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

— يۇقىرىدا مۇئاۋىن دىرېكتور مۇرات مۇتەللىپ شىركىتىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيان ئىشلەنگەن خىزمەتلىرىدىن ناھايىتى ياخشى خۇلاسە چىقاردى ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل كۆرسىتىپ ئۆتتى، شۇنداقلا ۋەزىيەتنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان تەلەپلىرىنى، شىركەتنىڭ تەقەززاسىنى، شىركەت پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ قارارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. تۆۋەندە مەن يۇقىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارەت تېخنىكىسى ۋە كەسپىي خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنىڭ روھىنى يەتكۈزىمەن، كۆپچىلىكنىڭ دىققەت قىلىپ ئاڭلىشىنى، بولسا، خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى مۇئاۋىن باش دىرېكتور.

سەلىمجاننىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق تېپچەكلەشكە باشلىدى.

مۇئاۋىن باش دىرېكتور نېفىت ئىدارىسى پارتكومى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارەت تېخنىكىسى ۋە كەسپىي خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى

ئۇزلۇكسىز ئۆستۇرۇش» ھەققىدىكى ھۆججىتىنى، شۇنداقلا ئۇ-نىڭغا ئالاقىدار قارار - بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— كۆپچىلىك بۇ سىياسەتنىڭ توغرىلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، كەسپىي خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشى، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، شىركىتىمىزنى ئىتتىپاقلاشقان، ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن، ئىناق - ئىتتىپاق، ئىلغار، نەمۇنىلىك شىركەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا جاپا چېكىشتىن، ھېرىش - چار-چاشتىن قورقماسلىقى، بارلىقىنى شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇ-مى ۋە تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۇرۇشكە بېغىشلىشى لازىم. خەنزۇ تىلى دۆلەت تىلى، ئۇنى پىششىق ئىگىلەش شىركىتىمىزنى يۇك-سەلدۇرۇشتىكى ھەرىكەتلەندۇرگۇچ كۈچ. كۆپچىلىكنىڭ غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىنى، چوقۇم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەستايىدىل بىلىم ئىگىلىشىنى ئۇمىد قىلىمەن. شىركىتىمىز كېلەر يىلدىن باشلاپ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي خەنزۇ تىلى بويىچە قەرەللىك تەربىيىلەشنى رەسمىي يولغا قويىدۇ. يېشى قىرىق بەش ياشتىن تۆۋەن بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەربىيىلىنىشكە چوقۇم قاتنىشىشى كېرەك. خىزمەت نەتىجىسى كۆ-رۇنەرلىك بولغان، ھەر تۇرلۇك نىشان - كۆرسەتكۈچلەرنى ئاشۇ-رۇپ ئورۇندىغان بۆلۈم - ئىشخانا ۋە ئەترەتلەردىن كەسپتە بەلگىلىك ئىقتىدارى بار، خىزمەتتە ئاكتىپ تايانچ كۈچلەرنى تاللاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىشكە ياكى ساياھەتكە ئەۋەتىمىز. شۇڭا بۇ خىزمەتنى سىستېمىلىق، پىلانلىق ئىشلەش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن شىركەت مائارىپ مەركىزىدىن بىرنەچچە كىشىنى بېيجىڭغا بىر يىللىق ئوقۇشقا، كەسپىي خەنزۇ تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىمىز، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەرگە

www.uyghurkitap.com

دەرس ئۆتىدۇ. يولداشلارنىڭ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىركىتىمىزنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ جانلىق، مەزمۇن-لۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن تۆۋەندە بۇ قېتىم شىركىتىمىزدىن بېيجىڭغا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە بارىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىمەن.

زالنى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق قاپلىدى. سە-لىمجاننىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك سى-ياقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە ئېچىلغان بولۇپ، كۆزلىرى مۇئاۋىن باش دىرېكتورغا يۈكسەك ئىنتىلىش ئىچىدە تىكىلگەن بولسا، بىر جۈپ قۇلىقى پۈتۈن سەزگۈسىنى مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ ئېغىزىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

— شىركەت مائارىپ مەركىزى ئەمەلىي تېخنىكا بۆلۈمىدىن ئەكبەر پەتقۇللا ...

سەلىمجاننىڭ يۈرىكى «قارت» لا قىلىپ قالدى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا پۈتۈن جاھان تەتۈر چۆرگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئىس-مىنىڭ ئېلان قىلىنماي قېلىشىدىن شۇنداق ئەنسىرىدى.

— شىركەت مائارىپ مەركىزى سوپەت نازارەتچىلىك تېخنى-كا بۆلۈمىدىن نۇربىيە تۇرسۇن ...

سەلىمجاننىڭ يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. «ئاھ، خۇدا! ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىدىكەن دەۋاتاتتى، مانا، ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىندىغۇ! ... ئەجەبا، مەن بارالماسمەنمۇ؟! ... ئەسلىدە مۇئاۋىن دىرېكتور دېگەن ئاۋۇ لاتا غىلاپ ساۋاقدىشىم ئاغزىمغا شۇمەك ساپتىكەن ـ دە! ...» ئۇنىڭ بىردىنلا كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— شىركەت مائارىپ مەركىزى نېفىت خىمىيە بۆلۈمىدىن

سەلىمجان ئۆمەر …

«ئاھ، خۇدا!» سەلىمجاننىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تېپچەكلەپ كەتتى. شۇ تاپتا جاھان ئوڭ چۆرگىلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر دەستە ئەتىرگۈلدەك، سۇمباتلىق نازىنىندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىنكى گۈزەل، بەختلىك مىنۇتلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قەلبى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەن سەلىمجان شۇ پەيتتە ئۆتكەن يىل ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بولۇپ ئۆتكەن رومانتىك ئەسلىمىلەرنى ئەسلەپ ئۇلگۈردى …

ئۆتكەن يىل يازدا ئۈرۈمچىدە نېفىت سىستېمىسى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. سەلىمجان ئۆزى بەش يىل ئوقۇغان بۇ سۆيۈملۈك دىيارغا قايتا ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىدىن قاتتىق سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ نېفىتلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كەسپداشلىرى بىلەن بىرگە ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، ھاياجانلاندى.

كۇرس بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا رەسمىي باشلاندى. شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ ياپيېشىل، گۈزەل قورۇسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نېفىتچىلار بىلەن تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. سەلىمجان جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىدىن كەلگەن يەتتە كەسپدىشى بىلەن بىر ياتاقتا ياتتى. كۈندۈزلىرى دەرسخانىدا پروفېسسور، دوتسېنتلارنىڭ لېكسىيىسىنى بېرىلىپ ئاڭلىسا، كەچلىرى ياتاقداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ گۈزەل كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى، دۆڭكۆۋرۈككە بېرىپ تېز تاماقخانىلاردا تاماق يەيتتى، بازار چۆرگىلەيتتى. ئاخ-

شاملىرى ياتاقداشلىرىنىڭ قىزىق يۇمۇر - لەتىپىلىرىنى، ھېكا-
يىلىرىنى ئاڭلاپ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.
پاراڭنىڭ تېمىسى كۆپىنچە ھاللاردا خوتۇن - قىزلار ئۈستىدە
بولاتتى. سەلىمجان بۇ تېمىدىكى پاراڭدىن ئۆزگىچە لەززەت ئالات-
تى، ئاڭلىسا - ئاڭلىسا زېرىكمەيتتى.

— ھەر كۈنى كەچتە قىز بالىنىڭ گېپىنى قىلىۋەرسەڭلار ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، خوتۇننى سېغىنىپ قالىدىكەن جۇمۇ، — دېدى سەلىمجان بىر ئاخشىمى قىزىق گەپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا.

— ماۋۇ ئاداشنىڭ بوشاڭلىقىنى، — دېدى پوسكاملىق ياتاقدىشى توختى ھەيران قالغان تەلەپپۇزدا، — «پالتاڭ بولسا ئوتۇن كەممۇ، پۇلۇڭ بولسا خوتۇن كەممۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىلەر؟ سىنىپىمىزدىكى ئەللىك نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ نەق ئوتتۇز بەشى ئايال، بىرەرىنى توغرىلاپ ئاچچىقىڭلىنى چىقارمامسىلەر دەيمەن.

— قىزىق گەپ بولدىدە بۇ، — دېدى سەلىمجان، — ماڭ دېسە ماڭىدىغان نىكاھ قىلىپ ئالغان خوتۇنىمىز بولمىسا ئۇلار. ھەرقانچە پۇلىمىز بولغان بىلەن ئۇلاردىمۇ ۋىجدان، ئار - نومۇس بار - دە.

— جىڭ بوش يىگىتمىكەنسىلەر، ئاداش، — دېدى توختى تېخىمۇ قىزىپ، — نى ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق خوتۇن - قىزلارنىڭمۇ ۋاقتى كەلسە ھېسسىياتىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرگەنمەن. سىلەرگە بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: بىزنىڭ شىركەتتە باشقا بىر نېفىتلىكتىن يېڭىلا يۆتكىلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىسىملىك تولىمۇ نازاكەتلىك، چىرايلىق بىر ئايال بولىدىغان، ئۇچ يۈز ئاتمىش كۈن بېشىدىن ياغلىق چۈشمەيدىغان تەقۋادار ئايال ئىدى، باشقىلار شۇنداق ئويلايتتى، مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈدىغانلار،

ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ تىلىنى تامشىتىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئاقپىشماق، زىلۋا بوي كەلگەن بۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ھەمىشە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدا خوتۇنۇم كۆزۈمگە بەكمۇ سەت، ھەتتا يىرگىنچلىك بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئىچىمدە: «كاساپەتنىڭ ئېرى قانچىلىك راھەتلىنىدىغاندۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكەتتىم، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بىرگە بولغان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قاتتىق تولغىناتتىم، ئىچىمدە ئېرىنى تىللايتتىم، قارغايتتىم. ئۇنىڭ ماڭا بىرەر قېتىم نېسىپ بولۇشىنى خۇدادىن تىلەيتتىم. كونىلار «تىلىسەڭ تاپارسەن» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن.

توختىنىڭ ھېكايىسى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ئاخىرى قانداق بولدى، گەپ قىلمامسەن، — دېيىشتى ھەممىسى تەڭلا.

— ئۇنى بۇنچە ئاسان قولغا كەلتۈرەلەرمەن، دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم، — دېدى توختى ھېكايىسىنى يەنە باشلاپ، — ئۇنىڭ پىراقىدا ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ماڭا ھاجىتى چۈشۈپ قالدى.

توختى يەنە ھېكايىسىنى توختىتىۋالدى.

— ئۇنىڭ ساڭا قانداق ھاجىتى چۈشتى، دېمەمسەن!

— بولە چاققان ئادەمنى تەقەززا قىلماي!

— بىر كۈنى ئىشخانىدا كومپيۇتېرىمغا يېڭىدىن كەلگەن بىر سىستېمىنى قاچىلاۋاتسام ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. «ياخشىمۇسىز، سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ يېنىڭىزغا كىرىشىم» دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ. شۇنداق ھاياجانلاندىم، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلۈشىمۇ شۇنداق يېقىشلىق، شۇنداق نازاكەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا ھاجىتى چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

— سىزنى ئۆيۈمدىكى كومپيۇتېرغا يېڭى كەلگەن سىستېمە-
نى قاچىلاپ بېرەمدىكىن دەپ ...
— بولىدۇ، قاچىلاپ بېرەي، — دېدىم مايىلىمنى
باسالماي.
مەن شىركىتىمىزنىڭ تەشۋىقاتقا مەسئۇل خادىمى بولساممۇ، كومپيۇتېردا شىركەتتىكىلەرنىڭ ئالدى ئىدىم، ھەممىشە كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشەتتىم، شىركەتتە كىمنىڭ ھاجىتى چۈشسە، ھاجىتىنى ئېرىنمەي راۋا قىلاتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ كومپيۇتېردا خېلى قابىلىيىتىم بارلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئەزەلدىن بىر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان مېنىڭدەك «ئاشىقى» نى ئىزدەپ كىرگەندى.
— ھازىر ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ — دېدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ.
— بار، بار، بولمامدىغان، — دېدىم كومپيۇتېرىمنى
ئۆچۈرگەچ.
— ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولۇپ قاپتۇ، ئايالىڭىز ئەنسىرەپ قالارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىنتايىن يېقىملىق ئاھاڭدا يېنىك
شىۋىرلاپ.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئايالىم ئانىسىنىڭكىگە كەتكەن، بۈگۈن كەلمەيدۇ.
راستتىنى ئېيتسام، ئايالىم يامانلاپ كەتكەندى. بۇنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ ئايال سەۋەبچى ئىدى. ئۇ بىزنىڭ شىركەتتە پەيدا بولغاندىن بۇيان ئايالىم كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن دائىم سوقۇشۇپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئايالىممۇ مېنىڭ ئۆزگەرگىنىمنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئاياللار بەك سەزگۈر كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟
— سىز چوقۇم بىرنەگە بۇزۇلدىڭىز، — دېدى بىر كۈنى ئايالىم كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ.
— يوق گەپنى قىلماي ئىشىڭنى قىلە ماڭە، — دېدىم ئۇنى سىلكىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرېسى

— بىر ئاي بولدى، ھە دېسە مېنى سىلكىيسىز، تىللايسىز، تېخى ئۇرىسىز ...

— يېقىندىن بۇيان كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، شۇڭا ...

— يالغان! — دېدى ئايالىم گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپ، — كېچىلىرى ئۇخلىيالماي ئاقانلىقىڭىزنى، پات - پات ئېغىر ئۇھ تارتىۋاتقانلىقىڭىزنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ ئېيتىڭە، ئۇ بۇزۇق زادى كىم؟

— نېمە دەپ بىلجىرلايدۇ ماۋۇ، — دېدىم قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ، — ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، ساراڭ!

— ئەمدى مەن ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا «ۋاي، پەرىشتەم!»، «ۋاي، مەلىكەم!» دەپ شالىڭىز تۆكۈلگەن، مانا ئەمدى ھېلىقى رەسۋا كۆزىڭىزگە پەرىشتە كۆرۈنۈپ، مەن ساراڭغا ئايلىنىپ قاپتىمەن - دە! ھۇ، ۋىجدانسىز!

نەدىن كەلگەن ئاچچىقكىن، بىلمىدىم. كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالپتىكەنمەن، تىك موللاق چۈشتى، قارىسام ئاغزى - بۇرنىدىن تەڭلا قان كېتىپتۇ. قورقۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى، بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۇرۇشۇمنى بىلمىدىم. قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قاپتىمەن، بىر چاغدا قارىسام ئايالىم ئۆيدە يوق، يامانلاپ كېتىپتۇ.

توختى يەنە توختاپ قالدى.

— ماۋۇ ئاداش ئەمدى خوتۇنىنىڭ ھېكايىسىگە كەتتىغۇ، بايامقى ھېكايىنىڭ داۋامىنى دەڭلا دەيمەن، — دېدى سەلىمجان جىله بولۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى خوتەنلىك مەتقۇربان تەستىقلاپ، — تازا ھالقىلىق جايغا كەلگەندە قىستۇرما بايانغا ئۆتۇپ كەتتىيا بۇ ئاداش.

— ئالدىرىماڭلار، تەسىرلىك جايلارغا ئەمدى كەلدۇق دەيمەن، — دېدى توختى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇنداق

قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ ئۆزىدەكلا چىرايلىق ئىكەن، بېزىلىشىمۇ شۇنداق كۆركەم، سىر پۇرىقىنىڭ كېتىپ كەتمىگە-نىدىن قارىغاندا يېڭىدىن بېزىگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئۆيىنى تېخى يېقىندىلا ياساتقان دەڭا، — دېدى ئۇ خۇددى خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك، — سەل قالايمىقانراق، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم ئاغزىمغا باشقا گەپ كەلمەي، — كومپيۇتېرىڭىز قەيەردە؟

ئۇ مېنى ياتاق ئۆيدىكى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. مەن كومپيۇتېر سۇرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن ئۇنى يېڭى سېتىۋالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئالدىمغا بىر پىيالە چاي ئەكەلدى. مەن ئۇنىڭ كومپيۇتېرىغا يېڭى سىستېمىنى ۋە بىر قانچە ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش دېتالىنى قاچىلىدىم، پات - پات ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنىڭغا QQ نومۇرىدىن بىرنى ئىلتىماس قىلىپ بەردىم ھەمدە ئۆزۈمنىڭ QQ نومۇرۇمنى كىرگۈزۈپ قويدۇم. بىر چاغدا قارىسام ئۇ ئۇچىسىدىكى خىزمەت فورمىسىنى سېلىۋېتىپ قىسقا يەڭلىك ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ. بېشىدىكى ياغلىقنىمۇ ئېلىۋەتكەن بولۇپ، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى يەلكىسىگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىراغ يورۇقىدىكى جامالى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سېھىرلىك تۇسكە كىرگەنىدى. ھېسسىيات دېگەن تىزگىنسىز نەرسىكەن دەيمەن، مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇپ تۇرالمىدىم، ئۇ ئالدىمغا قانداق كېلىپ قالدى، مەن ئۇنى قانداق قۇچاقلىدىم، بۇنى بىلمىدىم. بىر چاغدا قارىسام ئۇنى يۇمشاق كارىۋىتىدا بېسىۋاپتىمەن، ئۇ ھەدەپ تىپىرلاۋېتىپتۇ.

— ئۇنداق قىلماڭ، مەن ئۇنداق ئايال ئەمەس! — دېدى ئۇ ئاجىز ئىندا قىلىپ.

— ئۇنى بىلىمەن، مەنمۇ ئۇنداق ئەر ئەمەس، لېكىن مەن

پەقەتلا چىدىمىدىم، بىلەمسىز، سىز شىركىتىمىزدە پەيدا بولغان-دىن بېرى مېنى ئۆزىڭىزگە ئەسىر قىلىۋالدىڭىز، ئۇخلىسام چۈشۈمدىسىز، سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن ئايالىممۇ يامانلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ قارشىلىقلىرى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى دولامنى يېنىك - يېنىك سىلاشلار، ئارقىدىن يۇز - كۆزلىرىمگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلەر ئىگىلىدى.

توختى ھېكايىسىنى توختاتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن توختاپ قالدىڭىزمۇ ياكى داۋاملاشتۇر-دۇڭىزمۇ؟ — دېدى مەتقۇربان ئالدىراپ.

— ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئاجرىشىپ كېتىپ بىزنىڭ شىركەتكە يۆتكىلىپ كەلگەن چوكانكەن دەڭلا، — دېدى توختى، — شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ كومپيۇتېرىغا پات - پات سىستېما قاچىلاپ بېرىدىغان بولدۇم.

— ھا ... ھا ... ھا ...

— تازا تەلىيىڭ كەپتۇ، توختاخۇن!

— بەختلىك ئادەمكەنسىلىيا سىلى!

— ئىزدەنسەڭلار سىلەرگىمۇ ئۇچرايدۇ شۇنداق جانانلار، — دېدى توختى ئۆزىگە تەمەننا قويغان تەلەپپۇزدا، — يىگىرمە نەچچە كۇنلۇك مۇشۇ كۇرستىمۇ قانغۇدەك يايرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار-نىڭ ئىچىدە ئېرى يوقلارمۇ، ئاجرىشىپ كەتكەنلەرمۇ، ھەتتا ئېرى بولسىمۇ بەز يەپ كېتىدىغانلار بار دەڭلا.

شۇ كېچىسى سەلىمجاننىڭ قەتئىي ئۇيقۇسى كەلمىدى. توخ-تىنىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، روھىنى قامال قىلىۋالغانىدى.

ئەتىسى دەرس ۋاقتىدا توختى ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— مەن ئاخشام سىلەرگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن جانان ئوتتۇرىدىكى رەتتىكى ئاۋۇ ياغلىق چىگىۋالغان ئايال شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەلىمجان ھەرقانچە بويۇنداپ قارىغان بولسىمۇ، ئاپالىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى.

— مەن كۆرەلمىدىمغۇ؟

— ئۇ ھېلى بىرىنى باشلاپ چىقىدىغان بولدى، بىللە ئاپاق يەيلى.

— تازا سەتتىن بىرىنى باشلاپ چىقماس ـ ھە؟ — دېدى سەلىمجان سەل ھاياجانلىنىپ.

— ئۇمۇ سەت ئاياللار بىلەن دوستلاشمايدۇ.

سەلىمجان ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئالدىدا ئىككى ساھىبجامال تۇراتتى. ئۇ ياغلىق ئارتقۇالغان چوكاننى توختىنىڭ ئاشنىسى مۇقەددەس دەپ بىلدى. بۇ ئايال خۇددى توختى تەسۋىرلەپ بەرگەندەكلا ناھايىتى نازاكەتلىك ھەم گۈزەل ئىدى. يېنىدىكىسىمۇ ئورۇق، زىلۋا كەلگەن ئايال بولۇپ، تۇرۇقىدىن چوڭ سۇپەتلىكى، سالاپەتلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى توختى سەلىمجاننى ئىككى ئايالغا تونۇشتۇرۇپ، — بۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى سەلىمجان، ئۆزى قارامايلىق بايۋەچچە، بۇ خانىمنىڭ ئىسمى مۇقەددەس، بۇ خانىمنى مۇقەددەس بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويسۇن.

— بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، ئىسمى روشەنگۈل، خوتەن مەلىكىسى، ھازىر بۇگۇر نېفىتلىكىدە ئىشلەيدۇ.

— تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن، — دېدى توختى روشەنگۈلنىڭ قولىنى سىقىپ.

— مەنمۇ شۇنداق خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدى سەلىمجان سەل قىزىرىپ.

تۆتەيلەن مەكتەپ سىرتىدىكى ئاۋات تېز تاماقخانىغا كىرىپ پاراڭلاشقاچ غىزالىنىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى، ئۇچرىشىشى
بارا ـ بارا كۆپەيدى. دەسلەپتە تۆتەيلەن دائىم بىللە ئايلاندى،
بىللە تاماق يېدى، كېيىنچە توختى بىلەن مۇقەددەس ئۆزلىرىنىڭ
ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. سەلىمجانمۇ روشەنگۈل-
نى ھەمىشە بىللە تاماق يېيىشكە، بىللە ئايلىنىپ كېلىشكە
تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قورۇنۇش، يېتىرقاشلار تۈگەپ خۇددى كونا
تونۇشلاردەك چىقىشىپ كەتتى. ئىككى كۈندە بىر قېتىم بىرگە
ئايلىنىپ كېلىشنى ھەر كۈنى ئايلىنىشقا ئۆزگەرتتى. ئۇلار ھەر
كۈنى كەچتە خۇپپيانە ھالدا مەكتەپتىن چىقاتتى ـ دە، قەھۋەخا-
نا، دىسكوخانىلارغا كىرىپ پاراڭلىشىدىغان، سىردىشىدىغان،
ھەتتا يۆگىمەچتەك چىرمىشىپ تانسىغا چۈشىدىغان بو-
لۇپ كېتىشتى.
— ھەر ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسى بار، باشقىلارغا سۆز ـ
چۆچەك تېپىپ بەرمەيلى، ئېھتىيات قىلىپ يۈرەيلى جۇمۇ، —
دەپ قوياتتى روشەنگۈل ھەمىشە ئەسكەرتىپ.
— خەق بىلەن نېمە كارىمىز، — دەپ قوياتتى سەلىمجان
مەغرۇر قىياپەتتە، — خەقلەر باشقىلارنى كۆرەلمىگەندە ئاندىن
ئارقىسىدىن سۆز ـ چۆچەك تارقىتىدۇ. بولدى ئەنسىرىمەڭە،
دىققەت قىلىپ يۈرسەكلا بولدى.
بىر كۈنى كەچتە سەلىمجان نۇرغۇن شېرىن خىياللارغا ئە-
سىر بولغان ھالدا ئۇدۇل قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
ئۇ بۈگۈن روشەنگۈلنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا
ئېلىپ مېڭىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى. «ھەرقايسىڭ گەپ تېپىشساڭ تېپىشمام-
سەن، ۋاقتى كەلگەندە كۆرمەمدىمەن» دەپ ئويلىغان سەلىمجان
قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون بوتكىسىدىن روشەن-
گۈلگە تېلېفون قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، توزدەك ياسانغان روشەن-

گۈل ئۆنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ياتاقتا كىرىپ — چىقىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، بولۇپمۇ سەلىمجاننىڭ خىزمەتداشلىرى قە-دەمدە بىر ئۇچراپ قالاتتى. سەلىمجاننىڭ بايىقى باتۇرلۇقى بىر-دىنلا ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

— سەلىمجان، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش سىزگىلا ياراشتى جۇمۇ، — دېگەندى بىر كۈنى چۈشتە ئۇنىڭ بىلەن بىر شىركەتتە ئىشلەيدىغان سەلىمە ئۇنىڭغا مەنىلىك تىكىلىپ، — بىزنى بىرەر نۆۋەت ئايلاندۇرۇپ كېلەي دېمەيسىز، ئەمما باشقىلارنى …

— ئايلىنىش سىلەردىن ئايلانسۇن، — دېدى سەلىمجان ئاچچىق كۈلۈپ، — بۈگۈن كەچتە سىلەرنى دۆڭكۆۋرۈككە ئاپى-رىپ تازا بىر ئوينىتىپ كېلەي.

شۇ قېتىم سەلىمجان «تەشۋىقاتچى خوتۇنلار» نىڭ ئاغزىنى يۇمۇش ئۈچۈن روشەنگۈل بىلەن كۆرۈشىدىغان قىممەتلىك دەقى-قىلەردىن ۋاز كېچىپ، بىرنەچچە خىزمەتدىشىنى دۆڭكۆۋرۈككە ئاپىرىپ، بازىرى ئىتتىك تېز تاماقخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلغانىدى …

سەلىمجاننىڭ كاللىسىدا ئېھتىيات تارازىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇ روشەنگۈلگە كۆزى ئارقىلىق بەلگە بەردى، شۇنىڭ بىلەن روشەنگۈل ئۇن قەدەمچە ئالدىدا، سەلىمجان ئۇن قەدەمچە ئارقىدا مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى. دەرۋازىدىن چى-قىپلا تاكسىغا ئولتۇردى ـ دە، مەكتەپتىن يىراقلاشتى.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى روشەنگۈل كېتىۋاتقاچ.

— ئالدى بىلەن دۆڭكۆۋرۈكتە تاماق يەيمىز، ئاندىن ئامەس-لىھەت ئىش قىلارمىز.

— ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى باشقىلار بىلىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟ — دېدى روشەنگۈل سەل ئەنسىرىگەندەك قىلىپ.

— ئىككىمىز دەرۋازىدىن خۇددى ناتونۇش كىشىلەردەك چى-قىۋاتساق كىم گۇمانلىناتتى، خاتىرجەم بولۇڭە، جېنىم، —

دېدى سەلىمجان مەغرۇر هالدا.

— شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلايلى.

— ماقۇل.

ئۇلار دۈگىلەكۈۋرۇكتىكى ئاۋات تېز تاماقخانىدا غىزالىنىپ چىققاندا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ كوچىدا ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

— بۈگۈن مەن سىزنى بىر يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي، — دېدى سەلىمجان تاكسى توسۇغاچ.

— قانداق يەر ئۇ؟

— بارغاندا بىلىسىز.

ئۇلار ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن ئۆتۈپ «ۋال - ۋۇل» چىراغ يېنىپ تۇرغان بىر دېسكوخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— بۇ ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ داڭلىق دېسكوخانا، ئاساسەن ئۇيغۇر ياشلىرى كىرىدۇ، — دېدى سەلىمجان تاكسىدىن چۈشكەندىن كېيىن.

— ئۇنداقتا باشقىلار بىزنى تونۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ بولدىلا، كىرمەيلىچۇ؟

— ۋاي، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك بالىلار، ئالىي مەكتەپنىڭ شوركىلىرى.

ئۇلار دېسكوخانىغا كىرگەندە دېسكوخانا ئىچى نۇرغۇن قىز - يىگىتلەر بىلەن لىققىدە تولغانىدى. ئىككىيلەن كۇتكۇچى بالىنىڭ ئورۇن كۆرسىتىشى بويىچە چەتتىرەك بىر ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— بۈگۈن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسىز، — دېدى سەلىمجان ئەتراپقا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان روشەنگۈلگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ.

— ماقۇل، ئاڭلاي، — دېدى روشەنگۈل رايىشلىق بىلەن.

— گېپىڭىزدە تۇرسىز ـ ھە!
— ماقۇل!
سەلىمجاننىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن كۈتكۈچى ئۈستەلگە ھەر خىل ئىچىملىك، گازىر ـ پۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرگە تولدۇرۇۋەتتى.
— نېمانچە كۆپ نەرسىلەرنى ئالدىڭىز؟
— بۇ نەرسىلەر بىردەمدىلا تۈگەيدۇ، ھېلى «يەنە بارمۇ؟» دەيسىز تېخى.
سەلىمجان ئىككى ئىستاكانغا چەتنىڭ ۋىنوسىدىن توشقۇزۇپ قويدى ـ دە، بىرىنى روشەنگۈلگە تەڭلەپ:
— تونۇشقانلىقىمىزنىڭ ئون كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى، قېنى، مەرھەمەت قىلىڭ، خانىم، — دېدى.
— كەچۈرۈڭ، مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيمەن، — دېدى روشەنگۈل رەت قىلىپ.
— بۇ ھاراق ئەمەس، سوغۇق ئىچىملىك. قاراڭ، ئىچىپ مۇز سېلىپ قويدۇم، ئىشەنمىسىڭىز بىر يۇتۇم ئوتلاپ قويۇڭ.
روشەنگۈل ئىستاكانغا لېۋىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ:
— تەمى ئەجەب قاڭسىقكىنا بۇ نەرسىنىڭ؟ — دېدى ۋە ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.
— بىلەمسىز، بۇ دېگەن چەت ئەلنىڭ ئىچىملىكى، بىزنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ.
— شۇنداق بولسىمۇ مەن ئىچمەي، سىز ئىچىڭ.
— بايا سىز ماڭا ۋەدە بەرگەن جۇمۇ، — دېدى سەلىمجان ئەسكەرتىپ.
— لېكىن بۇ نەرسىنى «ئىچىمەن» دەپ ۋەدە بەرمىگەن ـ دە.
— ئىسمى ـ جىسمىڭىزغا لايىق خوتەنلىك جاھىلكەنسىز جۇمۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— رەنجىدىڭىزمۇ؟
— سەل - پەل.
— ۋاي، تاۋى نازۇكەي، — دېدى روشەنگۈل سەلىمجاننىڭ كۆزىگە جىلمىيىپ قاراپ، — سىز ئۇچۇن بىر رومكا زەھەر بولسىمۇ ئىچىۋېتىمەن بۈگۈن، قېنى كېلىڭە!
ئىككى رومكا يېنىك سوقۇشتۇرۇلۇپ مۇزدەك ئىچىملىك ئىككى كانايدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. سەلىمجان دەرھال رومكىلارغا ئىچىملىك تولدۇرۇپ قويدى. ئاڭغىچە رىياسەتچى قىز بۈگۈنكى كەچلىك بەزمىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا مىللىيچىمۇ ياكى ياۋروپاچىمۇ ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان ناخشا - مۇزىكىلار زالنى قاپلىدى. ئۇستەللەردە ئولتۇرۇشقان قىز - يىگىتلەر سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى.
— قېنى، ئۇنداق بولسا قولىمىزدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ بىزمۇ تانسا ئوينايلى، — دېدى سەلىمجان.
بۇ قېتىم روشەنگۈل ھېچقانچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئولتۇرمايلا قولىدىكى رومكىنى قۇرۇقداپ قويدى.
ئىككى رومكا ئىچىملىك روشەنگۈلگە خېلىلا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، يۈزلىرى «ھۆپپىدە» قىزىرىپ، پۇت - قوللىرى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئىككىسى سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاپلىشىپ دېگۈدەك تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى.
— سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى بىلمەيسىز، جېنىم، — دېدى سەلىمجان روشەنگۈلنىڭ قۇلىقىغا يېنىك پىچىرلاپ.
— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە ئايالىڭىزنىچۇ؟ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىسىز؟
— بۈگۈن مەن ئايالىمنى، سىز ئېرىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتسەك قانداق؟

— نېمە ئۈچۈن؟

— بىردەم بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ياشاش ئۈچۈن، غەم-قايغۇ، ھەسرەت - پىغانلارنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن.

— ماقۇل، جېنىم، — دەپ يېنىك شىۋىرلىدى روشەنگۈل رايىشلىق بىلەن.

قاتتىق ھاياجانلانغان سەلىمجان ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. رومكىلار سوقۇشتۇرۇلاتتى، تانسىلار ئوينىلاتتى، شېرىن-تاتلىق سۆزلەر ئىككى ئېغىزدىن توختىماي تۆكۈلەتتى. ئىككىيلەن خېلىلا تەڭشىلىپ قالغاندى، سەلىمجان روشەنگۈلنى قولتۇقلىغان پېتى دىسكوخانىدىن ئاچىقتى ۋە ئۇنى دىسكوخانا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان تاكسىغا ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۆزىمۇ تاكسىغا چىقىپ، شوپۇرغا «مىڭ بىر كېچە» مېھمانسارىيىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى.

— نېمە؟ بىز ياتاقتا كەتمەمدۇق؟ — دېدى روشەنگۈل مەستلىكتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ.

— ياتاققا كېتىۋاتىمىز، جېنىم، بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز.

ئۇلار «مىڭ بىر كېچە» مېھمانسارىيىغا بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى ۋە تېزلا ياتاق ئاچقۇزۇپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ياتاققا كىرىپ كېلىشتى. روشەنگۈل ياتاققا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. سەلىمجان ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى، ئاندىن خۇدىنى بىلمەي ياتقان روشەنگۈلنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇردى...

ئىككىيلەن تونۇشقانلىقىنىڭ ئون كۈنلۈكىنى ئەنە شۇنداق تەبرىكلەشتى.

سەلىمجاننىڭ كۈنلىرى تولىمۇ مەنىلىك ئۆتمەكتە ئىدى. چۈنكى، ئۇ روشەنگۈل بىلەن خالىغان چاغدا كۆڭۈل ئاچالايتتى. ئايالى ئالىيەنى پەقەت يانچۇقىدا پۇلى قالمىغان چاغلاردا ئاندىن يادىغا ئالاتتى. ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ كارتىغا پۇل قاچىلاپ

قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى، بولمىسا، ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلمىگۇچە ئۆزى خالاپ تېلېفون قىلمايتتى. روشەنگۈلنىڭ گۈزەل جامالى، نازۇك خۇلقى ئۇنى تامامەن ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

— مېنى مەست قىلىپ قويۇپ تازا ئەسكىلىك قىلىۋالدىڭىز - هە، — دېدى روشەنگۈل بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى سەيلىدە، — بەك قۇۋ ئىكەنسىز.

— ئۇ كۈنى هەر ئىككىمىز مەست بولۇپ قاپتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنچە كەچتە مەست هالەتتە ياتاققا بارغان تەقدىردىمۇ ياتاققا كىرەلمەيتتۇق. يەنە تېخى سۆز - چۆچەككىمۇ قالىدىغان گەپ دەڭا، شۇڭا ...

— ئىشقىلىپ، مېنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈۋالدىڭىز.

— سىزگە كۆيمەمدىمەن، جېنىم.

— كۈرس ئاخىرلاشقاندا مەن بۇگۇرگە، سىز قارامايغا كېتىسىز، مەن ئېرىم بىلەن، سىز ئايالىڭىز بىلەن ياشايسىز.

— شۇنداق، ئامال قانچە.

— سىز بۇگۇرگە بېرىڭ.

— ئېرىڭىزدىن قورقامسىز؟

— ئاۋۋال كېلىڭ، شۇ چاغدا ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

— بولمىسا، يەنە مۇشۇنداق ئۆگىنىشلەرنى كۈتمەي ئامال يوق - دە.

— سىلەرنى ئەۋەتكەن بىلەن بىزنى ئەۋەتمەيدۇ ئالدىراپ.

— قېنى، ۋاقتى كەلمىسۇنمۇ، هەممىگە قادىر ئىگەم بىزگىمۇ ئاسانلىقنى بېرەر.

سەلىمجاننىڭ بەختلىك كۈنلىرى تېزلا ئاخىرلاشتى. يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك كۈرس كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاخىرلاشقاندى. سەلىمجان روشەنگۈل بىلەن قىيالماسلىق ئىچىدە ئايرىلدى. تېلېفوندا پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇش هەققىدە ئۆز ئارا ۋەدە بېرىشتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

سەلىمجان ئۆزىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇشقا باردىغانلىقىنى ئايالى ئالىيەگە ئېيتتى.

— يەنە نېمە ئوقۇش ئىكەن ئۇ؟ — دېدى ئالىيە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— خەنزۇ تىلى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، بۇ دېگەن شىركەت پارتكومىنىڭ قارارى، ھېچقانداق كىشىنىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ «بارمايمەن» دېيىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى.

— سىلەرنىڭغۇ باھانەڭلەر جىق، ھېلى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى دەۋاتقان، ھېلى پارتكومنىڭ قاگجېنى دەۋاتقان، قانداق قىلىسىز قىلىڭلا!

— ھەي، بۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە ئاي ۋاقىت بار تېخى.

ئايالى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. سەلىمجان كۆڭلىدىكى خۇشلۇقىنى ئىچىدە ساقلاپ، ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە ھەدەپ چوت سوقۇشقا باشلىدى.

## 2

ئادەمنىڭ ھەممە ئارزۇسى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىسىمۇ، لېكىن قىسمەن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالىدۇ. سەلىمجاننىڭ بېيجىڭدىكى ئوقۇشى رەسمىي باشلانغىلى بىر ئايچە بولۇپ قالدى. ئۇ: «بۇ بىر ئاي ئىچىدە قانداق قىلسام كۇنلىرىمنى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيمەن» دېگەن تېمىدا كۆپ ئىزدەندى، كۆپ كاللا قاتۇردى. ئۇ دەرس ۋاقتىدا سىنىپتىكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى نېفىتلىكلىرىدىن كەلگەن قىرىق نەپەر كۇرسانتنىڭ ئىچىدىكى يىگىرمە بەش نەپەر ئايالغا بىر ـ بىرلەپ دىققەت قىلىپ چىقاتتى ھەمدە شۇلارنىڭ ئىچىدىن

بىرەرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈشىنىڭ تۈرلۈك پىلانلىرىنى «لايىھە-لەپ» چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھەمىشە ئۆتكەن يىلى ئۇرۇمچىدە روشەنگۈل بىلەن ئۆتكۈزگەن گۈزەل مىنۇتلار كېلىۋاتاتتى-دە، ئۇنىڭ «ھەمراھ» تېپىش ئىستىكى تېخىمۇ ئاشاتتى، ئۇيقۇسى قاچاتتى، دىققىتى چېچىلاتتى. دەرس، ئۆگىنىش دېگەنلەر خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. «روشەنگۈلدەك چىرايلىق، نازاكەتلىك، نازۇك، خۇلقلۇق، رايىش بىرىنى تېپىشىم كېرەك، بولمىسا، بۇ ئوقۇشقا كەلگىنىمنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەمىشە، — ئوينارمەنمىكىن دەپ كەلمىسەم نېمە قىلىمەن بۇ يەرگە كېلىپ؟ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېزرەك تۇتۇش قىلاي. ‹چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە› دەپتىكەن كونىلار، ماڭا بۇ پۇرسەت ئوڭاي قولغا كەلمىدى، شۇڭا سۈكۈت قىلىۋەرسەم ئاخىر پۇشايمان قىلىپ قالىمەن! ...»

كۆڭۈلدىكىدەك «ھەمراھ»قا ئېرىشەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا توختى كېلەتتى. «ئاجايىپ ئېسىل، مەرد نېمىتى ئۇ، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە توختىنىڭ خۇش چاقچاق، يۇمۇرىستىك مىجەزىنى سېغىنىپ، — شۇغىنىسى ئۇ بۇ قېتىم ئوقۇشقا كېلەلمىدى. ئەگەر توختى كەلگەن بولسا ئىش ئۆگەتكەن، يول كۆرسەتكەن بولاتتى. ھەي! ...»

ئۇنىڭ بۈگۈن بىردىنلا توختى بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالدى. مەكتەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تېلېفون بوتكىسىدىن توختىغا تېلېفون قىلدى. تېلېفون تېزلا ئۇلاندى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭلار، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟ مېنى تونۇمىدىڭلارمۇ نېمە؟ گەپ قىلماي تۇرىسىلەرغۇ؟ مەن قارامايدىكى سەلىمجان، ھە، ھە، شۇ، شۇ، ماۋۇ ئاداشنى، بىردەمدە ئۇنتۇپ كېتىپسىلەر ـ ھە؟ مەن ھازىر بېيجىڭدا، كەسپىي خەنزۇ تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن.

شۇ زېرىكىپ دەڭلا، سىلىنى سېغىنىپ تىلىمۇن قىلىشىم ...
— زېرىكتىم دېگەن قانداق گەپ؟ سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئەمەستۇ؟ ھە، شۇنداق بولغاندىكىن، ئاۋۋىلىسىدىن بىرىنى گۇپلا قىلىپ تاللايمىز ـ دە، ھۇجۇمنى باشلىۋېتىمىز، خۇددى روشەنگۈلنى بابلىغاندەك بابلايمىز، يانچۇقتا پۇل باردۇ ھە، تانسا ـ پانسا، تاماق ـ پاماقا تەكلىپ قىلىمىز، ئىېرىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغاندىكىن سېغىنىپ قالىدىغان گەپ، پۇر-سەتنى چىڭ تۇتۇڭلا ...
سەلىمجان توختى بىلەن خېلى ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن كۆڭلىدە ئاز ـ تولا ئۈمىد پەيدا بولدى. ئەتىسى دەرس ۋاقتىدا سىنىپتىكى ئاياللارغا قايتىدىن تەپسىلىي نەزەر سېلىپ چىقتى. لېكىن، روشەنگۈلگە تەڭلىشەلىگۈدەك بىرەرىنى بايقىيالمىدى، ئەمما ئالدىدىكى رەتتە ئولتۇرغان قارامتۇل كەلگەن، ئېگىز بوي-لۇق قىزغا ئۇزاقىچە قاراپ قالدى. «تۇشقانمۇ ئۆز ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى چۆپنى يېمەيدۇ»، دېگەن گەپ بار، بولمىسا بىزنىڭ شىركەتتىن كەلگەن نۇربىيە دېگەن ھېلىقى سەتەڭمۇ بولاتتى، لېكىننزە، تونۇش ئادەم ـ دە، سەت تۇرىدۇ. يەنىلا مۇشۇ قارىۋاي خېنىمنى توغرىلاپ باقاي ...»
ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق پىلان بېكىتكەندىن كېيىن، ھەر كۈنى دەرس ۋاقتىدا ھېلىقى قارامتۇل قىزغا قاراپ چوڭقۇر خىيال سۈرىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش، ھەتتا كۆرۈشۈش پۇر-سىتى ئىزدەيدىغان بولدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەن لېكسىيە-لىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ كۆڭلىدىكىنى ياتاقداشلىرىغا ئېيت-تالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىر شىركەتتىن كەلگەن ئەكبەر پەتقۇللا دەيدىغان خىزمەتدىشى ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن «تونۇش دۈشمەنلەر» گە سىر بېرىپ قويۇشتىن قات-تىق ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇڭا قەلبىدىكى پىنھان ھېسلىرىنى ئۆ-زىلا بىلىپ، كىشىگە زىنھار تىنمايتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ تەلىيىگە سىنىپتىكى كەسىپداشلار پۇل يىغىشىپ ئولتۇرۇش قىلدى. ئولتۇرۇش تازا قىزىدى. ئەرلەر خېلىلا تەڭشىلىپ قالدى، تانسا ئويناش راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ سەلىمجان ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئۇ هاراقتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئۇدۇلدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان قارامتۇل قىزغا تىكەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمەي، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ۋالىس مۇزىكىسى چىققان هامان يېنىك قەدەملەر بىلەن قارامتۇل قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى هەم ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. قىز چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى. سەلىمجان ۋالىسقا ئۇستا ئىدى، شۇڭا قىزنى ئۇستىلىق بىلەن پىرقىرىتىشقا باشلىدى. قىزمۇ ئۇنىڭ هەرىكىتىگە ماهىرلىق بىلەن ماسلاشتى.

— تانسىنى بەك چىرايلىق ئوينايدىكەنسىز، — دېدى ئۇ قىزنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— سىزمۇ شۇنداق ئۇستىكەنسىز، قارامايلىق ئوخشايسىز - هە؟

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— قارامايلىقلار ۋالىسقا ئۇستا كېلىدۇ.

ئىككىيلەننىڭ پارىڭى شۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا راۋانلىشىپ كەتتى.

— ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى سەلىمجان بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ.

— ئىسمىم شەهىدە، تۇرپاندىن.

— ئىسمىم سەلىمجان، قارامايدىن، سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن.

— مەنمۇ شۇ.

شۇ پەيتتە مۇزىكا ئاخىرلىشىپ ئىككىسىنىڭ سۆهبە-

تىمۇ ئۇزۇلۇپ قالدى. ئارقىدىنلا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل مۇزىكىسى چېقىپ سورۇننىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. سەلىمجاننىڭ ئۇسسۇل بىلەن ئانچە خوشى يوق ئىدى، شۇڭا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما شەھىدە يەنە بىر ئايال بىلەن شوخداق چىرايلىق بېقىشىپ ئويناۋاقتا ئىدى. سەلىمجان شەھىدەنىڭ ئېگىز، زىلۋا قامىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز روشەنگۈلنى ئەسلەپ قالدى. «كاساپەت! چىرايلىق ئىدىڭ، بۇ قارىۋاي ساڭا يەتمىسىمۇ، بۇ يات شەھەردە بولمىغىنىدىن بولغىنى ئەۋزەل ...» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇسسۇل مۇزىكىسى تۈگەپ يەنە تانسا مۇزىكىسى باشلاندى. سەلىمجان ئالدىراپ بېرىپ يەنە شەھىدەنى تانسىغا تارتتى.

— توي قىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى سەلىمجان يەنە گەپ باشلاپ.

— ياق تېخى، سىزچۇ؟

— مەن توي قىلغان.

— بالىڭىز باردۇ؟

— بالام يوق، بىرنەچچە يىل بولدى، بالا يۈزى كۆرەلمىدۇققۇتاڭ ...

— ئايالىڭىز نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟

— ئايالىم باج ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ.

— ئۇ بەك چىرايلىقتۇ ھەرقاچان.

— سىزگە يەتمەيدۇ.

— ۋىيەي.

شەھىدە شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. سەلىمجان ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

— سىز تەبىئىي گۈزەللەردىن ئىكەنسىز، خۇددى مودېللاردەكلا.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى شەھىدە تېخىمۇ قىزى-

رىپ، — سىز خۇددى يازغۇچىلاردەك سۆزلەيدىكەنسىز.
— شۇنداقمۇ؟ سىزدەك گۈزەل قىزلارنى ئۇچراتسام تىلىم چىقىپ قالىدىكەنغۇ شۇ.
— بەك گەپكە ئۇستىكەنسىز. ئايالىڭىز سىزنى چوقۇم بەك ياخشى كۆرىدۇغۇ دەيمەن.
— قانداق دەيسىز؟
— بۇنداق تاتلىق گەپلىرىڭىزگە ھەرقانداق قىز ئاشىق بولماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە ئايالىڭىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.
— سىزمۇ گەپكە ئۇستىكەنسىز، مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتىڭىز، سىز بىلەن تونۇشۇپ ياخشى قىپتىمەن، سىز بەك ئوچۇقكەنسىز.
— شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن پات - پات سىرىدىشىپ تۇرسام بولغۇدەك.
— ۋاقتىڭىز چىقامدۇ؟
— سىز ئۈچۈن ۋاقىت دېگەن يېتەرلىكقۇ.
دەل مۇشۇنداق گۈزەل دەقىقىلەردە مۇزىكا تۈگەپ قالدى. ئاڭغىچە سورۇننى ئۇيۇشتۇرغۇچى قىز ئوتتۇرىغا چىقىپ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. سەلىمجاننىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى: «كاساپەت، كېلەيلا دەپ قالغانتى ئەمەسمۇ، بوپتۇ، ھەر ھالدا تونۇشۇۋالدىم، يەنە پۇرسەت چىقىپ قالار، خەپ! ...»
سورۇن ئاخىرلىشىپ ھەممىسى خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پاتپاراق بولۇشۇپ كەتتى. سەلىمجان شەھىدەنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. «قارىغاندا، ئۇ ئالدىراپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.
ئەتىسى چۈشلۈك دەم ئېلىش مەزگىلى ئىدى، سەلىمجان شەھىدەنى تاماققا تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ، ئوقۇش بىناسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ھايال ئۆتمەي، شەھىدە يەنە بىر خىزمەتدىشى بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ خىزمەتدىشى بىلەن خوش-لىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سەلىمجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىنچ-لىق - ئامانلىق سورىدى. ئاندىن:

— بۇ يەردە بىرىنى ساقلاپ تۇرغانمىتىڭىز؟ — دەپ سورى-دى.

— سىزنى ساقلاپ تۇرغان، — دېدى سەلىمجانمۇ تېزلا.

— مېنى؟

— ھەئە، سىزنى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

شەھىدە «ۋىللىدە» قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— بىرگە تاماق يەيلى دەپچۇ.

— مەن رەت قىلسامچۇ؟

— ئۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلماسسىز.

— سىلەر قارامايلىقلار ھەقىقەتەن بەك ئوچۇق، جۇرئەتلىك كېلىدىكەنسىلەر.

— دېمەك قوشۇلدىڭىزما؟

— بىر جۇرئەتلىك يىگىت تەكلىپ قىلىۋاتسا، رەت قىلىشقا ھەددىممۇ.

— رەھمەت سىزگە! — دېدى سەلىمجان تۇنجى پاي «ئوق» نىڭ نىشانلىق ئېتىلغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ.

— ئەسلىدە رەھمەتنى مەن سىزگە ئېيتسام توغرا بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— سىز مېنى مېھمان قىلىدىغان تۇرسىڭىز.

— سىزنىڭ رەھمەت ئېيتىدىغان چاغلىرىڭىزمۇ كېلىدۇ تېخى، — دېدى سەلىمجان ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مەنىلىك تىكىلىپ.

قىز ئۇنىڭدىن دەرھال كۆزىنى ئەپقاچتى.

ئۇلار مەكتەپنىڭ سىرتىدىكى بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىر-
دى. سەلىمجان بىر تەخسە توخۇ قورۇمىسى ۋە بىرنەچچە خىل
ئۇششاق قورۇما بۇيرۇتتى. تاماق تەييار بولغۇچە ئۇلار تاغدىن-
باغدىن پاراڭلىشىپ تۇردى.

— قىز بالىدىن ياش سوراش ئەدەپسىزلىك ھېسابلى-
نىدۇ، — دېدى سەلىمجان گەپ باشلاپ، — شۇنداق بولسىمۇ
يېشىڭىزنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، بۇ يىل يىگىرمە يەتتە ياشقا كىردىم.

— يىگىرمە يەتتىگە كىرگەندەك قىلمايدىكەنسىز، — دېدى
سەلىمجان دەرھال باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان ئاياللارنى ئالداپ
خۇش قىلىش ھېيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، — يىگىرمە ئۈچ -
يىگىرمە تۆتلەرگە كىرگەندەك كۆرۈنىدىكەنسىز.

— راستىما؟ ئادەمنى خۇش قىلىپ.

— مەن بۇ يىل ئوتتۇز تۆت ياشقا كىردىم، سىز مەندىن
يەتتە ياش كىچىككەنسىز.

— ئاكا دېسەم بولىدىكەن ئەمىسە.

— مەيلى، مەن رازى.

شۇ پەيتتە، ئۇستەلگە توخۇ قورۇمىسى ۋە باشقا بۇيرۇتمىلار
تىزىلدى.

— قېنى، ئادىتي بولسىمۇ بۇ تاماقلارغا ئېغىز تېگىپ
بېقىڭ، — دېدى سەلىمجان شەھىدەنى تاماققا تەكلىپ قىلى-
غاچ، — ئۆزىمىزنىڭ تاماقلىرىغا يەتمىسىمۇ يوقتىن ياخشىراق.

ئۇلار ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىپ ئاشخانىدىن چىقتى.

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرس بولمىغاندىكىن بىرگە
ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟ — دېدى سەلىمجان شەھىدەنىڭ رايى-
نى سىناپ باقماقچى بولۇپ.

— بولماسمىكىن، بۈگۈن مەن كىر يۇيۇشقا تەييارلىق قى-
لىپ قويغان، يەكشەنبە كۈنى بولسا قانداق؟

— مەيلى ئەمىسە، گېپىمىز گەپ جۇمۇ.

— ماقۇل.

شەھىدە ياتاققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، سەلىمجان ئاستا قەدەملەر بىلەن مەكتەپ قورۇسىدىكى گۇللۇككە كەلدى. گۇللۇكتە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ يان تەرەپتىكى يالغۇز ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، بىر تال تاماكا چەككەچ ئەتراپقا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا خىزمەتدىشى ئەكبەر پەتقۇللا ھەدەپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى، ئۇ كىتابنىڭ ئىچىگە شۇنچىلىك كىرىپ كەتكەن ئىدىكى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇشقىمۇ ھورۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سەلىمجان ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. «ئاجايىپ مەتۇ نېمىدە سەن، — دېدى ئۇ ئىچىدە خىزمەتدىشىنى مەسخىرە قىلىپ، — يا ئويناشنى بىلمەيسەن، يا كۈلۈشنى بىلمەيسەن، ئۆمرۈڭ شۇنداق مەتۇچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ سېنىڭ. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كىتاب بىلەن ھەپىلەشسە قانداق چىدايدۇ بۇ كاللا؟ ۋاي، كىتاب خالتىسى، ئويناشنى بىلمەيدىغان پىلە قۇرتى!» ئۇنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. ئىچىدە يەنە ئالىلىنىپمىلەرنى غۇدۇرغىنىچە ئۇدۇل ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ياتاقتا بىرنەچچەيلەن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سەلىمجانمۇ كارىۋىتىغا چىقىپ ئۇخلىماقچى بولدى، لېكىن يەكشەنبە كۈندىكى ئۇچرىشىشنى خىيال قىلىپ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسيادى شەھىدەنى ئىندەككە كەلتۈرۈشتىلا قالغانىدى. «خەپ، كاساپەت! ھامىنى توغرىلايمەنغۇ سېنى! ...»

سەلىمجان كارىۋاتقا چىقىپ يانچۇقىدىن پورتمىنىنى ئالدى، ئاندىن ئىچىدىكى پۇللارنى تېزلا ساناپ چىقتى ـ دە، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىشقا باشلىدى: «پۇل خەجلىمەي كۆڭۈلنى خۇش قىلغىلى بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇ چىگىش خىياللاردىن خۇلاسە

چىقىرىپ، — ھېلىمۇ نۇرغۇن پۇلۇم مۇشۇ ئىش ئۈچۈن جەجلەندى. ئالىيەگە تولا يالغان گەپ قىلىپ گۇمانىنىمۇ قوزغاپ قويدۇم. شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈزۈمگە سالمىدى. بۇ قارىمۇتۇق گۈزەلنى ئىندەككە كەلتۈرۈشمۇ ئۇنچە ئاساندەك قىلمايدۇ، قانچىلىك چىقىم تارتساممۇ ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆزۈمگە مايىل قىلىشىم كېرەك!»

سەلىمجان پورتمىنىنىڭ كۆزىنىكىگە قىستۇرۇلغان تويلۇق خاتىرە رەسىمگە قارىدى. ئۇنىڭدا ئايالى ئالىيە ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويغان ھالدا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. تۇرۇپ، سەلىمجاننىڭ ئايالىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۆزىگە شۇنداق ئىشىنىدىغان ۋاپادار ئايالىنى ئۇزلۇكسىز ئالداپ كېلىۋاتقىنىغا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ھەدەپ ئاسىيلىق قىلىۋاتقىنىغا سەل پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىيەگە تەلەپ قويغان گۈزەل مەنزىرە ئايان بولۇشقا باشلىدى...

ماي ئېيىنىڭ كىشىگە ئارامبەخش ئېتىدىغان كۈنلىرى ئىدى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يېڭىدىن يېشىللىققا كىرگەن شەھەر مەنزىرىسى شەھەر ئاھالىسىگە يېڭى ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. سەلىمجان ئالىيەنى باشلاپ خەلق مەيدانىغا كەلدى. ئۇ بۈگۈن كۆڭلىگە خېلى بۇرۇنلا پۈكۈپ كەلگەن، لېكىن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان مۇھىم بىر گەپنى ئالىيەگە ئېيتماقچى ئىدى.

ئۇلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاقنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. مەيداندا ئۇياق- بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئالىيە ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە تويماي باقاتتى. سەلىمجان ئۇنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل جامالىغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى.

— نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە! — دەۋەتتى سەلىمجان گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، ئالىيەنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ.

ئالىيە شۇندىلا دىققىتىنى يىغىپ سەلىمجانغا قىيا باقتى.

— مۇھىم گېپىم بار دېگەنتىڭىزغۇ، قېنى، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى ئالىيە شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ.

سەلىمجان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن گەپلەرنى بىردىنلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۆزىگە ھەم سوئال نەزىرى، ھەم دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئالىيەگە شۇ تاپتا نېمىلەرنى دېيىشنى بىلمەي شەلپەردەك قىزاردى. ئۇ ئالىيەنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋېتىشىدىن شۇنداق ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بىرنەچچە قىزنىڭ ئۇدا رەت قىلىۋېتىشىگە ئۇچرىغاچقا، كېيىن ئۇچراشقان قىزلارغا يۈرىكىدىكىنى ئېنىق ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىراۋلار تەرىپىدىن ئىزچىل رەت قىلىنغان ئادەمدە ئەنسىرەش، خۇدۇكسىرەش پسىخىكىسى يېتىلىپ قالسا كېرەك. شۇ تاپتا سەلىمجاندىمۇ مۇشۇ خىل روھىي ھالەت پەيدا بولغانىدى. «مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۈگۈنكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىم كېرەك، — دەيتتى سەلىمجان گادىرماچ خىياللار ئىچىدە، — ئەگەر قەلبىمدىكى گەپلىرىمنى بۈگۈن ئېيتالمىسام مەڭگۈ پۇشايماندا قېلىشىم مۇمكىن. ئىلگىرىمۇ پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا نۇرغۇن گۈزەل قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىدىم. ياخشىسى، پەيتنى چىڭ تۇتاي! ...»

— زەينەپ نېمىشقا توختىماي «كاككۇك! كاككۇك!» دەپ سايرايدىغاندۇ؟ — دېدى سەلىمجان تۇيۇقسىزلا.

— مەشۇقىنى سېغىنىپ شۇنداق سايرايدۇ، — دېدى ئالىيەمۇ تېزلا.

— مەن نېمىشقا خىيالچان بولۇپ قالىمەن ئەمىسە؟

— سىزمۇ بىرىنى سېغىنىپ شۇنداق بولۇپ قېلىۋاتقانسىز بەلكىم.

ئالىيە بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ «ھۇپپىدە» قىزىرىپ كەتتى. پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان سەلىمجان:

— مەن كىمنى خىيال قىلىمەن، بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەرسىز، — دېدى ئالىيە يەرگە قاراپ شەلپەردەك قىزىرىپ.

— مەن سىزنى خىيال قىلىمەن، ئالىيە، — دېدى سەلىمجان بارلىق غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ ھاياجان بىلەن، — سىز بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇخلىسام چۈشۈمدىسىز، ئويغانسام ئويۇمدا. ئىشقىلىپ، خىيالىمنىڭ مەركىزى پەقەت سىزدىلا. سىز بىلەن كۆپرەك ئۇچرىششنى، كۆپرەك پاراڭلىشىشنىلا خىيال قىلىمەن. ئويلاپ باقسام، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن، ئالىيە. بىلمىدىم، تەلىپىمگە قانداق قارايسىزكىن؟

— گەپ ئەگىتىشكە بەك ئۇستىكەنسىز، — دېدى ئالىيە بىر خىل يېقىملىق تەلەپپۇزدا، — كاككۇك - زەينەپلەردىن گەپ باشلاپ كېلىپلا مەقسەتنى پوككىدە ئوتتۇرىغا قويدىڭىز مانا.

سەلىمجان قىزىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئالىيەنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋېتىشىدىن شۇنداق ئەنسىرەۋاتاتتى. ئەگەر يەنە رەت قىلىنىشقا ئۇچرىسا، ئۇ بۇ زەربىگە ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

— مەن سىزنى ئىزچىل ھالدا جۇرئەتلىك دەپ ئويلاپ كەلگەن، لېكىن ھەرقانچە ساقلىغىنىم بىلەن سىز ئېغىز ئاچمىدىڭىز. بۇ ئىشتا قىز بالىغا قارىغاندا ئوغۇل بالىنىڭ تەشەببۇسكار بولغىنى ياخشى، بۇ ھەم بىزنىڭ ئەخلاق قارىشىمىز، ھەم گۈزەل ئەنئەنىمىز. مېنىڭ بۇ گەپنى كۈتۈۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى. بىلەمسىز، مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سەلىمجان! ...

— راستىما!

www.uyghurkitap.com

سەلىمجاننىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قولى ئالىيەنىڭ ئاپئاق يۇمران قوللىرىنى قامبۇردەك قىستى. ئالىيە «ۋايجان!» دېگەندىلا، ئاندىن ئېسىگە كەلدى.

— كەچۈرۈڭ! بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ ...

— ھېچقىسى يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن سەلىمجاننىڭ رومانتىك مۇھەببەت ھاياتى رەسمىي باشلىنىپ، قەلبىدىكى گۈزەل قىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە ھەقىقىي مۇيەسسەر بولغاندى ھەمدە بۇگۈنگىچە بىر ئۆيدە بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقاندى ...

سەلىمجان رەسىمگە ئۇزاق قارىدى. ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك چىگىش خىياللار ئۇنىڭ روھىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغانىدى. مۇشۇ چىگىش خىياللار ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان بولۇپ، بىر قۇتۇپتىكىلەر: «سەلىمجان، بولدى قىل، ئالىيەنىڭ ساڭا قىلغان ئەقىدىسىگە ئاسىيلىق قىلما! ھېسسىياتقا بېرىلمە، ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، ئۆگىنىشىڭنى قىل! ...» دەپ چۇقان سالسا؛ يەنە بىر قۇتۇپتىكىلەر: «پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، سەلىمجان! ئۆزۈڭنىڭ ئەركەكلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما! ئايالىڭ ساڭا نېمە قىلىپ بېرەلىدى، ساڭا بالا تۇغۇپ بېرەلىدىمۇ؟ سېنى دوستلىرىڭنىڭ ئالدىدا ھازىرغىچە يەرگە قارىتىپ كېلىۋاتىدىغۇ؟ دوستلىرىڭنىڭ، خىزمەتداشلىرىڭنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرىنى، يۈزۈڭدىن ــ يۈزۈڭگىلا: ‹سەلىمجان، بىرەر چاتىقىڭلار يوقتۇ ــ ھە؟ بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ بويى ئېگىزلىكىمىزگە تاقاشتى، سىلى تېخىچە ...›، دېيىشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما! سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭنىڭ ساق ۋە بىجىرىم ئەركەك ئىكەنلىكىڭنى باشقا ئاياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ قويغىن! ...» دەپ چۇقان سالاتتى. سەلىمجان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۇ ئىشتا ئاخىرقى قارارنى چىقارغانىدى: «ماڭا بۇ

پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن «ئۆتكەن ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ...

پۇرسەت ئوڭاي قولغا كەلگەن ئەمەس، قەدىرلىشىم كېرەك، چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك! مېنى كەچۇر، ئالىيە! بۇ مېنىڭ ساڭا بىرىنچى قېتىم ئاسىيلىق قىلغانلىقىم ئەمەس، مەن سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويغۇم يوق! ...»

ھېسسىيات ئەقىلدىن غالىب كەلدى. سەلىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقتىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئالىيەگە پۇل ئەۋەتىپ بېرىش توغرۇلۇق تېلېفون ئۇرماقچى ئىدى.

— مائاشىڭىزچۇ؟ — دېدى ئالىيە تېلېفوندا، — مائاشىڭىزمۇ ئاز ئەمەستىغۇ؟

— سىزدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەندىكىن كۆپرەك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالاي دەپ بىر يۈرۈش ماتېرىيال سېتىۋالدىم، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئاشۇ ماتېرىياللار دۆۋىسىدە ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن دەڭا، — دېدى سەلىمجان قىپقىزىل يالغان سۆزلەپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ۋاخ تاماقنى سىرتتىن يەيدىغان گەپ، ئانچە ـ مۇنچە ئولتۇرۇش ـ پولتۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ، ئىشقىلىپ، پۇل كۆپرەك كېتىدىكەنغۇتاڭ ...

— ئىشقىلىپ، سىزنىڭ باھانىڭىز بەك جىق.

— مەن راست گەپ قىلدىم، جېنىم.

— قانچىلىك لازىم؟

— مېنى قانچىلىك سۆيسىڭىز شۇنچىلىك.

— سىز مۇھەببەتنى، ھېسسىياتنى پۇل بىلەن ئۆلچىمەكچىمۇ؟

سەلىمجان دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بەك ئەقىللىق جۇمۇ سىز، ئالىيە، — دېدى سەلىمجان، — شۇڭا سىزگە كۆيىمەن ئەمەسمۇ، جېنىم!

ئەرلەر تەرىپىدىن ماختالسا كۆڭلى خۇش بولمايدىغان قەلبى ھاياجانغا چۆمۈلمەيدىغان ئاياللار بولمىسا كېرەك. شۇ تاپتا ئالىيەمۇ سەلىمجاننىڭ ياغلىما گەپلىرىگە خۇش بولۇپ، چۈشتىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك كارتىسىغا پۇل كىرگۈزۈۋېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇشاللىقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن سەلىمجان ئۇنى تېلېفوندا بىرنەچچىنى سۆيۈپ قويدى.

يەكشەنبە كۈنى سەلىمجان شەھىدەنى ئېلىپ بېيجىڭنىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى تاماشا قىلدى. يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىغا، خان ئوردىسىغا باردى. ياشلار كىنو كۆلۈبىغا كىرىپ بىر مەيدان كىنو كۆردى، تيەنئەنمېن مەيدانىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. چۈشتە بېيجىڭدىكى داڭلىق ئۇيغۇر رېستورانىغا كىرىپ غىزالاندى. كەچتە ئۇ شەھىدەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىر دىسكوخانىغا ئەكىردى.

— كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالدۇ، — دېدى ئۇ دىسكوخانىغا كىرىپ جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، — بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىمىز، تانسا - پانسا ئوينايمىز شۇ.

— ھېلىمۇ بىر كۈن ئاۋارە قىلدىم سىزنى، — دېدى شەھىدە خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ.

— نېمىگە ئاۋارە بولاتتىم، ھەممىنى ئۆزۈم خالاپ قىلغان تۇرسام.

— سىزنى چىقىمدار قىلىۋەرسەم خىجىل بولىدىكەنمەن.

— ھەرگىز خىجىل بولماڭ.

سەلىمجاننىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن ئۇستەل ھەر خىل ئىچىملىك ۋە ئۇششاق يېمەكلىكلەر بىلەن لىققىدە تولدى.

— بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى شەھىدە تېخىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىپ.

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ھەرگىز خىجىل بولماڭ.



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىككى رومكىغا ۋىسكىدىن يېرىم تولدۇرۇپ قويدى، ئاندىن بىر رومكىنى شەھىدەگە تەڭلىدى.

— قېنى ئەمىسە، تونۇشقىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ مۇزدەك سۇنى كۆتۈرۈۋېتەيلى!

— كەچۈرۈڭ، مەن بۇنى ئىچەلمەيمەن، — دېدى شەھىدە سىلىق رەت قىلىپ.

— بۇ هاراق ئەمەس، مۇز سېلىنغان سوغۇق ئىچىملىك، مەست قىلمايدۇ، ئىچىڭە، — دېدى سەلىمجان تېخىمۇ زورلاپ.

— ياق، ياق، ئىچسەم بولمايدۇ، — دېدى كەچۈرۈڭ.

— ئەمىسە ئاغزىڭىزنى تەگكۈزۈپ قويۇڭ.

— كەچۈرۈڭ، ئۇنىمۇ قىلالمايمەن.

سەلىمجاننىڭ بۇ قېتىم رەسمىي ئاچچىقى كەلدى، ئەمما چاندۇرمىدى. ئاچچىقىنى ئالدىدىكى هاراقتىن ئالدى. ئىچىدە: «خەپ، توختاپ تۇر! پوكىنىم ئاستىدا ئىڭرىمىغىنىڭنى بىر كۆرەي سېنىڭ! ...» دەپ قەسەم قىلدى. ئۇ شەھىدەنىڭ «كېتەيلى» دەپ تۇرۇۋېلىشىغا رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ دېسكوخانىدىن چىقتى. «يولۋاسنى ئۈركۈتۈپ قويسام بولمايدۇ، تەجرىبىلىك ئوۋچى سەۋرچان كېلىدۇ» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇ شەھىدەنى تاكسى بىلەن ياتىقىغا ئەكېلىپ قويدى.

ئەتىسى چۈشتە سەلىمجان شەھىدەنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، ئەمما شەھىدە رەت قىلدى.

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈن مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، كېيىنچە بىرگە يەيلى، — دېدى شەھىدە.

«ئۆزىنى قەستەن مەندىن قاچۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى سەلىمجان، — خەپ توختا، قارىۋاي. قاچمايدىغان، ئەكسىچە چاپلىشىدىغان قىلىۋەتمەيدىغان بولسام سەلىمجان بولماي كېتەي! ...»

ئۇ شەھىدەنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ چارە - ئامالىرى

ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنەتتى، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى شەھىدەنى ئەل قىلىشتىلا قالغانىدى. كاللىسىدا ئوقۇش، ئۆگىنىشلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى چۈشتە سىرتقا تاماق يېگىلى چىقىپ كېتىۋې-تىپ يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساغلاملىق دورا دۇكىنىغا كۆزى چۈ-شۈپ قالدى. نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلغان سەلىمجان يولنى تو‌غ-رىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل دۇكانغا كىردى. دۇكاندا ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئاغزى بارمايدىغان ھەر خىل دورىلار قاتار تىزى-ۋېتىلگەنىدى.

سەلىمجان دۇكاندار قىزنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىچىملىككە قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدى-غان، جىنسىي ئەزانى غىدىقلايدىغان دورىدىن بىر قاپ سېتىۋالدى ۋە دۇكاندار قىزدىن ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى سوراپ بىلىپ قايتىپ چىقتى.

شەنبە كۈنى كەچتە سەلىمجان شەھىدەنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇندى-ماي مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى داڭلىق خۇيزۇ ئاشخانىغا باشلاپ كىر-دى. ئاشخانىدا خېرىدارلار ناھايىتى جىق ئىدى، ئاشخانا ئىچىنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، چېكىلىۋاتقان تاماكىلار-دىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەك ئاشخانا ئىچىدە تۇماندەك لەيلەپ يۈرەتتى.

ئۇلار ئەڭ چەتتىكى بوش ئۈستەلدىن ئورۇن ئالدى. كۈتكۈ-چى قىز ئۇلارغا ئىككى ئىستاكان چاي كەلتۈردى. سەلىمجان تاماقلارنى بۇيرۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا شەھىدە «تازىلىق ئۆيگە كىرىپ چىقاي» دەپ چىقىپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سەلىمجان شەھىدەنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا ھېلىقى دورىدىن بىر تال سېلىۋەتتى. دورا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە سۈيۈقلۇققا ئايلى-نىپ بولدى.

— تاماق چىققۇچە چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى سە-

لىمجان شەھىدەنى ھەدەپ چاي ئىچىشكە زورلاپ.

تاماق چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا شەھىدە ئىستاكاندىكى چاينى ئىچىپ بولدى. تاماق يېيىلىپ بولاي دېگەندە شەھىدە سەل بىئا-راملىق ھېس قىلىشقا باشلىدى ... سەلىمجان ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆز-گىرىشنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن بىلمەسكە سېلىۋالدى. ئارد-دىن ئىككى - ئۈچ مىنۇت ئۆتتى، شەھىدە پەقەتلا چىدىمىدى بولغاي، يېنىدىكى ئورۇندۇقتىكى سومكىسىنى ئېلىپ:

— مەن سەل بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن، كەچۈرۈڭ! — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى، — مېنى ياتىقىمغا ئەكىرىپ قويۇڭ.

«ماۋۇ كاساپەتنى! — دېدى سەلىمجان ئىچىدە ئاچ-چىقلاپ، — بۇ ھۇنەرمۇ كار قىلمىدىغۇ؟ خەپ، توختاپ تۇر! ...»

ئۇزۇن ئويلاپ تاپقان چارىسى ئەمەلگە ئاشمىغان سەلىمجان شەھىدەنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ خۇددى نىجاسەت يەپ سالغان ئىتتەك غۇدۇرىغىنىچە ياتىقىغا قاراپ ماڭدى.

تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۆزى قىلماقچى بول-غان ئىشلارنى قىلالمىسا ياكى مەغلۇپ بولسا قەتئىي بولدى قىل-مايدۇ، ئەكسىچە خىلمۇخىل چارە - ئاماللار بىلەن شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. ھازىر سەلىمجاننىڭ دەرسخانىدا ئويلايدىغىنىمۇ، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئويلايدىغىنىمۇ يەنە شۇ شەھىدە ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا نە ئايالى ئالىيە، نە بۇگۇردىكى سۆيگىنى روشەنگۈللەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ شەھىدەنى باش ئەگدۈرۈشنىڭ باشقا چارىسىنى ئىزدەپ يەنە ھېلىقى ساغلاملىق دورا دۇكىنىغا كىردى.

دۇكاندار قىز ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ماۋۇ ئۇخلىتىش دورىسى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شى، نۇرغۇن خېرىدارلار مۇشۇنى ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئالامسىز؟ — دېدى.

— بۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟

— چايغا سالسىمۇ، ھەر خىل ئىچىملىككە سالسىمۇ، يېمەكلىككە قوشۇۋەتسىمۇ بولىدۇ، نىشان ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلايدۇ.

سەلىمجان ئارتۇق ئىككىلەنمەيلا دورىنى سېتىۋالدى.

چارشەنبە كۈنى چۈشتە ئۇ شەھىدەنى سىنىپىدىنلا ئاچىقتى.

— سىزگە زادى نېمە بولدى، نېمىشقا ماڭا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىسىز؟ — دېدى ئۇ شەھىدەنى خالىيراق جايغا ئەكىلىپ.

— ماڭا ھېچنېمە بولمىدى، يېقىندىن بۇيان سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم شۇ.

— يالغان! سىز ئۆزىڭىزنى مەندىن قەستەن ئەپقېچىۋاتىدسىز.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلاتتىم، مېنى خاتا چۈشەنمەڭ.

— ئىشەنمەيمەن، بۈگۈن ماڭا ئېنىق چۈشەنچە بەرمىسىڭىز سىزنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن!

شەھىدە ئەتراپقا ئىتتىك - ئىتتىك قاراپ سەل بوشىدى.

— يۈرۈڭ، سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشايلى، بۈگۈن مەن سىزنى مېھمان قىلاي.

ئىككىيلەن ھەمىشە بىللە تاماققا كىرىدىغان ئاشخانىغا كىردى. شەھىدە بىر تەخسە توخۇ قورۇمىسى ۋە بىرقانچە تەخسە سوغۇق سەي بۇيرۇتتى. سەلىمجان كۈتكۈچىنى چاقىرىپ سىرتتىن ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئەكىرگۈزدى. بۇ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى، سەلىمجان بۇنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغانىدى. شەھىدە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سىزىپ قالغانىدەك، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك، بۈگۈن ئارىنى ئوچۇق قىلىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز شەھى-

دەنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى، ئۇ تېلېفوننى قولىغا يېقىپ سىرتقا ماڭدى. سەلىمجان ناھايىتى تېزلىك بىلەن ھېلىقى ئۇن- سىمان دورىنى شەھىدەنىڭ ئالدىدىكى چاي ئىستاكانىغا، كۆتكۆ- چى ئەمدىلەتىن ئاچىققان سوغۇق سەيلەرگە تۆكۈشكە ئۈلگۈردى.

— قېنى، سىزمۇ قورۇمىلارغا ئېغىز تەگكۈزگەچ ئول- تۇرۇڭ، — دېدى شەھىدە.

سەلىمجان ئالدىدىكى پىۋىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قويدى، ئاندىن ئۇنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى، ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى، شەھىدە ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنى قورۇمىلارغا تەكلىپ قىلغاچ ئۆزى توختىماي قورۇما يەيتتى، قايناق سۇ ئىچەتتى. سەلىمجان بولسا پىۋا ئىچكەچ ئۇنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتەتتى. ئۇ پات - پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. مانا ئون بەش مىنۇتمۇ ئۆتتى، لېكىن شەھىدە ھېچ ئۇخلاي دېمەيتتى. «ساختا دورىنى ئالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى سەلىمجان ھېلىقى دورىدىن گۇمانلىنىپ.

ئۇستەلگە توخۇ قورۇمىسى تېخى ئەمدىلا چىقىپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز شەھىدەنىڭ بېشى ئۇستەلگە تېگىپ قالدى. دېمەك، دورا كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سە- لىمجان مۇلازىمغا دەرھال تاماقنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىپ شەھىدەنى يۆلىگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھىدەنى يول بويىدا خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان تاكسىغا سالدى - دە، ئۇدۇل شەھەر مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شەھىدە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا يوتقان ئىچىدە تۇغما ھالەتتە ياتاتتى. يېنىدا سەلىمجان يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. بىر- دىنلا شەھىدەنىڭ كۆزلىرىدىن بۇقۇلداپ ياش ئېقىشقا باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ يىغىسى ئۈنسىز يىغا ئىدى. ئۇ يېنىدا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن سەلىمجانغا كۈچلۈك نەپرەت بىلەن قارىدى، ئەمما ئۇنى ئويغاتمىدى ياكى ۋارقىراپ - جارقىراپ ياتاقنى بېشىغا

www.uyghurkitap.com

كىيىمدى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە بۇ-
لۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. بىر چاغدا سەلىمجان ئاتلىق
ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچتى، ئۇ بۇلۇڭدا بىچارىلەرچە تۈگۈلۈپ
ئولتۇرغان شەھىدەگە قاراپ لام ـ جىم دېمەي كىيىملىرىنى
كىيدى.

— مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغىنىڭىزنى بۇرۇنلا پەملىگەن، — دېدى شەھىدە ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — مانا بۈگۈن ئويلىغىنىمدەك بولدى.

سەلىمجان يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى.

— بىرقانچە قېتىملىق ھېيلىڭىز ئەمەلگە ئاشمىغاندى، بۇ قېتىم ئۆزۈمدىن كەتتى، ھەممىسى مەندىن ئۆتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، شەھىدە. مەن خاتا قىپتىمەن، — دېدى سەلىمجان شەھىدەگە تىكىلىپ قارىيالماي.

— ياق، گۇناھ مەندە، سىز بىلەن تونۇشمىسام، بىرگە تاماقتا چىقمىسام بولاتتى، ھەممىگە مەن ئەيىبلىك.

— مەن سىزگە ئىگە بولىمەن، شەھىدە.

— قۇرۇق گەپ! — دېدى شەھىدە ۋارقىراپ، — سىز ئەڭ ياخشىسى خوتۇنىڭىزغا ئىگە بولۇڭ!

سەلىمجان يەنە جىمىپ قالدى.

— مېنى ياتىقىمغا ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى شەھىدە بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

سەلىمجان چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۇ شەھىدەنى يۆلىۋالماقچى بولۇۋېدى، شەھىدە:

— ماڭا ئەمدى يېقىن كەلگۈچى بولماڭ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن شەھىدە باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدى. پات ـ پات دەرسكە چىقمايدىغان، چىقسىمۇ بېشىنى پارتىغا قويۇپ مۈگدەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. سەلىمجان دەسلەپ-

تە ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا ئىچ ئاغرىتتى، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلغاندەك بولدى، ئەمما كېيىنچە بۇ ئىشلارنى پەرۋايىغا ئالماي يۈرۈۋەردى. «قانچىلىك نېمىدىڭ؟ مەن سەلىمجان قىلىمەن دې-گىنىمنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم، بەك كۆرەڭلەپ كېتىۋې-دىڭ، ئاخىرى قولۇمدا ۋاك دېدىڭ، يەنە نېمىگە هال تارتىسەن ئەمدى؟! ...»

قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىشكە ئاز قالغان يانۋارنىڭ جۇ-دۇنلۇق بىر كۈنى سەلىمجاننىڭ تۇرمۇشىدا يەنە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى. سەلىمجان مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى ئاپئاق قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسىگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئارقا تەرىپىدىن ئاڭلانغان تونۇش ئاۋاز ئۇنى «شىپپىدە» توختاتتى.

— سەلىمجان!

ئۇ كەينىگە قارىدى. ئاپئاق شارپىنى بوينىغا مەھكەم ئورى-ۋالغان شەھىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— سىز بىلەن پاراڭلاشماي دېگەن، — دېدى شەھىدە ئورنى-دىن مىدىرلىماي.

بۇ شەھىدەنىڭ شۇ قېتىمقى ئىشتىن بۇيان سەلىمجانغا قىلى-غان تۇنجى ئېغىز سۆزى ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار سىنىپ-تا ياكى سىرتتا ئۇچرىشىپ قالسا خۇددى ناتونۇشلاردەك گەپ قىلىشمايتتى.

ئۇلار يەنە هېلىقى خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ كېلىشتى. تاماق بۇيرۇتۇلۇپ خېلى بىر كەمگىچە بىر ـ بىرىگە گەپ قىلمىدى.

— يېقىندىن بۇيان ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟

ئارىدىكى جىملىقنى يەنىلا سەلىمجان بۇزدى.

— بۈگۈن مەن سىز بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەي دېگەن.

www.uyghurkitap.com

— نىمە، مىجەزىڭىز يوقما؟

كۆتكۆچى ئۆلارنىڭ ئالدىغا ئىككى تەخسە لەگەن ئەكەلدى. ئۆلار ئۆن ـ تىنىسىز تاماق يېيىشكە باشلىدى.

— ئەسلىدە بۆ ئىشنى سىزگە ئېيتماي دېگەن، — دېدى شەھىدە تاماق يېيىشتىن توختاپ، — بىراق بۆ دېگەن ياقا يۆرت. ئۆزۆم يالغۆز قېينىلىپ قالغۆدەكمەن. ئۆنىڭ ئۆستىگە بىزنىڭ شىركەتتىن بىرگە كەلگەنلەرگە چاندۆرۆپ قويسام ھەرگىز بولمايدۆ.

سەلىمجان گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى.

— قىشلىق تەتىلدە بەلكىم ھەممەيلەن يۆرتقا قايتىدۆ، سىزمۆ قايتارسىز؟ — سورىدى شەھىدە.

— ھەئە.

شەھىدەنىڭ كۆزىدە بىردىنلا ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى.

— شەھىدە، سىزگە نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۆ؟

بۆ گەپ بىلەن تەڭ، ئۆزىنى ئاران تۆتۆپ تۆرغان شەھىدە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئاشخانىدا ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسىمۆ، سەلىمجان شەھىدەنى باشلاپ ئاشخانىدىن چىقتى ۋە تاكسىغا ئولتۆرغۆزۆپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر قەھۋەخانىغا باشلاپ كىردى. كۆتكۆچى ئۆلارنى قەھۋەخانىنىڭ ئايرىم بۆلۆمچىسىگە باشلاپ كىرىپ چىقىپ كەتكەن ھامان، شەھىدە سەلىمجانغا ئۆزىنى تاشلاپ بۆقۆلداپ يىغلاپ كەتتى. ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغان سەلىمجان:

— شەھىدە، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ قېنى ئالدىرىماي سۆزلەڭ، — دېدى.

شەھىدە بىر ئازدىن كېيىن ئېسەدەشتىن توختىدى. سەلىمجان ئۆنى يۆلەپ ئورۆندۆققا ئولتۆرغۆزدى، ئاندىن يانچۆقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ شەھىدەنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى سۆرتۆپ قويدى.

— بويۇمدا قاپتۇ، — دېدى شەھىدە تىترەڭگۈ ئاۋازدا بوش-
قىنا.

— نېمە! ؟ ...

سەلىمجان ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىدىن، جىسمىدا ھېچقانداق كېسەللىكنىڭ يوقلۇقىدىن ھاياجانلانغان سەلىمجان ئىچىدە ھەدەپ تەنتەنە قىلماقتا، ئايالى ئالىيەنى ئەيىبلىمەكتە ئىدى: «ئەسلىدە سەن كېسەلكەنسەن ئەمەسمۇ، ئالىيە. ھەمىشە دوختۇرغا تەكشۈرۈتۇپ بېقىڭ، دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالاتتىڭ، ئەل - ئاغىنىلەر ئالدىدىمۇ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يۈرەتتىم، ئەمدى ياخشى بولدى. بارغاندىن كېيىن كىمنىڭ كېسەل، كىمنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمايدىغان بولسام، خەپ! ...»

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

شەھىدە سەلىمجاننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ھە ... مەن ... ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى سەلىمجان دۇدۇقلاپ.

— قانداق قىلىشنى بىلگەن بولسام سىزنى ئىزدىمىگەن بولاتتىم، — دېدى شەھىدە سەل قېيىدىغاندەك.

سەلىمجان خېلى ئۇزۇنغىچە شۈكلەپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى ھەقىقەتەن چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. «ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ ئويلىدى سەلىمجان ئىچىدە، — ئايالىمنى قويۇۋېتىپ بۇنى ئالاي-مۇ- يا؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بالامۇ بار بولىدۇ، دۈشمەنلىرىممۇ مېنىڭ بېجىرىم ئەر ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىدۇ. لېكىنزە، ئالىيە-دىن ۋاز كېچەلمەيمەن، ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن، گەرچە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئاسىيلىق قىلىۋاتساممۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش-نى ئويلىسام قەلبىمنى ئازاب قاپلايدۇ. ئالىيە بۇ ئىشنى بىلسە،

ئۇ نېمە دەپ ئويلار؟ ئاجراشقىلى ئۇنارمۇ؟ ...»

— گەپ قىلىڭ دەيمەن!

شەھىدە ئۇنىڭ خىيالىنى يەنە بۆلۈۋەتتى.

— مەن سىزنى ئەمرىمگە ئالاي، سىزگە ئۆمۈر بويى ياخشى قاراي.

سەلىمجان بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. گەپنى دەپ بولۇپ سەل پۇشايمان قىلغاندەك بولۇپ قالدى. «نېمىشقىمۇ توي قىلمىغان بىرنېمە بىلەن تونۇشقان بولغىيتتىم؟ ئەجەب ئاۋارىچىلىكى چىقكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

— بۇ گەپنى راست دەۋاتامسىز؟ — سورىدى شەھىدە ئىشەنمىگەندەك.

— ئەلۋەتتە راست دەۋاتىمەن، — دېدى سەلىمجان تېز لا جاۋاب بېرىپ.

— رەھمەت سىزگە، سىزنىڭ بۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، مەن سىزنى تېخى نامەرد، ۋىجدانسىزمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. مېنى ئالسىڭىز ئايالىڭىزنى قانداق قىلدىسىز؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىمەن.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى شەھىدە بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن، — مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ئۆزۈمنى دەپ يەنە بىر بىگۇناھ ئايالنى بەختسىز قىلغۇم يوق. مەن ئۇنچىلىك ۋىجدانسىز ئادەملەردىن ئەمەس. ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن.

— ئۇنداقتا بالىنى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى سەلىمجان گاڭگىراپ.

— تۈنۈگۈن دوختۇرغا كۆرۈنگەن، قىرىشقا بولمايدىكەن، بالا يوغىناپ قاپتۇ.

— ئەمىسە ...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

— بالىستتا يېتىشمىغا توغرا كېلىدىكەن.

سەلىمجاننىڭ بېشى قاتتى. «‹ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا، دېگەن شۇ بولدىغۇ ئەمدى؟» دەپ ئويلىدى.

— ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ شورى، — دېدى شەھىدە يەنە ئېسەدەشكە باشلاپ، — دەسلەپتە قۇرۇق ھۆ كېلىشكە باشلىغاندىلا دوختۇرغا كۆرۈنمەپتىمەن.

— بولدى، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، ھەممە گۇناھ مەندە، مەن سىزگە ئازاب ئېلىپ كەلدىم. بىز قىشلىق تەتىلدە شىنجاڭغا قايتمايلى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قىشلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتماي بالىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى قارار قىلدى.

قىشلىق تەتىلدە سەلىمجان بىلەن شەھىدەدىن باشقا بارلىق كۇرسانتلار شىنجاڭغا قايتىشتى. سەلىمجان خىزمەتداشلىرىغا گۇاڭجۇدا ئۇ ۋاقىت قىلىۋاتقان نەۋرە ئاكىسىنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتتى، شەھىدە بولسا شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقان نەۋرە سىڭلىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسەتتى. سەلىمجان ئايالىنى ئىنتايىن تەستە قايىل قىلدى. ئۇ ئايالىغا قىشلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى، ئىناۋەتلىك كار-تىغا جىنقراق پۇل سېلىۋېتىشنى ئېيتتى. ئايالى ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشەنمىگەن، قايتىپ كېلىش ھەققىدە چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، سەلىمجاننىڭ جاھىللىقى ئالدىدا يەنە باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئېرىنىڭ كىشىنىڭ يۇرتىدا تېنىەپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك كارتىسىغا خېلى كۆپ پۇل كىرگۈزۈۋەتتى.

شەھىدەمۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۇنى - بۇنى دەپ ئاخىرى قايىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار باشقا كەسپداشلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزلىرى بىيجىڭدا قېلىشتى.

سەلىمجان شەھىدەنىڭ ھالىدىن ناھايىتى ياخشى خەۋەر ئال-
دى. ئۇلار بېيجىڭدىكى ئەڭ چوڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ بالىنى
ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىۋالدى. شەھىدەنىڭ تېنى بەك ئاجىز
بولغاچقا، ياخشى كۇتۇنۇشكە توغرا كەلدى. سەلىمجان بارلىق
تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز ئائىلىدەك كۆيۈن-
دى، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدىن ئەڭ ياخشى تاماقلارنى
ئەكېلىپ باقتى. ئون - ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن شەھىدەنىڭ
سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ رەڭگىمۇ قىزىلگۈلدەك جۇلالاندى.
بۇ جەرياندا ئۇنىڭدا سەلىمجانغا نىسبەتەن باشقىچە بىر خىل ھېس-
سىيات شەكىللەندى.

— ئائىلىڭىز بەك بەختلىككەن، — دېدى ئۇ بىر كۈنى
سەلىمجان ئەكەلگەن ئېرىن چۆپنى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ.

— قانداق دەيسىز؟

— سىز بەك كۆيۈمچان ئىكەنسىز.

شەھىدەنىڭ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخا-
نىدىن چىقتى. شۇ كۈنى ئۇلار شەھىدەنىڭ ياتىقىدا ئۇزاققىچە
سۆيۈشتى.

قىشلىق تەتىل ئاخىرلىشىپ دەرس باشلانغانىدى. سەلىمجان-
نىڭ ھەربىر كۈنى تولىمۇ مەنىلىك ئۆتۈۋاتاتتى. شەھىدە ئۇ نەگە
باشلىسا رايىشلىق بىلەن ئەگىشەتتى. سەلىمجاننىڭ دەرس، ئۆ-
گىنىش دېگەنلەر بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. دەرسكە كىرسىمۇ
بىردەم ئولتۇرۇپلا چىقىپ كېتەتتى - دە، شەھىدەنىڭ دەرستىن
چۈشۈشىنى كۈتۈپ سىرتتا ساقلاپ تۇراتتى ياكى تورخانىلارغا
كىرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئۇ شەھىدەنى پات - پات كىنولارغا
ئاپىراتتى، سۇ ئۈزۈش ئورۇنلىرىغا ئاپىراتتى. بەختلىك مىنۇتلار
بارغانسېرى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىرنەچچە كۈنلا قالغان بىر كۈنى كەچ-

تە، شەھىدە تەشەببۇسكار ھالدا سەلىمجان بىلەن بىرگە بولدى.
— بويىڭىزدا قالسا قانداق قىلىسىز؟ — سورىدى سەلىمجان مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ياتقان شەھىدەنىڭ مۇرىسىنى يېنىك سىلاپ تۇرۇپ.
— بۇ قېتىم تۇغايمىكىن دەۋاتىمەن، ئۇنى كۆرسەم سىزنى كۆرگەندەك بولىمەن ئەمەسمۇ، — دېدى شەھىدە ئەركىلەپ.
— ھە؟ راست دەۋاتامسىز - يا؟
— ساراڭ، ئۇنى تۇغسام سىزگە تەگسەم بولىدۇ شۇ.
— ئەمىسە قانداق قىلىسىز؟
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.
سەلىمجان ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى، باش - كۆزلىرىگە توختىماي سۆيۈپ كەتتى.
— ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىز بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى شەھىدە تۇيۇقسىز.
— نېمىشقا؟ ئۇنتۇيالامسامچۇ؟
— چوقۇم ئۇنتۇپ كېتىڭ، سىزنىڭ بەختلىك ئائىلىڭىز بار.
— بىراق سىز قانداق قىلىسىز؟
— مەنمۇ ئەرگە تېگىمەن - دە.
سەلىمجان جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۈسى بولسىمۇ دېيىشنى خالىمىدى. شەھىدەمۇ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكەندى. ئۇلار نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدى، يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېيىشتى...
سەلىمجاننىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بۇ ئوقۇشمۇ ئاخىرى ئاياغلاشتى. سەلىمجانمۇ ھەر ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

## 3

سەلىمجان بېيجىڭدىكى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى. شىركەت تەشكىلى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇپ كەلگەن ئىككى كەسىپدىشىنى شىركەتتىكى يېشى قىرىق بەش ياشتىن تۆۋەن مىللىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كەسپىي خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. دەرس چوقۇم خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلۈشى، خەنزۇچە تەلەپپۇزغا ئەھمىيەت بېرىلىشى، ئىلمىي خاتالىق سادىر قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى. سەلىمجاننىڭ خەنـ زۇچە ئاساسى ياخشى بولسىمۇ، كەسپىي خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىـ نىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ھەممىدىن يامىنى، بېيجىڭدىكى تىل ۋە كەسىپ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى تۈپەيلىدىن دەرسخاـ نىدىكى ئەمەلىي ئوقۇتۇش ئۇنى خېلىلا قىيىنىدى. بىر سائەت دەرسنى ئۆتۈپ چىققۇچە ئۇنى ھەمىشە سوغۇق تەر باساتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىركەت رەھبەرلىرى پات ـ پات ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ قوياتتى ھەمدە ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، شۇ بىر سائەتلىك دەرس ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆزلىشەتتى، ئۇنىڭ دەرسخانىدىكى قىياپىتى، خەنزۇچە تەلەپپۇزى، بولۇپمۇ ئىلمىي خاتالىقلىرى ئۇستىدە پىكىر بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا سەلىمجان بېسىم ھېس قىلاتتى، ئۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە ياكى «كىرـ مەڭلار» دېيىشكە يۈزى قىزىراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىركەت رەھبەرلىرى چوڭ يىغىندا: «ناۋادا سىلەرگە دەرس بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن رازى بولمىساڭلار ياكى ئۇلارنىڭ ئۆتكەن دەرـ سىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىساڭلار ئۇدۇل بىزگە مەلۇم قىلساڭـ لار بولىدۇ. بىز ئۇلارنى نىشانلىق تەربىيىلەپ كەلگەنىكەنمىز، ئۇلار سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلاردىن تولۇق چىقىشى كېرەك! ...» دەپ تەكىتلىگەن بولغاچقا، سەلىمجاندىمۇ كۈچلۈك بېسىم شەـ

كىللەنگەندى. شۇڭا، سەلىمجان ھەربىر سائەتلىك دەرسنى پۇخ-
تا تەييارلىق قىلمىسا، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى بويىچە تۈزۈلگەن
كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنمىسە بولمايتتى. ئەگەر
ئۇ دەرس ئاڭلاشقا كىرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدىدا
بىرەر ئىلمىي خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويسا ياكى مەلۇم مەسىلە
ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىپ چېكە تومۇرلىرىنى تەر
باسسا، ئۆزىنى ھەمىشە قالتىس چاغلاپ يۈرگەن سەلىمجان ئۇ-
چۈن باش كۆتۈرگۈسىز نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىناتتى. «ھازىر
ئىشچىلارمۇ يامان بولۇپ كەتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسىغان يەرلى-
رىگە قانغۇدەك سۇ بېرەلمىگەن ئوقۇتقۇچىغا ھەرگىز يۈز - خاتىر
قىلمايدۇ، ئورنىغا باشقا ئوقۇتقۇچىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ھەق-
قىدە شىركەت رەھبەرلىرىگە پىكىر يازىدۇ، ئەگەر شىركەت
رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرمىسا كوللېك-
تىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ دەرس ئىنتىزامىنى بۇزىدۇ ياكى
يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلىدۇ. شۇڭا دىققەت قىلى-
مىسام بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى سەلىمجان ھەمىشە.

ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىدە ئۆز كەسپىگە بولغان كۈچلۈك
بېغىشلاش روھى بولۇشى، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى بولۇشى
كېرەك. ئوقۇتقۇچىدا ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىدىغان، كەسپىي بىلى-
مىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ماڭىدىغان روھ بولمىسا، ئۇ ھامىنى
بىر كۈنى سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ، شاللىنىپ كېتىدۇ. ئىلگى-
رى: «ئوقۇغۇچىغا بىر ئىستاكان سۇ بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىدا
بىر چېلەك سۇ بولۇشى لازىم» دېگەن قاراش بار ئىدى، لېكىن
بۇ قاراشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، چۈنكى ئوقۇتقۇچىدىكى شۇ «بىر
چېلەك سۇ» كونىراپ كەتكەن سۇ بولۇشىمۇ، بۇلغانغان، ئەسلى-
نى يوقاتقان، ئىچكىلى بولمايدىغان سۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا
ھازىر بۇ قاراشنىڭ ئورنىغا «ئوقۇغۇچىغا بىر ئىستاكان سۇ
بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىدا مەڭگۈ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان

قۇرۇماس بۇلاق بولۇشى كېرەك» دېگەن قاراش چىقتى. ھەقىقە-
تەن، بۇ قاراشنىڭ خېلىلا ئاساسى بار ئىدى، چۈنكى ئوقۇتقۇچى
بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرمىسا دەۋرگە، زامانغا ماسلى-
شالمايدۇ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، بىلىم
تەلەپكارلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى قاندۇرالمايدۇ.

ھازىر بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى بىر قىسىم
ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى، بۇنى ئېتىراپ قىلىش كې-
رەك. چۈنكى، ئوقۇتقۇچى ئۆزى دەرس بېرىۋاتقان بىر پەنگە
ماھىر بولغان بىلەن، بىر قىسىم ئىزدىنىشچان، تىرىشچان ئوقۇ-
غۇچىلار بىرنەچچە پەننىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايدۇ. شۇڭا
«ئوقۇتقۇچىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان قۇرۇماس بۇلاق
بولۇشى لازىم» دېگەن قاراش ھازىر پۈتكۈل مائارىپ تارماقلىرى-
نىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

سەلىمجان بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرى
ھېس قىلىپ باقمىغان كۈچلۈك بېسىمغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ
كاللىسىدا ھەمىشە ئويۇن ـ تاماشىدىن مەڭگۈلۈك ۋاز كېچىپ،
كەسپىدىشى ئەكبەر پەتقۇللاغا ئوخشاش ئۆزىنى خىزمەتكە ئاتىۋې-
تىش بىلەن ئويۇن ـ تاماشىنى بىرىنچى ئورۇنغا، خىزمەتنى
ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتىن ئىبارەت
ئىككى خىل زىددىيەت كەسكىن كۆرەش قىلاتتى. ئىلگىرى ئۇ
ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىمگە تايىنىپ بىرنەچچە
قېتىملىق ئوچۇق دەرس ئۆتۈشتە شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ،
شۇنداقلا كەسپداشلىرىنىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن شىركەت تەشكىلى ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلاپ،
ئۇنى شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە نەزەرىيە دەرسى
بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ دەسلەپتە خىزمەتنى بېرىلىپ ئىش-
لىدى، كەسپىي بىلىملىرىنىمۇ بېرىلىپ ئۆگەندى، دەرسىنىمۇ كۆ-
ڭۈل قويۇپ ئۆتتى، ئىشچىلارنىمۇ رازى قىلدى. ھەتتا ئىشچىلار-

نىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغىمۇ ئايلاندى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى-گە ئەگىشىپ، ئۇمۇ شىركەتتىكى ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالغان بىر تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشۇپ، هاراقتا، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇرۇمچىدىكى كۆرستىن كېيىن بولسا قىز - چوكانلارغا شەيدا بولۇپ كەتتى. «هاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنىڭ مۇنداقمۇ دانا ئۇسۇللىرى بولىدى-كەنغۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا، — ئالىي مەكتەپتە ئۆگىنىش بىلەن، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ-تىمەن، توي قىلغاندىن كېيىن بولسا خوتۇن بىلەن، ئائىلە بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، ئەسلىدە ئويۇننىمۇ يولىدا ئويناپ ماڭسا بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ...» سەلىمجان ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى هېس قىل-غان بولسىمۇ، لېكىن ئويۇن - تاماشىدىن قول ئۈزۈشنىڭ ئىنتا-يىن تەسلىكىنى بارا - بارا چۈشىنىپ يەتتى.

ئادەم بىرنەرسىگە خۇمار بولۇپ قالسا ئۇنىڭ پۈتۈن روهىي دۇنياسىنى ئاشۇ خۇمار قىلىدىغان نەرسە قامال قىلىۋالسا كې-رەك. سەلىمجان بىرنەچچە قېتىملىق كۇرس، ئۆگىنىشلەردە «مول هوسۇل»غا ئېرىشكەندىن كېيىن گەرچە ئىشچى - خىزمەت-چىلەرگە دەرس ئۆتۈشتە هەرقانچە بېسىم هېس قىلسىمۇ، يەنە شۇنداق شېرىن مىنۇتلارنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، كۆڭلىدى-نى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ دەرس ئاڭلاشقا كىرىدىغان ئىشچى - خىزمەت-چىلەرمۇ بارا - بارا ئازلىدى. سەلىمجان بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئەمدى ئۇ دەرسكە قولىنىڭ ئۇچىدىلا تەييارلىق قىلىپ كىرىدىغان، دەرسنىمۇ يېرىم ئۇيغۇرچە، يېرىم خەنزۇچە ئۆتىدىغان، هەرقانچە ئىلمىي خاتالىق سادىر قىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ-

كىنى توغرا دەپ، ئىشچىلار بىلەن زاكونلىشىدىغان، ھەتتا ئۇلار بىلەن ياقا تۇتۇشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ دەرسىنى ياقتۇرمى-غان ئىشچىلار كەسپىدىشى ئەكبەر پەتقۇللانىڭ دەرسىنى ئاڭلىغى-لى كىرەتتى ھەمدە دەرسىنىڭ ياخشى ئۆتۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى. سەلىمجان بۇ ئىشلاردىن سەل بىئاراملىق ھېس قىلسىمۇ يەنىلا ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. «سەن قانچىلىك نېمىدىڭ؟ غوجا ئاكاڭ ئويناشنىمۇ بىلىدۇ، ئىشلەشنىمۇ بىلىدۇ. سەنچۇ؟ پەقەت كالىدەك ئىشلەش-كىلا يارالغان! ...»

سەلىمجان مۇشۇ كۈنلەردە تورغا چىقىپ QQ دا پاراڭلىشىش-قا شەيدا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىچىدىكى زېرىكىشنى، قەلبىدى-كى چاڭقاشنى توردىكى يات جىنسلار بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق باساتتى، دەرسى بولمىسىلا كومپيۇتېرنى ئاچاتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ QQ نومۇرىنى كىرگۈزۈپ تىزىملىكتىكى تورداشلىرى بىلەن پا-راڭلىشىشنى، سىردىشىشنى باشلىۋېتەتتى. ئەگەر تىزىملىكتىكى تورداشلىرى تورغا چىقمىغان بولسا تورداش ئىزدەش كونۇپكىسى-نى بېسىپ باشقا يېڭى تورداشلارنى ئۆزىگە قېتىۋالاتتى ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتى. ئۇ دەسلەپتە ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە ھالدا پاراڭ باشلاپ قارشى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈ-رۈۋالاتتى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا قارشى تەرەپنىڭ كەسپى، خىز-مىتى، ئائىلىسى، تېلېفون نومۇرىنى سورايتتى، ئاخىرىدا ئۆزى-نىڭ زېرىكىپ تورغا چىققانلىقىنى، سىرداش دوستقا موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر قارشى تەرەپ خالىسا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئايرىم ئۇچرىشىپ قەلب ئىزھار قىلىشنى ئىنتايىن تاتلىق گەپلەر بىلەن ئىپادىلەيتتى. ئەگەر قارشى تەرەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلسا ئۇ قارشى تەرەپكە ئازراق يېلىنىپ باقاتتى، يەنىلا رەت قىلىنىشقا

ئۇچرىسا قارشى تەرەپنى سەت، ئەپسانىۋى گەپلەر بىلەن تىللاپ ئۇنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتەتتى؛ ئەگەر قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا ماسلاشسا، گەپ - سۆزلەردە ئورتاقلىق بولۇپ قالسا سەلىمجان ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشاتتى، ھەتتا باشقا تور بېكەتلىرىدىن سېرىق رەسىملەرنى ئىزدەپ تېپىپ قارشى تەرەپكە يوللاپ بېرەتتى، قارشى تەرەپ قارشىلىق بىلدۈرمەي سۈيىنى چىقارسا، ھەتتا سەلىمجان ئەۋەتكەن رەسىمدىنمۇ ۋەھشىي رەسىملەرنى ئەۋەتسە سەلىمجان دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتەتتى - دە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.

سەلىمجان بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشخانىغا كېلىپ كومپيۇتېرنى ئاچتى. ئۇ ئالدىراپ QQ نومۇرىنى كىرگۈزدى، تىزىملىكتىكى نۇرغۇن تورداشلىرى تورغا چىققانىدى. ئۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم پاراڭلاشقان، گەپ - سۆزلىرىمۇ خېلى بىر يەردىن چىققان، تور ئىسمى «تولغانئاي» دېيىلىدىغان تورداشقا ئۇچۇر يوللىدى ھەمدە رەسىم كىرگۈزۈش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، ئۇنىڭدىن قىپقىزىل يۈرەكنىڭ توختىماي سوقۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىر رەسىمنى تاللاپ «تولغانئاي» غا يوللىدى ھەمدە ئۇلاپلا «سىزگە بولغان مۇھەببىتىم كۈندىن - كۈنگە يالقۇنلاپ ھېچ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، مۇمكىن بولسا كۆرۈشسەك، ئۆز ئارا قېنىشساق دەيمەن» دېگەن خەتنى يوللىۋەتتى. «تولغانئاي» دىن تېزلا ئۇچۇر كەلدى. قارشى تەرەپ بىر تال ئوقيانىڭ بىر يۈرەكنى ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ ئۆتكەن كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن رەسىم بىلەن «مېنىڭمۇ سىزنى شۇنداق كۆرگۈم بار، لەۋلىرىڭىزدىن قېنىپ - قېنىپ سۆيگۈم بار» دېگەن قىسقا ئۇچۇرنى ئەۋەتكەنىدى. سەلىمجان پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى پەملەپ دەرھال كۆرۈشمەكچى بولغان ئورۇننىڭ ئادرېسىنى، ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن دىدارلىشىشنى ئىپادىلەپ قارشى تەرەپكە يوللىۋەتتى، قارشى تەرەپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ دەرھال ئۇچۇر

www.uyghurkitap.com

يوللىدى. سەلىمجان دەرھال كومپيۇتېرنى ئۆچۈردى ـ دە، ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتى.

نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقا ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ ئىدى. كەچ سائەت يەتتىلەردىن ئاشقان بولسىمۇ، كوچىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. كوچا چىراغلىرى شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى خۇددى قار مەلىكىدەك نازاكەتلىك قىلىپ كۆرسەتتى. چۈمۈلىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ھاياتنىڭ توختىماي داۋام ئېتىشىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سەلىمجان كۆرۈشمەكچى بولغان نىشانغا ئالدىرايتتى، پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى، «تولغانئاي» نىڭ نازاكەتلىك، گۈزەل سىيماسىنى قىياسەن تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقاتتى. «ئۇ چوقۇم ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئۇۋ ئىزدەپ يۈرگەن ساھىبجامال، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — بەلكىم ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ‹تولغانئاي› دۇر، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇردۇ، ئۇ چوقۇم ئېگىز بوي، زىلۋا، ئاقپىشماق ئايال ...» سەلىمجان كۆرۈشمەكچى بولغان جايغا تاكسى بىلەن بارماقچىمۇ بولدى، لېكىن شىركەت بىلەن ئۇ جاينىڭ ئارىلىقى ئون بەش مىنۇتلۇق يول بولغاچقا، مېڭىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ نىشانغا يېتىپ بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا «تولغانئاي» بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق كۆڭلىدە بىر قاتار پىلان تۈزۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. «ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈن ئالىيە ئۆيدە يوق بولۇپ قالدى، بولمىسا بۇ چاغقىچە تولا تېلېفون قىلىپ بېشىمنى ئۇماچ قىلىۋېتەتتى، — دېدى سەلىمجان كېتىۋېتىپ، — ئۇنىڭ كاماندىروپكىغا كەتكىنى تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولدى ـ دە، ئەمدى ئۇ كەلگۈچە قانغۇدەك ئوينىۋالىمەن! ...»

ئالىيە يادىغا كېلىشى بىلەن سەلىمجاننىڭ كۆز ئالدىدا بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئالىيە بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرى ۋە ھەر ئىككىسى دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈش

توغرۇلۇق قىلىشقان مەسلىھەتلىرى بىر - بىرلەپ ئايان بولۇشقا باشلىدى.

سەلىمجان شەھىدەنى ھامىلدار قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ «كېسەل» ئەمەسلىكىنى ئۇقتاندىن باشلاپ، قەلبىدىكى قويۇق تۇمان پۇتۇنلەي تارقاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى ھەقىقىي كېسەل-نىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئائىلىدە ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەي-يەنلەشتۈرگەنىدى. شۇڭا قايتىپ بىرىپلا ئائىلىسىنى ئېلىپ دوخ-تۇرخانىغا بارىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئىلگىرى ئائىلىسى ھەمىشە ئۇنىڭ بالا توغرۇلۇق قىلغان غوۋغاسىنى ئاڭلىشى ھامانلا:

— مېنىڭچە، سىز نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، يەنىلا تەكشۈر-تۈپ بېقىڭ، بەلكىم دوختۇرلار بىرەر مەسىلىنى بايقاپ ئۇنىڭ ئامالىنى قىلار، بىزدە «سەۋەب قىلسا، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار، — دەيتتى.

بۇنداق چاغدا سەلىمجان نارازى بولۇپ:

— مېنىڭ بالىلىق بولۇش ئىقتىدارىم بار، مەن كېسەل ئەمەس، بەلكىم سىزنىڭ تەكشۈرتۈپ بېقىشىڭىز زۆرۈردۇر، چۈنكى ئاياللاردا تۇغماس چىقىپ قالىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈ-لىدۇ، — دەيتتى.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇيان تالىشىپ - بۇيان تالىشىپ بىرلىككە كېلەلمەيتتى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتەت-تى. سەلىمجان بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەن-دىن كېيىن دوختۇرخانىغا بىرىپ تەكشۈرتۈش ھەققىدە ئائىلىسى بىلەن پاراڭلاشتى.

كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولۇپ ئىككىيلەن تېلېۋىزوردىن كورىيەنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزى-يە تىياتىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. بۈگۈنكى قىسىمدا نەچچە

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتىن بېرى «تۇغمىدى» دەپ قارىلىپ، قېيىنانىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كۆڭلى ئازار يېگەن يۇنجۇنىڭ بىردىنلا ھامىلىدار بولۇپ، ئائىلىدىكى ھەممەيلەننى خۇش قىلىۋەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەنىدى. فىلىمدىكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەردىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئالىيە مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن سەلىمجان بالا تۇغرۇلۇق يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بىز قاچانمۇ ئۇلاردەك خۇشاللىقتا چۆمۈلەرمىز؟ — دېدى.

ئالىيە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— سىز دوختۇرغا كۆرۈنمىسىڭىز مەڭگۈ خۇشال بولالمايمىز، — دېدى.

ئالىيەنىڭ نەزىرىدە سەلىمجان «كېسەل» ئىدى، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى پۇچەك دەپ قارايتتى. شۇڭا ھەمىشە ئۇنى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىشقا ئۈندەيتتى. لېكىن، سەلىمجان بارغىلى ئۇنىمايتتى، ئۆزىنىڭ راستىنلا «كېسەل» چىقىپ قېلىپ ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا باشقىلارنىڭ قانچىلىك مازاق قىلىشىغا ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئەمما، بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىرمىۋالغان قورقۇنچلۇق خىياللار بۇلۇتتەك تارقاپ كەتكەن بولۇپ، ئەمدى ئۇ ئالىيەنى دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە قىستاۋاتاتتى.

— بولىدۇ، مەن باراي، مەن كۆرۈنەي، — دېدى سەلىمجان ئىنتايىن سالماق قىياپەتتە، — لېكىن دوختۇرخانىغا سىزمۇ بارىسىز، ئالدى بىلەن مەن تەكشۈرتىمەن، ناۋادا كېسەل چىقسام چوقۇم داۋالىتىمەن، ناۋادا كېسەل چىقمىسام، سىز تەكشۈرتىسىز، كېسەل چىقسىڭىز چوقۇم داۋالىتىسىز، قانداق؟

ئالىيە سەلىمجاننىڭ چىرايىغا ئۈزۈنغىچە تىكىلدى. ئىلگى-

رى شۇنچە جاھىللىق قىلىپ كېتىدىغان ئېرىنىڭ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا «يۈرەكلىك» بولۇپ كېتىشى ئۇنى سەل گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. «باشقىلارنىڭ مىش - مىش گەپلىرى راستمۇ نېمە؟ ئەجەبا، ئۇ شۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلىپ يۈرگەندىمۇ؟ ...» ئالىيە باشقىلاردىن سەلىمجان توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ بېيجىڭدا بىر قىز بىلەن ھەمىشە بىرگە تاماق يەيدىغانلىقى، بىرگە سەيلە قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق نۇرغۇن مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ: «بەلكىم ئۇ قىز سەلىمجاننىڭ خىزمەتدىشىدۇر ياكى ساۋاقدىشىدۇر» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى ھەمدە سەلىمجاندىن گۇمانلىنىشقا رايى بارمىغانىدى. ئەمما، سەلىمجاننىڭ مائاشىنى ئايدىن - ئايغا يەتكۈزەلمەي پات - پات پۇل تەلەپ قىلىپ تېلېفون ئۇرۇشلىرى يادىغا كەلسىلا قانداقتۇر بىر كۆرۈنمەس قول ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى خۇددى ئامبۇردەك چىڭ قىسىۋاتقاندەك قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتەتتى.

ئالىيە ئېرىنى ئەزەلدىن ۋاپادار، ئۆزىگە سادىق دەپ قارايتتى، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تارقاتقان سۆز - چۆچەكىنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ، يەنىلا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاز - تولا گۇمان قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىدىن تولۇق گۇمان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى ئالىيە ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ، — قاچان بارىمىز؟

— بولسا، بالدۇرراق بارايلى، — دېدى سەلىمجان ئالدىراپ، — قانچە بالدۇر ئالدىنى ئالساق شۇنچە بالدۇر بالىلىق بولالايمىز. ئەتە كۈنگە چارشەنبە، مېنىڭ ئەتىگەندە دەرسىم يوق، ئەتە بارساق قانداق دەيسىز؟

— ماقۇل، مەن ئەتە ئەتىگەندە ئىدارىدىن رۇخسەت سوراي، — دېدى ئالىيە قارشىلىق قىلماي.

ئەتىسى ئۇلار شەھەرلىك مەركىزي دوختۇرخانىغا باردى. سەلىمجان ھەرقانچە نومۇس ھېس قىلسىمۇ، لېكىن نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ساق ھەم بېجىرىم ئەركەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. ئۇ دوختۇرنىڭ ھەر خىل تەكشۈرۈشلىرىگە رايىشلىق بىلەن بويسۇندى. ئۇزۇن ئۆتمەي نەتىجە چىقتى، سەلىمجاندا پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇرۇقى پۇچەك ئەمەس ئىدى. سەلىمجان «قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ ئالىيەگە مەغرۇر قاراپ قويدى. ئەمدى نۆۋەت ئالىيەگە كەلگەنىدى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، تەكشۈرتۈپ بېقىش كېرەك ئىدى. ئالىيە تەكشۈرۈش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ چىقتى. دوختۇر ئۇنىڭغا «بالىياتقۇ توسۇلۇپ قېلىش كېسىلى» دەپ دىئاگنوز قويدى ھەمدە ئەستايىدىل داۋالانسا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقى، پەرزەنت كۆرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ياخشى مەسلىھەت ۋە پىكىرلەرنى بەردى، ئاندىن ئوكۇل ۋە دورا كېسىپ بەردى. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بالىلىق بولغاندىن كېيىنكى بەختلىك كۈنلىرى ھەققىدە ئورغۇنلىغان پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى...

سەلىمجان خىيال بىلەن مەنزىلگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ «تولغانئاي» بىلەن شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشمەكچى بولدى. بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىربىرىگە دىققەت قىلمايتتى. سەلىمجان ناتونۇش ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ جاينى تاللىغانىدى. «قانچە پىنھان، قانچە چەت - ياقا جايلاردا ئادەم ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، ئادەم كۆپ جايلاردا ئىش

بىجىرسە ھېچكىمنىڭ گۇمانىنى قوزغىمايدۇ. شۇڭا كونىلار «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان» دەپ ئويلايتتى سەلىمجان.

سەلىمجان كىتابخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تاماكا چەككەچ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. سەلىمجان سائەتكە قارىدى، كۆرۈشمەكچى بولغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى، ئەتراپتا ئېگىز بويلۇق، زىلۋا بەدەن ئايال زاتى كۆرۈنمەيتتى. سەلىمجان بىردىنلا ئالدانغانىدەك ھېس قىلدى. ئۇ QQ دا پاراڭلىشىدىغانلارنىڭ تولىسىنىڭ بىر - بىرىنى ئالدايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇگۇن قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە «تولغانئاي» ئىسىملىك بۇ «نازىنىن» بىلەن بىر كۆرۈشۈپ بېقىشنى، قاملاشسا، ئۇنىڭدىن ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. «مېنى ئەخمەق قىپسەن - دە، رەسۋا! — دېدى سەلىمجان ئەلەم بىلەن غۇدۇراپ، — خەپ توختاپ تۇر، پاسكىنا! ...» ئۇ ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم ئۈمىدۋارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ چىقتى، لېكىن يەنىلا بىرىنى ساقلاپ تۇرغان بىرەر ساھىبجامالنى بايقىمىدى. ئۇ يەنە بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ - كۈچەپ شورىدى، تۇتۇننى غەزەپ بىلەن پۈۋلەپ، بۇ نەس باسقان جايدىن ئەمدى كېتەي دەپ تۇرۇشىغا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىر تاكسى ئەگىلىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا توختىدى ۋە ئىچىدىن قارا خۇرۇم پەلتو ۋە خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىر ئايال چۈشتى. سەلىمجان ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئېگىز، تولغان بەدىنىنى ئېنىق كۆرەلىدى. «مۇشۇ بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىغان سەلىمجان كېتىش نىيىتىدىن يالتىيىپ، يەنە ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىغا چۆمكەلدى. تاكسى كەتكەندىن كېيىن ئېگىز بويلۇق ئايال سائەتكە قاراپ كىملەرنىدۇر ساقلاۋاتقاندەك

ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا باشلىدى. سەلىمجان ئۇنىڭ «تولغانئاي» ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ۋە ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈ- چۈن تاماكىسىنى دەسسەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، كۆزىنىڭ ئۇچىدا ئۇ- ياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— سىز «تولغانئاي» بولامسىز؟ — دېدى ئۇ ئايالغا يۈزلىنىپ.

ئايال دەرھال ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ناھايىتى تېزلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا بىرقۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. ئاندىن:

— سىز «شىپالىق يامغۇر» بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، — دېدى سەلىم- جان دەرھال قولىنى سۇنۇپ.

— مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا، — دېدى ئايال ئۇنىڭ قولى- نى مۇزدەك ئالىقانلىرى بىلەن چىڭ سىقىپ.

— بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك ئانچە قاملاشماس، — دېدى سە- لىمجان بۇ يەردىن دەرھال كەتمەكچى بولۇپ، — پىنھانراق جايغا بېرىپ سىرداشساق قانداق دەيسىز؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويمىدىتە، — دېدى ئايال قارشىلىق- سىزلا، — ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىزنى بىر يەرگە باشلاپ باراي.

— ئۇ قەيەر؟

— بارغاندا بىلىسىز.

ئايال يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر تاكسىغا قولىنى كۆتۈر- دى، ھايال بولماي تاكسى ئۇنىڭ ئالدىدا «شىپپىدە» توختىدى. ئايال سەلىمجانغا قاراپمۇ قويماي شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا جايلاشتى. سەلىمجان ئارقا ئورۇندۇققا جايلاشتى. ئايال شوپۇرغا خەنزۇچە ئاللىقانداق بىر يەرنىڭ ئىسمىنى دېۋىدى، شوپۇر ماشى- نىسىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ بىردەمدىلا مەنزىلگە ئەكىلىپ قويدى.



كىتاب تورى ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

بۇ يەر شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان «ئارام جاڭگال مەيخانىسى» بولۇپ، ئاخشاملىرى بۇ جاينىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. بۇ يەرگە ئاساسەن ئاشىق - مەشۇقلار، خوتۇنى ياكى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن دەردمەنلەر، سەلىمجانغا ئوخشاش باشقىلاردىن كۆڭۈل خۇشى ئىزدەيدىغانلار كۆپرەك كېلەتتى. مەيخانىنىڭ ئىچى بۆلۈم - بۆلۈملەرگە ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرمەيتتى ياكى ئاڭلىمايتتى. دەل مۇشۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، بۇ يەرنىڭ سودىسىمۇ ياخشى ئىدى.

ئايال سەلىمجاننى باشلاپ مەيخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر بۆلۈمچىگە ئەكىردى. ئىچىدە بەش - ئالتە چوكان ئۈستەلنى چۆرىدەپ تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار سەلىمجاننى كۆرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشتى.

— قانداق، بۇ يىگىت بولامدىكەن؟ — دېدى ئايال دوستلىرىغا سەلىمجاننى ئىما قىلىپ.

— خام يېگۈدەك يىگىتكەنغۇ بۇ، نەدىن تېپىپ كەلدىڭ؟

— بەكلا تەلىيىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، تۇمارە!

— بۈگۈن ئاخشام ماڭىلا بەرگىنە بۇ يىگىتنى، مەن كۆندۈرۈۋالاي!

— ھى ... ھى ... ھى ...

— ھا ... ھا ... ھا ...

ئاياللارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى، ھاياسىز كۈلكىلىرى بۆلۈمچىنى قاپلىدى. سەلىمجان ئوتتۇرىدىكى ئورۇندۇققا، «تولغانئاي» ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا جايلاشتى. ئۇلارنىڭ قىيا - چىيالىرىمۇ بېسىلىپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەندى.

— تاماقلارنى تېخى بۇيرۇتمىغانسىلەر، — دېدى «تولغانئاي» ئورنىدىن تۇرۇپ پەلتوسىنى يەشكەچ، — ئەمىسە ھازىر دەرھال بۇيرۇتايلى.

www.uyghurkitap.com

سەلىمجان ئۇنىڭ غوۋا چىراغ يورۇقىدىكى ئاپئاق، سۇزۇك چىرايىغا، زىلۋا، لېكىن تولغان بەدىنىگە، بولۇپمۇ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسىگە قاراپ شۇ تاپتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتاتتى. سەلىمجان ئۇنىڭ يېشىنى «ئوتتۇز تۆت - ئوتتۇز بەشلەردە بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلدى.

«تولغانئاي» يېشىنىپ بولۇپ ئورنىدا ئولتۇردى ۋە ئىشىكنىڭ تۇۋىدىكى كۇنۇپكىنى بىرنەچچىنى بېسىپ قويدى. ھايال ئۆتمەي كۆتكۈچى قىز تاماق ۋە ئىچىملىك تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ بۆلۈمچىدە پەيدا بولدى. «توۋا! — دەپ ھەيران بولدى سەلىمجان، — خۇددى كېسەلخانىلاردىكى كۇنۇپكىغا ئوخشايدىكىنە! كېسەلخانىدا بىرنى بېسىپ قويسا سېستىرالار پەيدا بولغاندەك، بۇ يەردىمۇ بىرنى بېسىپ قويسا كۈتكۈچىلەر پەيدا بولىدىكەن! توۋا! زامان تەرەققىي قىلىپ كەتتىمۇ ياكى مەن زامانىنىڭ كەينىدە قالدىمۇ؟! ...»

«تولغانئاي» بىرمۇنچە نەرسىلەرنى بۇيرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن كۈتكۈچى قىزغا سەلىمجاننى ئىما قىلدى. كەسپىي ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن كۈتكۈچى قىز دەرھال سەلىمجانغا يۈزلىنىپ ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن:

— ئەپەندىم، جەمئىي ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەن بولدى، — دېدى.

سەلىمجان بۇنى دەرھال ئاڭقىرالماي «تولغانئاي» غا قاردى، «تولغانئاي» چاي ئىچكەن بولۇۋېلىپ ئۇنىڭغا قارىمىدى. سەلىمجان ئىشنىڭ تېگىگە ئەمدىلەتىن يەتكەندەك، دەرھال يانچۇقىدىن پورتمىنىنى چىقىرىپ كۈتكۈچى قىزغا تۆت يۈز يۈەن پۇلنى ئۇزاتتى، كۈتكۈچى قىز دەرھال ئۇنىڭغا ئەللىك يۈەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

— سەل تەخىر قىلىڭلار، بۇيرۇتمىلار ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

كۆتكۆچى قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن «تولغانئاي» سە-لىمجانغا باشقىچە ئىللىق مۇئامىلە قىلغىلى تۇردى.

— قېنى، «شىپالىق يامغۇر» ئەپەندىم، چاپانلىرىنى سېلى-ۋېتىپ ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ بەرسىلە!

— شۇنداق قىلىڭا! — دېيىشتى باشقا چوكانلارمۇ تۇشمۇ-تۇشتىن.

سەلىمجان رايىشلىق بىلەن چاپىنىنى سېلىپ كىيىم ئاس-قۇچقا ئىلىپ قويدى. ئارىدىن ھايال ئۆتمەي كۆتكۆچى قىز ئۇس-تەلگە بىرنەچچە تەخسە سوغۇق سەي تىزدى، ئارقىدىنلا بىرنەچچە بوتۇلكا ئاق ھاراق، قىزىل ھاراقلارنى، ھەر خىل ئىچىملىك ئىچىشكە ماس كېلىدىغان رومكىلارنى ۋە بىرنەچچە قاپ تاماكىنى ئۈستەلگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. «تولغانئاي» قولىغا «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» ماركىلىق ئاق ھاراقنى ئالدى ۋە بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئاچتى، ئاندىن ئالدىدىكى رومكىلاردىن ئىككىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئۇلارغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى. بىر رومكىنى ئۆزى ئېلىپ، بىر رومكىنى سەلىمجانغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— قېنى، ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، تونۇشقانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ رومكىنى ئىككىمىز تەڭلا كۆتۈرۈۋەتسەك، خوشە!

— قېنى خوشە! — دېيىشتى باشقىلارمۇ.

«تولغانئاي» بىرلا كۆتۈرۈپ قولىدىكى رومكىنى بىكارلاپ قويدى. سەلىمجان بۇنچە كۆپ ئاياللارنىڭ ئالدىدا كۆلكىگە قال-ماسلىق ئۈچۈن قولىدىكى بىر رومكا ئاچچىق ھاراقنى ئاچ قور-ساققا گۈپلا قىلىپ ت-ۆكۈۋەتتى. ھاراق ئۇنىڭ گېلىنى قىرىپ ئۆتۈپ كـۆزىدىن يـاش چىقىرىۋەتـتى، ئـاشقازىنىنى ئېچىش-تۇرۇۋەتتى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ، — دېدى «تولغانئاي» سەلىمجان-نىڭ ئالدىدىكى چاي ئىستاكاننى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

ھاراق بىر قېتىم ئايلىنىپ بولغاندا ئۈستەلگە ھەر خىل

www.uyghurkitap.com

ئىسسىق قورۇملار چىققىلى تۇردى. سەلىمجان چوڭقۇر خىيال-لارغا ئەسىر بولغان ھالدا يەنىلا ئۈنسىز ئولتۇراتتى. باشقىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈشتىكى ئۆكتىچىلىكلە-رى، قايسىبىر سورۇندىكى قىزىقچىلىقلار، جىنسىي ئەزانى غى-دىقلايدىغان دورا ئېلانلىرى قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلار ھەققىدە بەس- مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار گويا بۇ سورۇندا سەلىمجاننىڭ بارلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

«تولغانئاي» بىردىنلا سورۇندىكىلەرنى جىم قىلدى.

— بۈگۈن بۇ كەم سۆز «شىپالىق يامغۇر» ئەپەندىنىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىشى بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، سورۇنىمىزنى رەسمىي باشلاشتىن ئىلگىرى بىز ئۆزئارا تونۇشۇ-ۋالايلى، قانداق دەيسىلەر؟

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ، جېنىم!

— ئىشنىڭ يولىنى بىلىسەن - دە!

— شۇڭا سەن ئىش بېجىرسەڭ بىز خاتىرجەم بولىمىز ئەمەسمۇ تۇمارە!

باشقىلار ئۇنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى. «تولغانئاي» ئالدى بىلەن ئۆزىنى سەلىمجانغا تونۇشتۇردى.

— ئىسمىم تۇمارە، ھازىر يەككە تىجارەتچى، ئىلگىرى ماھىر ئۇسسۇلچى ئىدىم. ئەمدى بۇ دوستلىرىمنى سىزگە تونۇش-تۇرۇپ قوياي...

«تولغانئاي» سورۇندىكىلەرنى سەلىمجانغا بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «ئەمدى سىزگە كەلدى» دېگەندەك سەلىمجانغا قىيا باقتى.

— ئىسمىم ئەسقەر، ماددىي ئەشيا مۇلازىمەت مەركىزىدە ئىشلەيمەن، — دېدى سەلىمجان.

ئۇ بۇ سورۇندىكى چوكانلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ھەممە-سىنىڭ ئەرلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش ئويناپدىغان،

باشقىلارنىڭ ئاغزىدىكى «قۇشقاچلار» دىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇگۈن ئۇلارغا «دان» تاشلاپ بەرگەنلىكىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇلارغا ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— ماددىي ئەشيا مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ئىكەنسىز - دە؟ — دېدى تۇمارە ئۇنىڭغا قاراپ قويغاندىن كېيىن رومكىلارغا ھاراق قۇيغاچ.

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى سەلىمجان تېزلا.

— قېنى ئەمىسە، دىرېكتور ئەپەندىم، سىز بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈشىمىز ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى، خوشە!

ئىككى رومكا يېنىك سوقۇشتۇرۇلۇپ، ھاراقلار ئىككى كانايدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. سەلىمجانغا كېيىنكى رومكا ئانچە تەسىر قىلمىدى، ئىنتايىن سىلىق ئۆتۈپ كەتتى.

ھاراقلار توختىماي ئايلىناتتى، ئېغىزلاردىن توختىماي ئاشقازانغا يوللىناتتى. چوكانلار سەلىمجانغا توختىماي ھاراق سۇناتتى، سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى، ھەتتا «كۆڭلۈم» دەپ يېرىمىنى ئۆزى ئىچىپ، يېرىمىنى سەلىمجانغا تەڭلەيتتى. ئىككى بوتۇلكا ئاق ھاراق بىردەمدىلا ئىچىلىپ بولدى. سەلىمجانمۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، يېنىدىكى تۇمارەگە شەھۋانىيلىق بىلەن تىكىلەتتى. چوكانلارمۇ مەست بولۇشقان بولۇپ، ئوك - تەتۈر سۆزلىشەتتى، بەزىلىرى ھەتتا غىڭشىپ ناخشىمۇ توۋلاپ قوياتتى. تۇمارە قۇرۇقدالغان ھاراق بوتۇلكىسىنى نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپ، قولىغا «راۋاب» ماركىلىق قىزىل ھاراقنى ئالدى ۋە بايىقىدەك ئۇستىلىق بىلەن ئاغزىنى ئاچتى - دە، ھاراق رومكىسىنى نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپ پىۋا ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قۇيدى. ئاندىن:

— ئەمدى تانسا ـ پانسا ئوينىغاچ ئولتۇرايلى، ئەسقەر دى-
رېكتورنى زېرىكتۈرۈپ قويساق ياخشى بولماس! — دېدى.
— چاتاق يوق! — دېيىشتى باشقىلار.

ھاراق سەلىمجاننى خېلىلا تۇتقانىدى، ئۇ ئېغىرلاشقان بەدى-
نىنى ئاران كۆتۈرۈپ، يېرىم ئوچۇق، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى
بىلەن تۇمارەنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. تۇمارە ئىككى قولىنى
ئۇنىڭ بوينىغا قويدى، سەلىمجان ئىككى قولى بىلەن تۇمارەنىڭ
بېلىدىن مەھكەم قاماللاپ بەدىنىگە چىڭ چاپلىدى. خۇدنى يوقات-
قان بىر جۈپ تەن شۇ تاپتا مەئىشەت قوينىدا ئېرىمەكتە
ئىدى ...

سەلىمجان ئەتىسى قانداقتۇر بىر ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا
كۆزىنى ئاچتى، باشلىرى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ لۆم ـ لۆم
كارىۋاتتا قىپيالىڭاچ ياتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ
قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئەمما ئاخشام «تولغانئاي» دې-
گەن چوكان بىلەن بىر سورۇنغا بارغانلىقىنى غۇۋا ئېسىگە ئال-
دى. ئۇ كۆزىنى ئالىقانلىرى بىلەن تازا بىر ئۇۋۇلۇۋەتكەندىن
كېيىن بىلىكىدىكى سائىتىگە قارىدى. سائەت ئىستىرېلكىسى ئون
يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سەلىمجاننىڭ مېڭىسىدىن كىرگەن
ئاچچىق تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە ئىككى
سائەت دەرسى بار ئىدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىد-
رىنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ كىيدى ـ دە، ياتاقتىن چىقتى.
بىرىنچى قەۋەتتىكى مۇلازىمەتچى قىز ئۇنىڭغا زاكالەت پۇلىنى
قايتۇرۇپ بەردى. شۇندىلا ئۇ يانچۇقىدىكى پۇلىنى يادىغا ئالدى،
ئالدىراپ پورتمىنىنى ئالدى، ئالدىيۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قال-
دى. پورتمىنىدىكى ئىككى مىڭ يۈەن پۇل تۇزغاقتەك تۇزۇپ
كەتكەنىدى. مېڭىسى چىڭقىلىپ كەتكەن سەلىمجان مۇلازىمەتچى
قىز قايتۇرۇپ بەرگەن يۈز يۈەن پۇلنى ئېلىپ مېھمانخانىدىن
چىقتى. شىركەتتىكى بىرەرگە تېلېفون قىلماقچى بولۇپ قويۇپ
يانچۇقىدىن يانفونىنى چىقاردى، ئەپسۇس، تېلېفوننىڭ پۇلى تو-

گەپ توختاپ قالغانىدى. «مېنى نەس بېسىپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى سەلىمجان تاكسى بىلەن شىركەتكە كېتىۋاتقاچ.

«بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، سەلىمجان بۇ قېتىم ۋاقتىدا ئىشقا كەلمىگەننى، ئىككى سائەت سەۋەبسىز دەرس قالدۇرغاننى ئاز دەپ، باش شىركەتنىڭ تەكشۈرۈشكە كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالدىدا شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرغانىدى. ئەسلىدە بۇگۈن ئەتىگەندە باش شىركەتنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسىدىكىلەر بىلەن مىللىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى خەنزۇ تىلىدا تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى تۇيۇقسىز شىركەتتە پەيدا بولدى. ئۇلار بېيجىڭدا بىلىم ئاشۇرۇپ تەربىيىلىنىپ كەلگەنلەرنىڭ دەرسىنى ئاڭلىماقچى، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئېنىقلاپ، ۋاقتىدا پىكىر بېرىپ تۈزەتمەكچى بولغانىدى. شىركەت رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ھېچقانداق تەييارلىق قىلالمىدى ياكى دەرس ئۆتىدىغانلارغا ئۇقتۇرۇش قىلالمىدى. بىرىنچى سائەتتە ئۇلار ئەكبەر پەتقۇللانىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياخشى باھالارنى بېرىشتى ۋە بەزى پايدىلىق تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى. ئىككىنچى سائەتلىك دەرس سەلىمجاننىڭ ئىدى، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ۋە شىركەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن يەتتە ـ سەككىزەيلەن دەرسخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇتقۇچىنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. سائەت توشتى، لېكىن ئوقۇتقۇچى دەرسخانىغا كىرمىدى، بەش مىنۇت ئۆتتى، ئون مىنۇت ئۆتتى، يەنىلا ئوقۇتقۇچى كۆرۈنمىدى. دەرسخانا ئىچىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر گەپلىرى قاپلاشقا باشلىدى. قاتتىق ئاچچىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان مۇئاۋىن باش دىرېكتور مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ قۇلىقىغا سەلىمجاننى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىش توغرۇلۇق پىچىرلىدى. مۇئاۋىن دىرېكتور ئورنىدىن تۇرۇپ دەرسخانىدىن چىقتى ۋە يانچۇقىدىن يانفونىنى چىقى-

رىپ سەلىمجانغا تېلېفون قىلدى، تېلېفوندا قارشى تەرەپ يانفوند-
نىڭ توختىتىلغانلىقى ھەققىدە ئاۋاز ئاڭلاندى. دەرغەزەپكە كەل-
گەن مۇئاۋىن دىرېكتور نېمە قىلارىنى بىلمەي، يەنە سىنىپقا
قايتىپ كىردى ۋە مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلى-
دى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور ئەھۋالنى شىركەتنىڭ باش دىرېكتو-
رىغا ئېيتتى. باش دىرېكتور كۆكىرىپ تۇرۇپ، تەكشۈرۈش
ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار
ئېغىر تىنىشقىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سىنىپتىن چىقىپ
كەتتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ
چۈشەندۈرۈشلىرىگە، مېھمان قىلايلى دەپ تۇرۇۋېلىشلىرىغا قارىد-
ماي، ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قېلىشتى.

ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ نۆلگە ئايلانغانلىقىدىن قاتتىق غە-
زەپلەنگەن باش دىرېكتور مۇئاۋىن باش دىرېكتورغا بۇيرۇق قىل-
دى:

— ئۇنى دەرستىن توختىتىڭلار، ئۆزىنى تەكشۈرسۇن!

بۇ ئىش بىردەمدىلا شىركەتكە پۇر كەتتى. ئاغزىنى ئاران-
ئاران تۇتۇپ تۇرغانلار ئاغزىنى بىراقلا قويۇۋېتىشتى:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويۇنغانىنىڭ خۇلاسىسىنى بىراقلا
چىقاردى.

— بەك ئۆزىنى بىلەلمەيۋاتقانىدى ئۇ، ئوبدان بولدى.

— بىچارە خوتۇنىنىڭ زارى تۇتتىمىكىن دەيمەن، ئۇ بېيد-
جىڭدا ئوقۇماي، ئۆيلەنگەندەك قىلىۋېدى.

— توۋا، ياۋاشمىكىن دېسەك، مۈڭگۈزى ئىچىدىكەندە ئۇ-
نىڭ.

— دىققەت قىلمىساڭلار، سىلەرنىمۇ بوش قويۇۋەت-
مەيدۇ ئۇ...

سەلىمجان تاكسىدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئىشخانىغا كىردى.
ئىشخانىدىكىلەر بىرنېمىلەر ئۈستىدە ھەدەپ تالىشىۋاتاتتى. ئۇنى
كۆرۈپ ھەممىسى جىمىپ قالدى.

— نەگە كەتكەنتىڭلار، تېلېفونۇڭلارمۇ توختاپ قاپتۇ، —
دېدى ئىشخانا مۇدىرى ئېغىز ئېچىپ، — سىلىنى يېرىم كۈن
ئىزدەپ تاپالمىدۇق.
— ئاخشام ئازراق ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن، بېشىم بەك ئاغ-
رىپ كېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، — دېدى سەلىمجان سوراققا
تارتىلغان مەھبۇستەك رايىشلىق بىلەن.
— مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ چىقىڭلار،
ئۇ بايا سىلىنى ئىزدىگەندەك قىلىۋاتاتتى، — دېدى ئىشخانا مۇدى-
رى خۇشياقمىغاندەك تەلەپپۇزدا.
سەلىمجان مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۇ
بىرى بىلەن ھەدەپ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ -
تۇرۇپ: «ماقۇل، ماقۇل، بولىدۇ» دەپ قوياتتى. بۇنىڭدىن
قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر ئىكەنلىكى-
نى بىلگىلى بولاتتى. مۇئاۋىن دىرېكتور تېلېفوننى قويۇپ سە-
لىمجانغا يۈزلەندى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكەرگەن بولۇپ، سەلىمجان-
غا ئۈن - تىنسىز بىرھازا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئەگەر باشقا
چاغلار بولغان بولسا سەلىمجان ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان، ئۇنىڭ
بۇنداق قاراشلىرىنى ئاللىقانداق ئادەملەرنىڭ ئاللىقانداق قاراشلى-
رىغا ئوخشىتىۋەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇ بۈگۈن بۇنداق قىلال-
مايتتى، چۈنكى ئۇ بۈگۈن خىزمەتكە ۋاقتىدا كەلمىگەننى ئاز دەپ
ئىككى سائەت سەۋەبسىز دەرس قالدۇرغان ۋە نۇرغۇن ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايە قىلىۋەتكەنىدى. سە-
لىمجان باش شىركەتتىكىلەرنىڭ دەرس ئاڭلىغىلى كەلگەنلىكىنى
بىلمىسىمۇ، ئىشقا كېچىككىنىنى، بولۇپمۇ ئىككى سائەت سەۋە-
بسىز دەرس قالدۇرغىنىنى ئەڭ زور گۇناھ دەپ بىلەتتى. «ۋاي
خۇمسىلار، ئورنۇمغا بىرەرىڭ كىرىپ قويساڭ نېمە بولاتتى؟
‹توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس› دېگەندەك تازا
بىر بىئەپ ۋاقىتتا تۇتۇلدۇمغۇ بۇ گۆيلارغا! ...» دەپ ئويلىدى

سەلىمجان.

— بۈگۈن نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور بىرھازادىن كېيىن.

— بىلىمەن، ئىشقا كېچىكتىم، ئىككى سائەت دەرس قالدۇردۇم، ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— سەن بىزنى يەرگە قاراتتىڭ! خىزمىتىمىزنى نۆلگە تەڭ قىلدىڭ! — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور ئۈستەلگە مۇشتلاپ تۇرۇپ.

— كۆنلەپ سەۋەبسىز ئىشقا كەلمەيدىغانلار بارغۇ، ئەجەبا، ئۇلار يەرگە قاراتماي، مەن يەرگە قارىتىپتىمەن - دە! — دېدى سەلىمجان تەنە قىلىپ.

مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئۈستەل مۇشتلاشلىرى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. «ئىككى سائەت دەرس قالدۇرۇپ قويغانغا نېمانچە قىلىدۇ ماۋۇ! ‹ۋاي› دەپ قويسام ئۆزىنى بىلەلمەيدۇ تېخى بۇ سېرىق تۇك!»

— بولدى، بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ دەرسكە كىرمە، ئۆزۈڭنى تەكشۈرسەن! بولدى، چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ!

مۇئاۋىن دىرېكتور دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ، ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. سەلىمجان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىرنى ئالىيىپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئىشخانىدا ھېچكىم يوق ئىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىشكەنىدى.

چۈشتىن كېيىن شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا مۇئاۋىن باش دىرېكتور يېقىندىن بۇيانقى خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى چىرايىنى كۆكەرتىپ تۇرۇپ بىر - بىرلەپ تىلغا ئالدى، ئاندىن سەلىمجاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بۈگۈن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەنقىدلىدى ھەمدە ئۇنى دەرستىن توختاتقانلىقى-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نى، ۋاقتىنچە باشقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى، مائاشىنىڭمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

سەلىمجان دەرستىن توختىتىلغاندىن كېيىن گەرچە سەل يېنىكلەپ قالغان بولسىمۇ، قانداقتۇر بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك شۈكلەپ كەتكەندى. ئۇ ھاجەتكە چىققاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئىشخانىسىدىن چىقمايتتى، خىزمەتداشلىرى بىلەنمۇ كەمدىن - كەم پاراڭلىشاتتى. كومپيۇتېرغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ تورداشلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى، باشقىلار ئىشخانىدا بولمىسىلا، سېرىق تور بېكەتلىرىگە كىرىپ سېرىق رەسىملەرنى، سېرىق كىنولارنى كۆرەتتى. ئۇ شىركەت رەھبەرلىرىدىن ئىنتايىن نارازى بولدى. پەقەت ئىشقا كېچىكىپ قالغىنى، ئىككى سائەت سەۋەبسىز دەرس قالدۇرغىنى، يوقىرىدىن كەلگەنلەرگە دەرس ئۆتۈپ بەرمىگىنى ئۈچۈنلا دەرستىن قالدۇرۇپ قويغىنىغا، باشقىلار ئالدىدا غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغىنىغا قاتتىق غەزەپلىنەتتى، ھەمىشە ئىچىدە ئۇلارنى تىللايتتى. «شىركەتنىڭ يۈزىنى تۆكۈپتىمىشمەن تېخى! سەنلەر مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكۈشتۈڭ! دوست - دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا مېنى شەرمەندە قىلىشتىڭ! خەپ، توختاپ تۇر، توخۇ پوقى گۇيلار!»

سەلىمجان شۇنىڭدىن كېيىن ھاراققا بېرىلىپ كەتتى، ئىشتىن قايتىپلا ھاراق ئىچىشكە ئۇلپەت ئىزدەيتتى، ئۇلپەت تاپالمىغان چاغلاردا ئۆزى يالغۇز ئىچەتتى. ئالىيە ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئارقىلىق ئۇقتى. ئۇ ئېرىگە كۆپ تەسەللى بەردى، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىككە، يىقىلغان يەردىن يەنە ئۆرە تۇرۇشقا، كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئۆيگە كىرگەندە بەزىدە ئالىيەنىڭ ئاغزىغا كەلگەن گەپلەر بىلەن تازا تىللايتتى، بەزىدە ئالىيەنى قوچاقلاپ

بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئالىيەنىڭ تەسەللىسى، نەمخورلۇقى بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ ھەرقانچە مەست بولۇپ كېتىشىمۇ خوتۇنىغا قوپاللىق قىلمايتتى، تىللىمايتتى، ئۇرمايتتى. ئالىيە شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى، شۇنچە كۈچ بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇنىڭغا مەستلىكىنى يېشىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ بېرەتتى، قۇسۇقىنى تازىلايتتى.

سەلىمجان دەرستىن توختىتىلغاندىن كېيىن پات ــ پات روشەنگۇل بىلەن شەھىدەنى سېغىنىپ قالىدىغان، ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ ھالىنى ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بەردى، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك، چۈشكۈنلەشمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلدى.

سەلىمجان ئىشقا كەلگەندىن كېيىنكى ئىچ ــ پۇشۇقىنى ئاساسەن تورغا چىقىپ تورداشلىرى بىلەن مۇڭدىشىش، سىرىق كىنو كۆرۈش ئارقىلىق، ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن بولسا ھاراق ئىچىش بىلەن چىقىرىۋاتاتتى. تەكشۈرۈش دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ تورغا چىقىپ بىرەيلەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئىشخانىدا ھېچكىم يوق ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سابىق توردىشى، ھېلىقى تۇمارە دېگەن چوكان تىزىملىكتە پەيدا بولدى. ھېلىقى كۈندىكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئۇ بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. سەلىمجان ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىۋالمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ ئالاقىلىشالمايۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇ ئاخىرى پەيدا بولدى، سەلىمجان دەرھال ئۇنىڭغا سالام يوللىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي قارشى تەرەپتىنمۇ سالام كەلدى. سەلىمجان بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماقچى بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۈگۈن سەلىمجان ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ھال ئېيتماقچى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتماقچى، پۈتۈن ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن چىقارماقچى بولدى. ئۇ قارشى تەرەپكە بەك سېغىن-

نىپ كەتكەنلىكىنى، بۈگۈن چوقۇم كۆرۈشۈش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ ئۈچۈر يوللىدى. قارشى تەرەپمۇ ئۇنى بەك سېغىنغانلىقى، بۈگۈن كەچ سائەت يەتتىدە «راھەت» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا ساقلايدىغانلىقى ھەققىدە ئۈچۈر يوللىدى. سەلىمجان دەرھال سېرىق رەسىملەر تور بېكىتىگە كىرىپ، ئۇ يەردىن بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغان رەسىمىنى كۆچۈرۈۋېلىپ تۇمارەگە يوللىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇمارەمۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ كارىۋاتتىكى قۇچاقلاشما ھەرىكىتى ئىپادىلىنىۋاتقان ھەرىكەتچان سۈرىتىنى ئەۋەتتى. ئىش پۈتكەنىدى، سەلىمجان ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ دەرھال توردىن چىقىپ كەتتى. ئۇ سائىتىگە قارىدى، سائەت ئىستىرېلكىسى بەش يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئىشتىن چۈشىدىغان چاغمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دەرھال كومپيۇتېرنى ئۆچۈردى - دە، ئىشىكنى تاقاپ سىرتقا ماڭدى.

ئۇ ۋاقىتنى توشقۇزۇش ئۈچۈن مەقسەتسىزلا كوچا ئايلىنىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تۇمارە بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىتقا يەنە خېلى بار ئىدى. سەلىمجان ئىختىيارسىز ئالىيەنى ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، ئېغىرىنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۈگۈنكى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى يوق ئىدى، تۇمارەدىن ھېساب ئالمىسا، مۇھىمى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېگىز، زىلۋا بەدىنىدىن قانغۇدەك ھوزۇر ئېلىپ، يېقىندىن بۇيان ئازار يەپ كېلىۋاتقان كۆڭلىگە مەلھەم قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ ئالىيەنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلدى:

— بۈگۈن سەل كەچ قالىمەن، ئاغىنە بالىلار بىلەن بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرايلى دېگەنىدۇق.

— بەك كەچ قالماڭ، ھاراقنى ئازراق ئىچىڭ، — دېدى ئالىيە تاپىلاپ.

«ياق، بۈگۈن ھاراق ئىچمەيمەن، قەدىرلىكىم، — دېدى سەلىمجان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، — بۈگۈن مەن ئۆزۈمنىڭ جامالىنى ساق ھالىتىم بىلەن تاماشا قىلىمەن. ئۆتكەندە ئۇ مېنى بابلىغان، بۈگۈن مەن ئۇنى بابلايمەن! ...»

سەلىمجانغا ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ خىلۋەت كوچىسىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردىكى ساغلاملىق دورا دۇكىنىدىن شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سېلىۋېتىدىغان دورا سېتىۋالماقچى بولدى. «خەپ، توختاپ تۇر! بۈگۈن سېنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇلۇڭنى كۆرمىسەم سەلىمجان بولماي كېتەي! ...»

سەلىمجان كوچا دوقمۇشىدىكى غۇۋا چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان ساغلاملىق دورا دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى...

## 4

ھايات يەنە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆتۈۋاتاتتى. سەلىمجاننىڭ كۈنلىرىمۇ ھاراق ئىچىش، تورغا چىقىپ پاراڭلىشىش، سېرىق رەسىم، سېرىق كىنو كۆرۈش، ئۇلپەت ئىزدەپ سورۇندارچىلىق قىلىش، تۇمارەلەر ئۇيۇشتۇرغان رەڭلىك ئولتۇرۇشلارغا ئىشتىراك قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن كېتىپ باراتتى. شىركەت تەشكىلى ئۇنىڭغا خاتالىقىنى تونۇش، ئۆزگەرتىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەش ئەمەس، بەلكى ھەمىشە شىركەت تەشكىلىدىن ئاغرىنىش، نارازى بولۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، شىركەت رەھبەرلىرىنى ئاغزىغا كەلگەن ئەپسانىۋى گەپلەر بىلەن تىللايتتى: «ھوقۇق ئۈچۈن ئانىسىنى سېتىشتىن يانمايدىغان غالچىلار، ھەرقايسىڭ قانچىلىك نېمىدىڭ؟ ئانچىلىك ئىشقا مېنى شۇنچىلىك ئانىي تېپىشامسەن؟ خەپ، توختاپ تۇرۇش! مەن سەلىمجان ھەرقايسىڭغا ئۆزۈمنىڭ

قانداق ئادەملىكىمنى ھامىنى بىر كۈنى كۆرسىتىپ قويىمەن! ...»

سەلىمجاننىڭ ئىززەت - غۇرۇرى بەك كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بىلىم بېرىدىغان قابىل، ئىستېداتلىق ئادەم چاغلايتتى، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا بۇ زەربە بەك ئېغىر كەلگەندى. باشقىلار ئالدىدا تۆكۈلگەن يۈز - ئابرۇيىغا ئۆكۈنەتتى، شىركەت رەھبەرلىرىدىن ئاغرىناتتى، نارازى بولاتتى.

بىكارچىلىق سەلىمجاننىڭ ئىچىنى تېخىمۇ پۇشۇراتتى. ئۇ ئىشخانىدا يالغۇز قالغان چاغلىرىدا گەرچە تورغا چىقىپ سىرىق كىنو كۆرۈش، تورداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى مەلۇم دەرىجىدە چىقارسىمۇ، بىراق ئىچىنى قانداقتۇر بىرنەرسىلەر توختىماي تاتىلاۋاتقاندەك ئۇنى ھېچبىر ئارام تاپقۇزمايتتى، ئانچىكىم ئىشلارغىمۇ ئوڭايلا چېچىلاتتى، ئالىلىكىملەرنى ئەپسانىۋى گەپلەر بىلەن تىللاپ قوياتتى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە پسىخىكىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلاشقان، ئۇنىڭغا پايدىلىق مەسلىھەت، پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇلارنىڭ سەمەرىي مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى.

— «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى بىر كۈنى پېشقەدەم خىزمەتدىشى ئابدۇللا ئاكا ھەدەپ QQ دا پاراڭلىشىۋاتقان سەلىمجاننىڭ يېنىغا كېلىپ سەمىمىي مەسلىھەت بېرىپ، — مېنىڭچە، سىز مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ يېنىغا كىرىپ كەچۈرۈم سوراپ چىقىڭ، بولمىسا ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە بىرەر پارچە تەكشۈرۈشنامە يېزىپ تاشلاپ بېرىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ ئاچچىقى يېنىپ قالار.

— شۇنداق قىل، ئاداش، — دېدى ئەكبەر پەتقۇللا ئۇنىڭ دولىسىغا يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ، — «سىلىق سۆز تاشنى يارار» دەپتىكەن، ئۇلارغا بىر ـ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلساڭ ئۇلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشەلەيسەن. سېنىڭ دەرسىڭنى مەن ئۆتۈپ بەك چارچاپ كەتتىم. ئەڭ ياخشىسى، ئۆزۈڭلا ئۆتكىنە.

شىركەت تەشكىلى سەلىمجاننى دەرستىن توختاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرسىنى ئەكبەر پەتقۇللاغا ئېلىپ بەرگەنىدى. سەلىمجان ئەكبەر پەتقۇللانىڭ بايىقى گېپىنى «قانداق، سەن قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ، ئۆز ۋاقتىدا بەك كۆرەڭلەپ كېتىۋېدىڭ، مانا ھازىر بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭغۇ!» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ ئىچىنى ئاچچىق قاپلىدى. دەرستىن توختىغان ئىككى ھەپتىدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىچىنى ئەلەم، قەلبىنى بولسا كۈچلۈك غەزەپ ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. «خەپ! — دەيتتى ئۇ ھەمىشە ئىچىدە شىركەت رەھبەرلىرىگە كۈچلۈك غەزەپ ياغدۇرۇپ، — ھەرقايسىڭ مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتۇڭ، دوست ـ دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا ئەجەب ئوسال قىلىشتىڭ ـ ھە! ؟ ھەرقايسىڭدىن ھامىنى بىر كۈنى ھېساب ئالىمەن! ...»

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سەلىمجان توردا يېڭىدىن تونۇشقان «سېرىق كېپىنەك» ئىسىملىك توردىشى بىلەن ھەدەپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. سىرتتىن كىرىپ كەلگەن ئابدۇللا ئاكا ئۇنىڭغا:

— سەلىمجان، تېز بولۇڭ، سىزنى مۇئاۋىن دىرېكتور چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇ سىزنى ئىشخانىسىدا ساقلايدىكەن، — دېدى.

سەلىمجان بۇ «يۈزسىز» ساۋاقدىشىغا شۇنچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈن زادى نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، «سېرىق كېپىنەك» ئىسىملىك توردىشىغا «بىردەم تۇرۇپ كۆرۈشەيلى، مېنى ساقلاڭ» دەپ سۆز

قالدۇرۇپ قويۇپ كومپيۇتېرنى ئۆچۈردى.

ھەر قېتىم ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىۋېرىدىغان سەلىمجان بۈگۈن ئىشىكنى چېكىپ كىردى. مۇئاۋىن دىرېكتور بۇ قېتىم ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلمىدى، ئەكسىچە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە چايداندىن بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى. سەلىمجان ئۇنىڭ قولىدىن ئىستاكاننى ئېلىپ ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

— يېقىندىن بۇيان قانداق تۇرۇۋاتىسەن؟ كەيپىياتىڭ خېلى ياخشىلىنىپ قالدىمۇ؟ — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.

— ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، بۇرۇنقىدىن كۆپ يېنىكلەپ قالدىم، ئەسلىدە سىلەر مېنى بالدۇرراق مۇشۇنداق جازالىساڭلار بوپتىكەن!

سەلىمجانىنىڭ تەنە ئارىلاش ئېيتقان ئاچچىق گېپىنى ئاڭلاپ مۇئاۋىن دىرېكتور قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ئىش تېخىچە ئىدىيەڭدىن ئۆتمەپتۇ-دە؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ، شۇ ئىش تۈپەيلىدىن شىركىتىمىزنىڭ يىللىق باھالىنىشى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بىزنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىزمۇ نۆلگە تەڭ بولىدۇ. سەنمۇ باشقا چاغدا ئەمەس، دەل شۇ خەق تەكشۈرۈشكە كەلگەندە يوقاپ كەتتىڭ. يۇقىرىدىن بىزگىمۇ گەپ قىلىدۇ، بېسىم قىلىدۇ. سەن بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭ، خاتالىقىڭنى سەممىيلىك بىلەن تۈزىتىشىڭ كېرەك. بۈگۈن مانا توپتوغرا ئىككى ھەپتە بولدى، بىراق ھازىرغىچە بىرەر پارچە تەكشۈرۈشنامە يېزىپ ئەكىرىپ باقمىدىڭ. بۇ سەندىكى قانداق پوزىتسىيە؟ قارىغاندا، سەن ئۆزۈڭنى خاتا قىلمىدىم، دەپ قارايدىغان ئوخشايسەن.

— مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، بۇنىڭغا ئىقرارمەن، ئەمما ئىشقا كېچىكىپ قالغىنىمغا، ئىككى سائەت دەرس قالدۇرغان

گۇناھىمغا دەرستىن توختىتىلسام، روھىي زەربىگە ئۇچرىسام، سىنىڭچە بۇ ئادىللىق ھېسابلىنامدۇ؟ سەن بىلمەيسەن ئەمەس بىلىسەن، شىركەتكە ئوبدانراق نەزەر سېلىپ باقە، ئۇلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزىدىغانلار، پەقەت مائاش ئۇچۇنلا ئىشلىنى-دىغانلار، ئەتىدىن ـ كەچكىچە باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغانلار، ھەتتا كۈن ـ كۈنلەپ ئىشقا كەلمەيدىغان نان قېپىلارمۇ ماڭدامدا بىر تېپىلىدۇ. ئۇلارغا ھېچ-قانداق گەپ يوق، مائاشى تولۇق بېرىلىدۇ، يىل ئاخىرىدا تېخى ئىلغار سايلىنىدۇ، مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەجەبا، بىزدەك تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغانلار كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساق ئۇنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ كۆپچىلىك ئالدىدا سازايى قىلساڭلار، خىز-مەتتىن توختىتىپ، مائاشىمىزنى تۇتۇۋالساڭلار توغرا بولامدۇ؟

سەلىمجان قورساق كۆپۈكىنى بىراقلا چىقىرىۋالماقچى بول-غاندەك قايناپ ـ قايناپ سۆزلەيتتى، مۇئاۋىن دىرېكتورغا تۇر-لۇك سوئاللارنى قالدۇراتتى.

— سىلەر مېنى جازالاپلا شىركىتىمىزدىكى كۆز بويامچىلىق-نى، ساختىپەزلىكنى پۈتۈنلەي تۈگىتەلەمسىلەر؟ سىلەر بىر ئادەم كىچىككىنە سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئېغىر روھىي زەربىگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئەجەبا، سىلەر «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، دىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن ھېكمەت-لىك ئىبارىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ شەيئىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ خىزمەت پرىنسىپىڭلار، بىراق سىلەر باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ شەيئىلەرنى كۆزىتىپ باقتىڭلارمۇ؟ باشقىلار نېمىنى ئويلايدۇ، نېمىگە موھتاج، سىلەر ئۇلارغا نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشىڭلار كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟

مۇئاۋىن دىرېكتور ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى،

رەددىيە بېرىشكە ئالدىراپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى بۆلۈۋەتمىدى. سەلىمجان سۆزلەپ ھاردىمۇ ياكى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى قورساق كۆپۈكى سەل بېسىلدىمۇ، ئىشقىلىپ، بىر چاغدا گېپىنى تۈگەتتى.

— دېگەنلىرىڭىزنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور ئۇنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ، — دەرھەقىقەت، بىزمۇ ئادەم، خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلاردىن خالىي بولالماسلىقىمىز، بەزى نەرسىلەرگە ئانچە دىققەت قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما، شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ساڭا چارە كۆرۈشىمىز ھەرگىزمۇ سېنىڭ غۇرۇرۇڭنى دەپسەندە قىلغانلىق ياكى يەرگە ئۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى ساڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىك، ساڭا ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئادەم بىر نەرسىگە كۆڭۈل بۆلسە ئاندىن دىققەت قىلىدۇ، «دىققەت قىلدى» دېگەنلىك ماھىيەتتە كۆڭۈل بۆلدى دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— گېپىڭىزچە بولغاندا، سىلەر ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپسىلەردە؟ — دېدى سەلىمجان مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىر ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى خەلقئالەم ئالدىدا يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش نەدە باركىنە؟!

— سەن «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ھېكمەتلىك ئىبارىنى ئاڭلىغانمۇ، بىزنىڭ ساڭا ئاز - تولا «كۈچ» كۆرسىتىپ قويغىنىمىز ھەرگىزمۇ سېنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن. بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، بۈگۈن سېنى چاقىرتىشىمدا مۇنداق ئىككى ئىش بار: بىرى، ئەتە ئەتىگەندە بىر پارچە تەكشۈرۈشنامە يېزىپ مۇئاۋىن باش دىرېكتورغا ئەكىرىپ بېرىسەن؛ يەنە بىرى، ئەتىدىن باشلاپ يەنە دەرسكە كىرىسەن، بىراق ئادەتتىكى سىنىپقا

www.uyghurkitap.com

كىرىپ، نەزەرىيە دەرسىنى ئانا تىلدا ئۆتىسەن. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

— تەكشۈرۈشنامە يازسامۇ يازاي، بىراق ئۇنى ساڭا ئەكېرىپ بېرەي.

— ئۇمۇ بولىدۇ، مۇئاۋىن باش دىرېكتورغا ئۆزۈم ئەكىرىپ بېرەرمەن.

— مېنى نېمىشقا ئادەتتىكى سىنىپقا ئانا تىلدا دەرس بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىڭلارنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئەجەبا، مېنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزۇم، كەسپىي ساپايىم ئاشۇ ئەكبەر پەتقۇللادىن قېلىشقۇچىلىكى بارمۇ؟ مېنىڭ قانچىلىك ئوقۇغانلىقىمنى باشقىلار بىلمىسىغۇ مەيلى، ئەجەبا، سەنمۇ بىلمەمسەن؟

— شۇنداق، سەن مېنىڭ ساۋاقدىشىم، مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن، لېكىن سەن هازىر خىزمەت قىلىۋاتىسەن، ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك، بىلدىڭمۇ؟ سېنىڭ ئىقتىدارىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا سېنى بېيجىڭغا ئەۋەتكەن، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغان، لېكىن سەن بۇنى قەدىرلىمىدىڭ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمىدىڭ.

سەلىمجاننىڭ يەنە ئارتۇق تالاشقۇسى كەلمىدى. «مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەن ئۇنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن، مۇشۇ شىركەتتىلا بولسام، يەنە ئۇنىڭ ياردىمىگە موهتاج بولىمەن. بوپتۇ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇناي ...» ئۇ ئىچىدە شۇنداق ئويلىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ساۋاقدىشىنى مۇئاۋىن باش دىرېكتور بىلەن بىر قاتاردا قوياتتى. «هەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، بىر تال سۆگەكنى تالىشىپ تۇرۇپ يەيدۇ، ماقۇل، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئوۋ بولاي، ئۇلارنىڭ تالىشىپ تۇرۇپ يېيىشىگە رايىشلىق بىلەن بويسۇناي، ئەمما ئۇلاردىن ئالىدىغان هېسابىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن! ...»

— ئەمما، بىر شەرتىم بار، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور

ئاخىرىدا، — دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاپ ئەستايىدىل ئۆتتى- سەن، ئىلمىي خاتالىققا يول قويمايسەن، كۆپ كىتاب كۆرىسەن، كۆپ ئىزدىنىسەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا پىكىرلىك بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەلىمجان لام - جىم دېمىدى، ئەمما ئىچىدە: «ئەمدى چۈشەندىم، ئەسلىدە ئاشۇ ئىشچىلار تولا ئەرز قىلىپ ئېشىمغا توپا ساپتىكەن - دە! خەپ، نامەردلەر! سەنلەر- نىمۇ كۆرۈپ قويدۇم! ...» دەپ غۇدۇرىدى.

سەلىمجان ئادەتتىكى سىنىپقا دەرسكە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، گەرچە تورغا چىقىپ كىنو كۆرۈش، پاراڭلىشىش پۇر- ستى ئازلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئازراق پۇرسەت تاپسىلا كومپيۇ- تېرنى ئاچاتتى - دە، تورداشلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى. دەرسنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا تەييارلاپ، كونسپېكنى چالا - بۇلا يېزىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالاتتى. تاپشۇرۇقنى ئالدىراپ - سالدىراپ تەكشۈرۈۋېتىپلا كومپيۇتېرنى ئې- چىشقا ئالدىرايتتى.

تور دۇنياسى ئاجايىپ دۇنيا. ئۇ بەزىلەرنى نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى بىلىمگە، تېخ- نىكىغا خۇمار قىلسا، بەزىلەرنى پاراڭلىشىشقا، سېرىق مەزمۇن- دىكى كىنو، رەسىملەرگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇلارنى ئىسراپچىلىق- قا، چۈشكۈنلۈككە، ھۇرۇنلۇققا ياكى ئالىلىقاندىق شەھۋانىي قى- زىقتۇرۇشلارغا خۇمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى قامال قىلىۋا- لىدۇ. ئۇنىڭدىن توغرا، ئۇنۇملۇك پايدىلانغاندىلا ئۆز كەسپىدە دادىل ئىلگىرىلەپ يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، ئۇ- نىڭدىن توغرا پايدىلانماي، ئۇنى كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ياكى «ئوۋ» ئىزدەشنىڭ ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلار ھامىنى بىر كۈنى دەۋرنىڭ شاللىنىشىغا دۇچار بولىدۇ. بۇ مۇقەررەر قانۇنىيەت. ھازىر پۈتۈن دۇنيا تور بىلەن قاپلىنىپ، يەر شارىنى كىچىككىنە

كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. تورغا چىقىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە سودا تۇرمۇشلىرىدىن، جۈملىدىن، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىدىن بىمالال خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ.

شىركەت تورلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شىركەتتىكى بارلىق مەمۇرىي خادىملارغا بىردىن كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دەۋرنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ئىلگىرى سەلىمجانمۇ بىر مەزگىل زور قىزغىنلىق بىلەن نۇرغۇن ئىشلىرىنى كومپيۇتېردا قىلغان، ھەتتا ئۆز كەسپىگە ئائىت بىرنەچچە ماقالىنى يېزىپ مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ كەسپداشلىرى ئارىسىدا ياخشى باھاغا ئېرىشكەنىدى. يېڭى شەيئى دەسلەپتە ئادەمگە ناھايىتى سىرلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ئەمما كونىرىغاندا بولسا ئۇمۇ ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دەسلەپتە بىر ئىشخانىغا بىردىن كومپيۇتېر تارقىتىلغاندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بەس ـ بەس بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئۆگەنىدى، ئۇنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىنى كۆن بويى بىكار قويمىدى. ئۇ چاغدا تېخى تورغا ئۇلانمىغان بولغاچقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تورنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن خالىي ئىدى. كېيىنچە كومپيۇتېردىن لاياقەتلىك گۇۋاھنامە ئالالىغان ھەربىر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە بىردىن كومپيۇتېر تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كومپيۇتېر ھەققىدىكى تونۇشى تېخىمۇ ئاشتى. كومپيۇتېردا خىزمەت قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شىركەت تورلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا ھەممە ئىشچى ـ خىزمەتچىگە بىرتوتاش كومپيۇتېر تارقىتىپ بېرىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كومپيۇتېرغا بولغان تەلەپلىرى بىر راقلا قاندۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گەرچە كۆپ قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كومپيۇتېردىن، توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كې-

لىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم خادىملار ئۇنىڭدىكى ھەر
خىل قىزىقارلىق ئويۇن، سېرىق كىنو، رەسىم، بولۇپمۇ QQ
دا پاراڭلىشىشقا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، نۇرغۇن ۋاقتى ۋە زېھنى-
نى سەرپ قىلىۋەتتى. ھازىر بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ ئالدىدىكى كومپيۇتېر كۈنلەپ - كۈنلەپ ئېچىلمايدۇ، ئۇلار
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا قىزىقمايدۇ، ناۋادا ئېچىلىپ قالسا پەقەت
ناخشا ئاڭلايدۇ ياكى كىنو كۆرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئالدىدىكى كومپ-
يۇتېر كۈنلەپ - كۈنلەپ ئۆچۈرۈلمەيدىيۇ، ئەمما ئۇنۇملۇك پاي-
دىلىنىشقا ئەمەس، بەلكى ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋە كۆڭۈل
ئېچىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان. سەلىمجانمۇ كېيىنچە
كومپيۇتېرنىڭ سېھىرلىك قىزىقتۇرۇشىغا شەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ-
دىكى قىزىقارلىق ئويۇنلارغا، رەڭلىك كۆرۈنۈشلەرگە، كۆڭۈل-
لۈك پاراڭلىشىشلارغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. مانا بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكىنى ئۇنىڭدىن بوشىتىد-
غان، ئىچ - پۇشۇقىنى ئۇنىڭدىن چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى.
مانا ئەمدى ئۇ يەنە باشقا بىر تورغا ئىلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سەلىمجان QQ دا ھەدەپ تۇمارە
بىلەن بۈگۈن ئاخشام كونا جايدا كۆرۈشۈش توغرۇلۇق قىزغىن
پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئىشخانىدىكىلەر سىرتقا چىقىپ كەتكەن بو-
لۇپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يانفونىغا بىر
ئۇچۇر كەلدى. لاتىنچە يېزىق بىلەن يېزىلغان بۇ ئۇچۇرنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياخشىمۇ-
سىز، سىز مۇھەببەت، ئائىلە ۋە نىكاھ مەسىلىلىرىگە قىزىقام-
سىز؟ مۇھەببەت دۇنياسىدىكى سىرلىق پىچىرلاشلارنى ئاڭلىغۇ-
ڭىز، مۇھەببەت توغرۇلۇق مەسلىھەت ئالغۇڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا
نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ دەرھال قولىڭىزغا يانفونىڭىزنى ئېلىڭ-
دە، ××××××× نومۇرغا تېلېفون قىلىڭ!»
سەلىمجان بۇ نومۇرغا قىزىقىپ قالدى. «ئىشخانىدا ئادەم

بولمىغاندىكىن تېلېفون قىلىپ سىناپ باقمايمىز؟» دېگەن نىيەت بىلەن ھېلىقى نومۇرغا تېلېفون قىلدى. ئۇ قارشى تەرەپتىكى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلگەن مېخانىك ئاۋازنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بويىچە تېلېفوننىڭ بىرنەچچە كۇنۇپكىسىنى باستى. بىردەمدىن كېيىن تېلېفون ئۇلاندى.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز، — دېگەن يېقىملىق ئاۋاز سەلىمجاننىڭ قۇلاق پەردىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ قەلب قەسرىگە سىڭىپ كىردى.

— ياخشىمۇسىز، — دېدى ئۇمۇ قايتۇرۇپ.

— بۇ سىزنىڭ بىرىنچى قېتىم تېلېفون ئۇرۇشىڭىزمۇ ياكى ئىلگىرى ئۇرۇپ باققانمۇ؟ — دېدى ھېلىقى يېقىملىق ئاۋازى بار قىز.

— شۇنداق، مەن بىرىنچى قېتىم تېلېفون قىلدىم.

— بىز ئەۋەتكەن ئۇچۇرنى كۆرۈپسىز ـ دە. ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە بىزنىڭ مۇلازىمەت دائىرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ قوياي. بىز مۇھەببەت، نىكاھ، تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانلارغا ياكى مۇشۇ جەھەتتىكى ئىشلاردا مەسلىھەت ئالماقچى بولغانلارغا، شۇنداقلا يەنە بىزگە داۋاملىق تېلېفون قىلىپ سىرداش دوست بولماقچى بولغانلارغا يىگىرمە تۆت سائەت مۇلازىمەت قىلىمىز. ئەگەر سىز بىزنىڭ مۇلازىمىتىمىزدىن رازى بولسىڭىز بىز سىزگە كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىشقا تىرىشىمىز. ئەگەر رازى بولمىسىڭىز تېلېفون قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

قىزنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن يېقىملىق ئىدى. ئاڭلىغان ھەرقانداق ئەركەك ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئامراق بولۇپ قالاتتى ھەمدە شۇنداق يېقىملىق ئاۋازنى قىلالىغان شۇ تۇمۇچۇقنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كېلەتتى. سەلىمجان ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭغا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنى قەستەن گەپكە تۇتۇپ، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ئۇزۇنىراق ھوزۇرلىنى-

ۋېلىشنى ئويلىدى.
— مەنغۇ باشقا ئىشقا مەسلىھەت سورىمايمەن، — دېدى سەلىمجان ئەتەي ئۈنى گەپكە سېلىپ، — شۇ ئۆزۈمچە مۇڭداشقۇم كېلىپ ... دوست ئىزدەپ ...
— سىزگە قانداق دوست لازىمتى؟
قىزنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى. سەلىمجان تېخىمۇ قىزىقتى.
— سىرداش دوست بولمامدۇ؟ مەسىلەن، سىزگە ئوخشاش چىرايلىق، نازاكەتلىك قىزلار بىلەن دوست بولسام، دەپ ئويلىغان شۇ.
— ۋىيەي! — دېدى قىز نازلىنىپ، — سىز بەك ئوچۇق-كەنسىز، مېنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟
— ئاۋازىڭىزدىن بىلدىم، ئاۋازىڭىز جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويغۇدەك يېقىملىقكەن.
— ھا ... ھا ... ھا ...— قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — سىز بەك گەپكە ئۇستىكەنسىز، نېمە خىزمەت قىلىدىسىز؟
— شىركەتتە ئىشلەيمەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دەرس ئۆتىمەن، — دېدى سەلىمجان راست گەپ قىلىپ.
— شۇڭا گەپكە ئۇستىكەنسىز - دە. سىز تېلېفوننى قەيەردىن ئۇرۇۋاتىسىز؟
— قارامايدىن.
— قارامايلىقلار بەك سېخىي كېلىدۇ، دەپ ئاڭلىغان.
— شۇنداق.
— مائاشىڭىز يۇقىرىدۇ ھەرقاچان.
— يامان ئەمەس.
— بۈگۈن دەرسىڭىز يوقمىتى؟
— ھەئە، شۇڭا زېرىكىپ ئولتۇرغان، ئويلىمىغان يەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

سىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بىلمىدىم، سىز بىلەن دوست بولغىلى بولامدىكىن؟

— بولىدۇ، تامامەن بولىدۇ، — دېدى قىز ھېچقانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، — بىزمۇ سىرداش دوستقا ئېرىشسەك دەپ ئويلايمىز دەڭا. زېرىككەن چاغلىرىڭىزدا مۇشۇ نومۇرغا تېلېفون قىلىپ «قەلبىنۇرنى ئىزدەيمەن» دېسىڭىز بولىدۇ. ھە، راست، ئىسمىڭىز نېمىتى؟

— ئىسمىم سەلىمجان.

— توي قىلدىڭىزمۇ؟ نەچچىگە كىردىڭىز؟

— توي قىلدىم، ئوتتۇز تۆت ياشقا كىردىم.

— مەندىن ئون ياش چوڭكەنسىز، ئاكا.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مېنى ئاكا قىلىۋېلىڭ.

— راستما؟ ماقۇل، ئاكا.

سەلىمجان بارغانسېرى قىزىدى. قىزنىڭ نازۇكەرەشمىلىك ئاۋازى ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئېيتماقچى بولدى.

— مەن سىز بىلەن ئەڭ يېقىن دوست بولسام دەيمەن.

— مەسىلەن، قانداق يېقىن دوست؟

— خۇددى ئاشىق - مەشۇقلاردەك يېقىن دوست.

— پاھ! ئاكا، سىز راستتىنلا بەك ئوچۇقكەنسىز. مەنغۇ بويتاق، مەندە چاتاق يوق، لېكىن سىزنىڭ ئايالىڭىز بار تۇرسا.

— مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن دېمىدىم، «سىڭلىم»، — دېدى سەلىمجان گەپنى يەنىمۇ ئوچۇق قىلىپ، — سىز بىلەن مۇھەببەت باغلىشىپ ئۆتسەم دەيمەن.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، سەلىمجان ئاكا، — دېدى قىز تېخىمۇ نازلىنىپ، — دېمەكچى بولغىنىڭىز مەن بىلەن ئاشنىداش بولۇش، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خالىسىڭىزلا.

— ئەلۋەتتە چىقىشىپ قالساق ئۇمۇ بولۇپ قالار، — دېدى قىز گەپنى ئوچۇق قىلىپ، — بىراق بۇنىڭدا سىزنىڭ ئىپادىڭىزگە قارايمىز - دە.

— قانداق ئىپادەمگە؟ — دېدى سەلىمجان ھاياجانلىنىپ.

— ھەر كۈنى مۇشۇ تېلېفونغا تېلېفون قىلىپ مېنى تاتلىق گەپلىرىڭىز بىلەن خۇش قىلىسىز، مەن كېلىنىڭ دېگەندە ئۇرۇمچىدە پەيدا بولىسىز، تەلەپلىرىمنى قاندۇرىسىز.

— بولىدۇ، چاتاق يوق.

— ئەمىسە، پۇتۇشتۇق.

دەل مۇشۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئىشخانىدىكىلەرمۇ كىرىپ كېلىشتى. سەلىمجانمۇ دەرھال گەپنى يىغدى.

— ھە، شۇنداق بولسۇن، مەن سىزگە كېيىن تېلېفون قىلاي، خوش.

سەلىمجان تېلېفوننى ئېتىۋېتىپ بايىقى تېلېفون ھەققىدە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى: «تۇۋا! ئەجەب يېقىملىق، رايىش قىزىكەنا؟ تەلىپىمگىمۇ ماقۇل بولدى. ھەممە ئادەمگە مۇشۇنداق ماقۇل دەيدىغان ‹ماقۇلجان› مىدۇ - يا؟ بۇنى چوقۇم سوراپ باققۇلۇق، ئۇنداق ھەممە ئادەمنى رازى قىلىپ يۈرىدىغان ئادەمگە يېقىن بېرىشۋەرسەم بولماس! ...» ئۇ تېزىملىكتىكى تورداشلىرىغا قاردى. تۇمارە ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇمارەگە دەيدىغان «مۇھىم» گېپى بار ئىدى. شۇڭا سىرتقا چىقىپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلماقچى بولدى.

سەلىمجان شىركەت مەمۇرىيەت بىناسىدىن چۈشۈپ، ئۇدۇل شىركەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان ۋاسكېتبول مەيدانىغا كەلدى. مەيداندا بىر نەچچە خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچى ۋاسكېتبول ئويناۋاتاتتى. سەلىمجان تۇمارەنىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلدى، ئەمما سەلىمجاننىڭ تېلېفونىنىڭ پۇلى تۈگەپ توختىتىۋېتىلگەنىدى. سەلىمجان ھەيران قالدى. «تۇۋا! مەن تېخى

تۇنۇگۇنلا ئەللىك يۇەن تۆلىگەنغۇ؟ بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ بۇ مەندىكى چاتاقمۇ ياكى تېلېفوندىكى چاتاقمۇ؟»

سەلىمجان يەنە چوڭقۇر خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، شىركەتنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇ شىركەتنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون بۇتكىسىدىن تۇمارەگە تېلېفون ئۇرماقچى ھەمدە تېلېفونغا قىممەتنى تولۇقلاش كارتىسى سېتىۋالماقچى ئىدى. ئۇ ئادەتتە مەخپىي تېلېفونلارنى ھەرگىز شىركەتتە، ئىشخانىدا ئۇرمايتتى. ھەمىشە سىرتتىكى ئاممىۋى تېلېفونلاردا ئۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىشلىرى يېقىندىن بۇيان ئالىيەنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئالىيە باشقىلاردىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، گەرچە ئوچۇقتىن - ئوچۇق يۈزىگە سالمىغان بولسىمۇ، ئەگىتىپ ئىپادىلىگەنىدى.

— ئاڭلىسام، ھازىر جەمئىيەتتە ئىناق ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزلىرىگە خۇشاللىق ئىزدەيدىغان بىر تۈركۈم خوتۇنلار پەيدا بوپتىمىش. كىمنىڭ ئائىلىسىنى بۇزغۇسى كەلسە شۇ ئائىلىنى بۇزارمىش. «پالانى بىلەن پوكونى بەك بەختلىك ياشاپ كەتتى، ۋەيران قىلىۋېتەمدۇق؟» دەيدىكەن، دېگىنىنى قىلالايدىكەن. دىققەت قىلمىسا بولمىغۇدەك جۇمۇ.

— قانداق ۋەيران قىلىدىكەن؟ — ئەتەي سورىدى سەلىمجان.

— ئېرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولامدۇ؟

— بۇ دېگەن شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىش، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلسا، ئۇنداق ۋەيران بولۇشلارمۇ كېلىپ چىقمايدۇ.

— ئۇغۇ راست، دىققەت قىلمىسا ھازىر نىجىس كېسەللەرنىمۇ يۇقتۇرۇۋالىدۇ دەڭا، ئۆزى بىلەن كەتسىغۇ مەيلى، لېكىن خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ.

— بۈگۈن ئەجەب بۇ گەپلەرنى دەپ قالدىڭىزغۇ؟ نېمە قىلىمىز كۆڭۈلسىز، قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىپ، — دېدى سە-

لىمجان نارازى بولۇپ.

بۇ گەپ بىلەن ئالىيەمۇ جىم بولۇپ قالغان، سەلىمجان بولسا «ئالىيە ئىشلىرىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟» دەپ گۇماندا بولۇپ قالغانىدى.

سەلىمجان شىركەت ئالدىدىكى تېلېفون بوتكىسىدىن تۇمارەگە تېلېفون قىلىپ، بۈگۈن كەچتە «كونا جاي»دا كۆرۈشۈشكە پۈتۈشتى، ئاندىن يانفونىغا ئەللىك يۈەنلىك قىممەت تولۇقلاش كارتىسى سېتىۋالدى.

سەلىمجان ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۈگۈن كەچتە ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئالىيەگە تېلېفون قىلدى:

— بۈگۈن بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ ئازراق پائالىيىتى باركەن، شۇڭا سەل كەچ قېلىشىم مۇمكىن، مېنى تاماققا ساقلىماڭ.

— نەدە بولىدىكەن ئۇ پائالىيەت؟

ئالىيە ئىلگىرى ئۇنىڭ «ئولتۇرۇش باركەن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىسا، «نەدە ئولتۇرىدىكەنسىلەر؟ كىملەر بىللەن؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىمايتتى، ئەكسىچە «ھاراقنى ئازراق ئىچىڭ، بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ» دېگەن گەپنىلا قىلاتتى. سەلىمجاندىن گۇمان قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «پائالىيەت، ئولتۇرۇش» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىسا دەرھال «نەدە؟ كىملەر بىلەن؟» دەپ سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— نەدىلىكىنى تېخى دېمىدى، ئىشقىلىپ، قارامايدا! — دېدى سەلىمجان زەردە قىلىپ.

— قارامايدا بولماي، ئۈرۈمچىدە قىلاتتىڭلارمۇ؟ ھە، راست، بايا تېلېفونىڭىز توختاپ قاپتىكەن، تېخى تۇنۇگۈنلا پۇل تۆلىگەنتىڭىزغۇ؟

— ھە ... شۇ ... مەنمۇ بىلمىدىم ... شۇ توختاپ قاپتىغۇ، — دېدى سەلىمجان كېكەچلەپ.

— كەچتە بالدۇرراق قايتىپ كېلەرسىز، — دېدى ئالىيە

www.uyghurkitap.com

باشقا گەپ قىلماي.

سەلىمجان تۇمارە بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ قېتىم تۇمارەنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇلىدىن قانغۇچە لەززەت ئالغانىدى. «كاساپەتنىڭ بەدىنى ئادەمنى نىمانچىۋالا مەست قىلىدىغاندۇ... ئۇنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇلىنى كۆرۈش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. مەن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلىشىم، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشۇم كېرەك!» دەپ ئويلايتتى سەلىمجان شۇ ئىشتىن كېيىن. ئۇ دەسلەپتە تۇمارەگە نەيرەتلەنگەن، ئۇنىڭ كاساپىتى بىلەن تۆلىگەن بەدەللىرىگە، شىركەتتە تا ھازىرغىچە تارتىپ كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىقلىرىغا، پورتمىنىدىن ھەممە پۇلىنى ئېلىۋالغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن، ئۆچ ئالماقچى بولغان. لېكىن، ئۇنىڭ ھېلىقى «شىپالىق دورا» نىڭ تەسىرى بىلەن مېھمانخانىدا ئويناپ بەرگەن ئۇسسۇلى ئاتا قىلغان لەززەتتىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇغان، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سەلىمجان ئۇنىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرىشاتتى، رەڭلىك سورۇنلاردا بىللە بولاتتى، ئاندىن مېھمانخانىغا چاپاتتى. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا سەلىمجان تۇمارە ئويۇشتۇرغان سورۇننىڭ پۇلىنى تۆلىگىلى باراتتى. تۇمارە بەزىدە ئولتۇرۇشنى ئويناپ بولۇپ ھېساباب قىلىدىغان چاغدا سەلىمجانغا تېلېفون ئۇراتتى:

— جېنىمما؟ قانداقراق تۇردىڭىز؟ مۇنداق ئىشتى قاراڭ، ئۇرۇمچىدىن بىرنەچچە دوستلىرىم كەپتىكەن، ئۇلارنى مېھمان قىلغانىدىم، پۇلۇم يەتمىدى. مۇمكىن بولسا ھازىرلا «ئۇچقۇن رېستورانى» غا كېلىپ ھېساباتنى قىلىۋەتكەن بولسىڭىز، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، مەن قايتىۋەردىم، كېيىن ئالاقىلىشايلى - ھە!

سەلىمجان ھەمىشە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇراتتى. پۇلى قالمىسا بىر ئاماللارنى قىلىپ پۇل تاپاتتى - دە، تۇمارەنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندايتتى. ئالىيە ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىشقا باش-

لىغاندىن باشلاپ، گەرچە سەلىمجاننىڭ مائاش كارتىسىنى ئېلى-ۋالغان بولسىمۇ، ئۇنى پۇلسىز قويمايتتى. «ئەر كىشىنىڭ ياز-چۇقىدا ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەن پۇل ئارتۇق تۇرمىسا بولمايدۇ» دەپ قارايتتى ئالىيە. لېكىن، سەلىمجاننىڭ يانچۇقىدىكى پۇل ئىككى - ئۈچ كۈنگە قالماي تۈگەيتتى. ئالىيە ئۇنىڭدىن «نەگە خەجلىدىڭىز؟» دەپ سورىسا، ئۇ، «ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇر-غان، بۇ قېتىم مەن مېهمان قىلدىم» دەيتتى ياكى بولمىسا «ئۇرۇمچىلىك ئاغىنىلىرىم كەلگەن، شۇلارنى مېهمان قىلدىم» دەپ قوياتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ باھانىسى كۆپ ئىدى. ئالىيە ئۇنىڭ بارغانسېرى قۇۋلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەن پۇل بېرەتتى، ئاندىن:

— مەردلىكنى قىلىۋەرمەي، ئەمدى تېجەپرەك ئىشلىتەر-سىز، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى، — دەيتتى.

سەلىمجان ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالاتتى - دە، ئۇنى يېنىك قۇچاقلاپ، مەڭزىگە بىر - ئىككىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئالىيە بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلاتتى.

سەلىمجان سائىتىگە قارىدى، تۇمارە بىلەن كۆرۈشىدىغانغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ يەنە ھېلىقى «مۇھەببەت لىنىيىسى»گە كىرىپ ئاۋازى يېقىملىق قەلبىنۇر بىلەن بىردەم مۇڭداشماق-چى بولدى. تېلېفون تېزلا ئۇلاندى.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز، بىرىنچى قېتىم تېلېفون قىلىشى-ڭىزمۇ - يا؟ — دېدى بىر قىز.

بۇ قەلبىنۇرنىڭ ئاۋازى ئەمەس ئىدى. بۇ قىزنىڭ ئاۋازى قەلبىنۇرنىڭ ئاۋازىدەك سۇزۇك ھەم يېقىملىق ئەمەس ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن قەلبىنۇرنى ئىزدەيتتىم، بولسا چاقى-رىپ قويغان بولسىڭىز.

تېلېفوندا ھېلىقى قىزنىڭ قەلبىنۇرنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي قەلبىنۇرنىڭ سەلىمجاننى ئۆزىگە ئەسىر

قىلىۋالغان يېقىملىق، نازۇكەرەشمىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى قەلبىنۇر ئەركىلەپ.

— مەن قارامايدىكى سەلىمجان، بىز بايا سۆزلەشكەن.

— ۋاي سىزمىدىڭىز، مەنمۇ سىزنى ئويلاپ يۈرەتتىم، — دېدى قەلبىنۇر نازلىنىپ، — مەنمۇ سىزگە بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ، جېنىم، — دېدى سەلىمجان هاياجان بىلەن، — ئادەمنى نېمانچە خۇش قىلىدىغانسىز ئەمدى.

— سىزنى خۇش قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، — دېدى قەلبىنۇر تېخىمۇ نازلىنىپ، — ئەگەر مەندىن خۇشاللىق تاپماقچى بولسىڭىز ماڭا هەر كۈنى تېلېفون قىلىڭ.

— پەقەت تېلېفوندىلا خۇشال قىلامسىز، جېنىم. كۆرۈشمەمدۇق؟

— ئەلۋەتتە كۆرۈشىمىز.

— قاچان؟

— قاچان بولسا مەيلى.

— شەنبە كۈنى بولسا قانداق؟ مەن شەنبە كۈنى ئۈرۈمچىگە باراي.

— راستما؟

— مەن ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلمايمەن.

سەلىمجان ئۇنىڭ بىلەن ئالاھازەل قىرىق مىنۇتتەك سۆزلەشتى. ئۇ شەنبە كۈنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ قەلبىنۇر بىلەن كۆرۈشۈشكە پۈتۈشتى.

سەلىمجان ئەتىسى ئەتىگەندە مەستلىكىدىن تولۇق يېشىلمەيلا شىركەتكە كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن هاراق بىلەن تاماكا پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى، بېشى خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، مېڭىشلىرىمۇ نورمال ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخشام تۇمارە بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشكە پۈتۈشكەن

بولسىمۇ، لېكىن تۇمارە بىرمۇنچە دوستلىرىنى بىللە باشلاپ بارغاچقا سورۇندا هاراق خېلى كۆپ ئىچىلدى، تاماكىمۇ كۆپ چېكىلدى. سورۇنمۇ كەچ سائەت ئىككىلەرگىچە داۋاملاشتى.

ئۇنىڭ بۇگۈن ئەتىگەندە ئىككى سائەت دەرسى بار ئىدى، بولمىسا، ئۇخلاپ ئۇيقۇسى قانغاندا شىركەتكە كەلگەن بولاتتى. دەرسكە كىرىدىغان ۋاقىتمۇ توشۇپ قالغانىدى. سەلىمجان كىتابنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا ماڭدى. ئىلگىرى سەلىمجان سىنىپنىڭ ئالدىغا كەلمىگۈچە سىنىپقا كىرمەيدىغان ئىشچىلار بۈگۈن سىنىپنىڭ ئالدىدا كۆرۈنمەيتتى. بېشى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان سەلىمجان بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلانمايلا سىنىپقا كىردى. كۇرسانتلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئۇ مەستلىكتىن ئاران ئېچىلىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن كۇرسانتلارغا بىرقۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بېشى تېخىمۇ زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپىدە مۇئاۋىن باش دىرېكتور بىلەن مۇئاۋىن دىرېكتور ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. نېرۋىلىرى جىددىيلەشكەن سەلىمجان كۇرسانتلارنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، دەرھال يوقلىمىنى ۋاراقلىغىلى تۇردى. كۇرسانتلار تۇشمۇتۇشتىن كۇسۇرلاشقا باشلىدى. سەلىمجان بېشىنى كۆتۈرمەيلا سىنىپ باشلىقىنى چاقىردى.

— ئوقۇغۇچىلار تولۇقمۇ؟

— شۇنداق، مۇئەللىم، ھەممىسى تولۇق.

— ئولتۇرۇڭ.

سەلىمجان ئالاھازەل ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۇرسانتلارغا قارىدى. كۇرسانتلار تېخىچە ئۆرە تۇراتتى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور بىلەن مۇئاۋىن دىرېكتورمۇ ئۆرە تۇراتتى. سەلىمجان تامدەك تاتارغىنىچە ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى.

مۇنبەرنىڭ ئالدىدىكى بىرنەچچە ئايال كۇرسانت ئالىقانلىرى

بىلەن بۇرنىنى ئىتتۇۋىلىشقانىدى. چۈنكى، سەلىمجاننىڭ بەدىنىدىكى بەتبۇي پۇراق ئاللىقاچان سىنىپنىڭ ھاۋاسىغا تەسىر كۆرسىتىپ بولغانىدى، ئەمما سەلىمجان بۇنى ھېس قىلمايتتى، سەزمەيتتى. ئۇنىڭ نىرۋىلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كەلگەن بولسىمۇ، تەپەككۇرى ھېچ ئىپچىللىمايۋاتاتتى. بۈگۈن ئۆتۈلمەكچى بولغان دەرس مەزمۇنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بۇ مەزمۇنلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلمىسا، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا لەت بولۇپ قالاتتى. سەلىمجان جىددىيلەشكەنسېرى دەرس مەزمۇنىنى ھەدەپ خاتا چۈشەندۈرەتتى. كۇرسانتلار ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە رەددىيە بېرەتتى. سەلىمجان بولسا ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ جاھىللىق قىلاتتى. ئەگەر مۇئاۋىن باش دىرېكتور بىلەن مۇئاۋىن دىرېكتور بولمىغان بولسا، ئۇ بۈگۈن بىرىنەچچىسى بىلەن ياقا تۇتۇشقان بولاتتى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرىدىن مونچاق ‐ مونچاق تەر تامچىلايتتى.

سىنىپنىڭ ئىچىنى كۇرسانتلارنىڭ مۇنازىرىسى، ۋاراڭ ‐ چۇرۇڭى قاپلىغانىدى. مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا خاتىرىسىگە ھەدەپ بىرنەرسىلەرنى جىجايتتى. مۇئاۋىن دىرېكتور بولسا سەلىمجاندىن كۆزىنى ئۈزمەيدۇ. بۈگۈنكى بىر سائەتلىك دەرس ۋاقتى تولىمۇ تەستە توشتى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور بىلەن مۇئاۋىن دىرېكتور ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئالدىراپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. سەلىمجانمۇ كىتابىنى كۆتۈرۈپ سىنىپتىن چىقتى. ئۇ ئەمدىلا ئىشخانىغا كىرىپ تۇراتتى، ئىشخانىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى. تېلېفوننى ھەدەپ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان ئابدۇللا ئاكا ئالدى.

— ھە، ئۇ بار، ھازىر كىردى، ماقۇل، مەن دەپ قوياي.

ئابدۇللا ئاكا تېلېفوننى قويۇپ، سەلىمجانغا قارىدى.

— سەلىمجان، سىزنى مۇئاۋىن باش دىرېكتور «ئىشخانامغا كىرسۇن» دەيدۇ.

سەلىمجان چىڭقالغان بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئىشخانىدىن چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ جىق ئىشلارنى ئويلاشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭغا قېنىپ - قېنىپ ئۇخلىۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

سەلىمجان مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن بىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىرلىشىۋاتاتتى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور سەلىمجاننى قول ئىشارىسى ئارقىلىقلا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ سورلۇق چىرايىنى سەلىمجانغا تىكتى.

— سىلى بۈگۈن بىزنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردۈڭلا، — دېدى مۇئاۋىن باش دىرېكتور ئىنتايىن سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بىز سىلىگە كۆپ پۇرسەت بەرگەنىدۇق، قەدىرىگە يەتمىدىڭلا. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىلىگە پىكرى كۆپ. مانا بۈگۈن غەرق مەست ھالەتتە سىنىپقا كىردىڭلا، دەرس مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي خاتا سۆزلەپ ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازىغا داغ چۈشۈردۈڭلا. بۈگۈندىن باشلاپ دەرسكە كىرىشتىن توختىتىلدىڭلا، سىلىنى باشقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز!

ئۇ مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىدىن سالپايغىنىچە يېنىپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشخانىغا قايتىپ كىرگۈسى كەلمىدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ ياتقۇسىلا كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۆيگە قايتىپ ئۇخلاش نىيىتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ھازىر تۇمارەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىغۇسى، تارتىۋاتقان دىشۋارچىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىۋاتاتتى.

ئۇ شىركەتتىن چىققاندىن كېيىن يانفونىنى ئېلىپ تۇمارەگە تېلېفون قىلدى، لېكىن تېلېفون ئۇلانمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تېلېفونى يەنە توختاپ كەتكەنىدى. «بۇ نېمە ئىش؟ مەن تېخى

تونۇگۇنلا ئەللىك يۈەنلىك قىممەت تولۇقلاش كارتىسى ئالغان تۇرسام؟ » دەپ ئويلىغان سەلىمجان شىركەت ئالدىدىكى ئاممىۋى تېلېفوندىن تومارەگە تېلېفون قىلدى. ئەپسۇس، تومارە تېلېفون-نى ئاچمىغانىدى. سەلىمجاننىڭ شۇ تاپتا باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى. ئۇ تاكسىدىن بىر گە چىقىپ چارچاپ قالغان چاغلىرىدا دائىم بېرىپ بەدەنلىرىنى بوشىتىپ - ئۇۋۇلىتىپ كېلىدىغان «سېھىرلىك قول ئۇۋۇلاش مەركىزى» گە يۈ-رۈپ كەتتى.

## 5

ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە يۈز بەرگەن بەزى ئۆزگىرىشلەر ئا-دەمنى بەزىدە ئويلىمىغان نەتىجە - ئۇتۇقلارغا، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرسە، بەزىدە مەھكۇملۇققا، ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. سەلىمجاننىڭ دەرستىن توختىتىلىپ دەرۋازىغا قاراۋاتقىنىغىمۇ تۆت - بەش ئايچە بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن شىركەت رەھبەرلىرىگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. ھە دېسە شىركەت رەھبەرلىرىنى سەت تىللار بىلەن تىللايتتى، ھامىنى بىر كۈنى ئۇلاردىن ئەنتىنى ئالىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچەتتى. «خەپ، توخ-تاپ تۇرۇش! ھەرقايسىڭنى قان سىيدۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن! ...» دەرستىن توختاتقاندىن كېيىن شىركەت ئۇنى كۈندۈزدە دەرۋازىغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىش دەسلەپتە ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن قەتئىي ئۆتمىدى. «ئەمدى مەن ئۆتەپ - تېشىپ شۇ ئىشنى قىلامدىمەن؟ كۆتۈرسۇن قاسقى-نىنى! مەن كىم؟ مەن دېگەن شىركەتتىكى رومانتىك سەلىم-جان! ئەمدىزە دەرۋازىۋەن سەلىمجان بولامدىمەن؟! بۇ مۇمكىن ئەمەس! خىزمىتىمدىن ئىستىپا بەرسەم بېرىمەنكى، بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن! ...» دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى.

ئەمما، مۇئاۋىن باش دىرېكتورمۇ ئۆزىنىڭ قارارىدىن قەتئىي يانمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ مائاشىنى توختىتىپ قويدى. پۇل بولمىسا سەلىمجان تۇمارەدەك ساھىبجامالـلارغا يېقىنلىشال- مايتتى، پۇل بولمىسا ئۇرۇمچىگە بېرىپ يېقىملىق ئاۋازى، نا- زۇك خۇلقى بار قەلبىنۇرغا سوۋغا تەقدىم قىلالمايتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئايالى ئالدىدا ئىناۋىتى بولمايتتى. سەلىمجاننىڭ بىر - ئىككى كۈنلۈك جاھىللىقى بىردەمدىلا پەسكويغا چۈشتى. ئەمما ئۇ دەرۋازىغا كۈندۈزدە ئەمەس، كېچىسى قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇ- رىغا قويدى. مۇئاۋىن باش دىرېكتور ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەلەپلەرنى قويدى.

— شىركەتنىڭ ئىچىدە قورۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، كىرىپ - چىقىدىغان ئادەملەرمۇ ناھايىتى جىق، چوقۇم ھوشيار تۇرىسەن، ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت يوق، مەمۇرىيەت بىناسىدا قىممەت باھالىق ئۈسكۈنىلەر بار، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىسەن. كەچ سائەت ئالتىدىن ئەتىگەن سائەت ئال- تىگىچە ئىككى دەرۋازىۋەن بىلەن مەكتەپ ئىچىنى نازارەت قىلىد- سەن. سېنىڭ ۋەزىپەڭ يېنىك ئەمەس، سەن دېگەن شىركەتنىڭ ئۆز ئادىمى، ئۇلارغا ئوخشاشمايسەن، شۇڭا ئۇلارغا بولغان نازا- رەتچىلىكىنىمۇ كۈچەيتىسەن!

سەلىمجان ئىككى دەرۋازىۋەنگە «باشلىق» بولۇپ، ھەر كۈ- نى كەچتە قاراۋۇللۇق قىلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا تورغا چىقىپ پاراڭلىشىدىغانغا پۇرسەتمۇ، شارائىتمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، قارا- ۋۇللۇق ئۆيىدە كومپيۇتېر تۈگۈل بىرەر كونا تېلېۋىزورمۇ يوق ئىدى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىسا كەچتە قاراۋۇللۇق قىلىشنى تاللى- غانلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلىپ قالاتتى، ئەمما بۇ پۇشايمىنىدىن تېزلا يېنىۋالاتتى. «مۇشۇ خەقنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن! ئۇلار- نىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرى، تەنە ئارىلاش سالاملىرى ئادەمنىڭ

تېنىگە خەنجەردەك قادىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۆرە، ئاخشاملىرى
كۆزەتچىلىك قىلسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئىشلارنى بۇنىڭكى
قېرىنغا تاپىلاپ قويۇپ، ئويۇنۇمنى ئويناپ كەلسەم ئەيىپلەش-
قا بولمىغۇدەك؟ ...»

ئۇنىڭ تورغا چىققۇسى كەلسە كۈندۈزلىرى تورخانىلارغا كى-
رىپ چىقاتتى. سىرىق تور بەتلىرىنى ئېچىپ ئىچ پۇشۇقىنى
چىقىراتتى، تورداشلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشاتتى. ئۇ بىر
تۈرۈپ شىركەتنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىغا شۇنداق ئاچچىقى كېلەت-
تى، بىر تۈرۈپ دەرس ئۆتۈشتىن بىكار قىلىنىپ دەرۋازىغا
قاراشقا ئورۇنلاشتۇرغىنىدىن خۇشالمۇ بولاتتى. «مەيلى نېمىلا
دېگەن بىلەن ئەركىن بولۇپ قالدىم، ئاخشاملىرى خالىغىنىمنى
قىلالايمەن، شۇنىڭغىمۇ شۈكرى! ...» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئاخشام-
لىرى ئۇيقۇسى قاچقاندا. لېكىن، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر
يەرلىرىدە شىركەتكە بولغان ئۆچمەنلىك ئۇنى پەقەتلا تىنىم تاپقۇز-
مايتتى. «ئەجەبا، سەن دەرۋازىغا قارايدىغان ئاددىي ئادەممۇ؟
سەن ئۆز ۋاقتىدا ھەممىنى ئۆزۈڭگە قاراتقان سەلىمجان ئىدىڭغۇ؟
خوتۇن - قىزلارنى ئۆزۈڭگە قارىتالايدىغان رومانتىك يىگىتتىڭ-
غۇ؟ مۇشۇ ئىشلار تۇيۇقسىزدىن بولغۇسى ئۇماق بالاڭنىڭ
ئاپىسى — سېنىڭ ئايالىڭمۇ سەن بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ
قىلدىغۇ؟ سېنى مۇشۇ ھالەتكە كەلمەر چۈشۈرۈپ قويدى،
شۇنى بىلەمسەن! ؟ دەل مۇئاۋىن باش دىرېكتور! شىركەت رەھ-
بەرلىرى! سەن ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشىڭ كېرەك! ...»

سەلىمجان ئويلىغانسېرى ئىچىنى ئاچچىق قاپلايتتى. بولۇپ-
مۇ، ئالىيەنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇنى
تېخىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى.

ئالىيەنىڭ بويىدا قالغانلىقى سەلىمجاننى ئىنتايىن خۇشال
قىلىۋەتكەنىدى. ئۇمۇ دوست - دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا بالىسىنى
كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى، يەسلىگە ئاپىرىپ - ئەكېلىشنى، ياش تويە-

نى ياكى خەتنە تويىنى قىلىشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك ئۇنىڭ ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئېشىپ، بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىقتا چۆمۈلۈپ، بالىغا قانداق ئىسىم قويۇشنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلىشىپ كەتكەنىدى:

— ئوغۇل بولسا سەردار، قىز بولسا سەمىرە قويايلى، — دەيتتى ئالىيە.

— ياق، ئوغۇل بولسا سارتېكىن، قىز بولسا سەبىئاي قويايلى، — دەيتتى سەلىمجان.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇزۇنغىچە تالاشقان، نۇرغۇن ئىسىملارنى ئويلاشقان، ئاخىرى قىز بالىغا ئون ئىسىم، ئوغۇل بالىغا ئون ئىسىم تالLap، بالا تۇغۇلغاندا مۇشۇ ئىسىملارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ قويۇشنى قارار قىلىشقانىدى.

سەلىمجاننىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئالىيە ئۇنى تۇمارە بىلەن گىرەلىشىپ تانسا ئويناۋاتقان «ئارام جاڭگال مەيخانىسى»نىڭ بۆلۈمچىسىدە تۇتۇۋالدى. سەلىمجان ئۇرۇمچىگە بېرىپ قەلبىنۇر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق سوۋغا تەقدىم قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالىيە ئۇنىڭدىن شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى نېمىگە خەجلىگەنلىكىنى سورىدى.

— ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار يىغىلىپ قاپتىكەنمىز، ئازراق سېخىيلىق قىلىپ قويدۇم شۇ، — دېدى سەلىمجان.

— ھەممىسىنىڭ خوتۇنلىرىغا بىر يۇرۇشتىن زىبۇزىنىنەت ئېلىپ بەرمىگەنسىز؟

— سىز بىلمەيسىز، ئۇلار مېنى قارامايدا ئىشلىگەندىكىن مائاشى يۇقىرى دەپ قارايدۇ، مېنى چوڭ بىلىدۇ، شۇڭا مەنمۇ ئۇلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمىسام بولمايدۇ. پۇل كەتسىمۇ

مەيلى، ئەمما يۈز كەتسە بولمايدۇ ـ دە.

— ئىشقىلىپ، سىزگە پۇل توشمايۋاتىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ مائاشىڭىزغۇ تۈگىتىپ مېنىڭكىگە قول سۇنىسىز، مېنىڭكى تۈگ-سە ئۆيدىكى چەككە ھۇجۇم قىلىسىز. ئەتە ـ ئۆگۈن بالىلىق بولساق پۇل لازىم بولمامدۇ بىزگە؟

— ۋايجان، نېمانچە قىلىپ كېتىسىز ئەمدى؟ بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسام بولىدۇغۇ!

شۇ ئىشتىن كېيىن ئالىيە سەلىمجاندىن رەسمىي گۇمانلاندى. ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى ئىككى كۈندە ساماندەك سورۇپ قايتىپ كەلگەن ئېرىنىڭ چوقۇم باشقا ئىشلىرىنىڭمۇ بارلىقىغا، باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىغا ئەمدى رەسمىي ئىشەندى. ئۇ ئېرىنىڭ خىزمەتتە بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ تۈگىشىپ كې-تىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ئارقىلىق سەلىمجاننى تونۇيدى-غان، ئەمما سەلىمجان ئۇنى تونۇمايدىغان، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ سودا قىلىۋاتقان، پات ـ پات ئولتۇرۇش ئوينايدىغان بىر چوكاننى سەلىمجاننى كۆزىتىشكە تەكلىپ قىلدى. ئالىيە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان بىر يىللىق باجنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت ئونلاردىن ئاشقان چاغ ئىدى، سەلىم-جان «ئارام جاڭگال مەيخانىسى» نىڭ ئايرىم بۆلۈمچىسىدە تۇمارە بىلەن يۆگىمەچتەك چىرمىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى. بۆلۈمچىدە ئىچىشۋازلىق، چېكىشۋازلىق قايناپ كەتكەن بولۇپ، بۆلۈمچە ئىچىنى قويۇق تاماكا تۈتۈنى بىلەن قاڭسىق ھاراق پۇرىقى قاپلاپ كەتكەنىدى. ھېلىقى چوكاننىڭ مەخپىي خەۋەر قىلىشى بىلەن تېز يېتىپ كەلگەن ئالىيە تۇيۇقسىز بۆلۈمچىدە پەيدا بولدى. ئالىلىقا-چان بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر جۈپ تەن دەرھال ئىككىگە ئايرىلدى. سەلىمجان داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئالىيە ئېرىنىڭ

قىشىغا كېلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر
كاچات سالدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوقتەك چىقىپ كەتتى.

سەلىمجاننىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاشكارىلانغاندى، ئالىيە ئۇ-
نىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە، يىلىنىشلىرىغا، ۋەدە ـ قەسەم بېرىش-
لىرىگە قۇلاق سالماي ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سەلىمجان
بولغۇسى بالىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئاجرىشىشقا قوشۇلمىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى.

«بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، سەلىمجانغا ھەم خىز-
مەتتىن، ھەم ئائىلىدىن قوشلاپ دىشۋارچىلىقلار كېلىۋاتاتتى.
ئۇ بۇ ئاچچىقنى يەنىلا ھاراقتىن، بەزىدە نەشىدىن چىقىراتتى.
ئاخشاملىرى ئۆيقۇسى كەلمىگەن چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى
بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە
ئۈرۈمچى، بېيجىڭلاردىكى ئۆگىنىش، كۇرسلار ھازىر بولاتتى،
روشەنگۈل، شەھىدەلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن مىنۇتلار خۇد-
دى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى،
ئاندىن تۇمارەنىڭ كىشىنى لال قىلىدىغان خۇلقى، ئادەمنى مەست
قىلىدىغان ئۇسۇلى بىلەن قەلبىنۇرنىڭ ئوماق چىرايى، يېقىملىق
ئاۋازى، نازاكەتلىك نازۇكەرەشمىلىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى.
ئالىيە ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئۆيگە بارغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، كۈندۈزلىرى بەزى-
دە بىكار تەلەپ ئۇلپەتداشلىرى بىلەن سورۇن تۈزۈپ ھاراق
ئىچەتتى، بەزىدە تورخانىدىن چىقماي پاراڭلىشاتتى، كىنو كۆرەت-
تى. كەچلىرى كۆزەتچىلىك قىلىش خۇشياقمىسا ئىشلارنى ئىك-
كى دەرۋازىۋەنگە تاپىلاپ قويۇپ، تۇمارەگە تېلېفون قىلاتتى ـ
دە، سورۇن تەشكىللەپ ئىچىشۋازلىق قىلاتتى. تاڭ ئاتاي دېگەندە
«غىپپىدە» قـايتىپ كـېلەتتى ـ دە، ئـاستا يـوتقىنىغا كىرىپ
يېتىۋالاتتى.

سەلىمجان دەرستىن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مائا-

شىمۇ خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى، هاراقتا، تاماكىغا، تېلېفون-
غا، تاماقتا پۇل توشمايۋاتاتتى. بولۇپمۇ، تومارەلەر بىلەن پات-
پات ئوينايدىغان ئولتۇرۇشلارغا پۇل يەتمەيۋاتاتتى. بۇرۇن ئۆزى-
نىڭ پۇلى يەتمىسە ئالىيەنىڭ پۇلىنى ياكى ئۆينىڭ پۇلىنى ئىش-
لىتەتتى. ئەمدى ئۆزىنىڭ مائاشىدىن باشقا پۇل هەل قىلىدىغان
يەر قالمىغانىدى. سەلىمجان ئەمدى پۇلغا بارغانسېرى موهتاج
بولۇۋاتاتتى. ئۇ پۇل تېپىشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇللىرىنى هېچبىر
تاپالمايۋاتاتتى. «پۇل بولسىلا هەممە ئىشنى قىلغىلى بولى-
دۇ، — دەپ ئويلايتتى سەلىمجان كېچىلىرى، — شۇڭا كونىلار
‹پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا› دەپ ئېيتقان، قەلبىنۇرغا تېلېفون
ئۇرۇۋشقىمۇ خېلى پۇل خەجلىدىم، هېلىقى ‹مۇهەببەت لىنىيە-
سى›نىڭ هەربىر مىنۇتى بىر يۈەنكەن ئەمەسمۇ؟ يېرىم سائەت
سۆزلەشسەڭ ئوتتۇز يۈەن دېگەن گەپ. ئەسلىدە ئۇ يەردىكى
قىزلار ئۆزىنىڭ يېقىملىق، نازۇكەرەشمىلىك ئاۋازى ئارقىلىق
جان باقىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئامال قىلىپ سىنى گەپكە تۇتىدى-
كەن، يېقىملىق، تاتلىق ـ شېكەر گەپلەرنى قىلىپ سىنىڭ
هېسسىياتىڭنى قوزغايدىكەن، ئىشقىلىپ، ئامال بار سەن بىلەن
ئۇزۇنراق سۆزلىشىشنى كۆزلەيدىكەن. دەسلەپتە مەنمۇ بىلمەپتى-
مەن، تېلېفوننى بوگۈن ئاچسام ئەتىسىلا توختاپ قالسا نېمە
ئىشكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ نازۇكەرەشمىلىرى يەۋال-
دىكەن ئەمەسمۇ؟ قەلبىنۇرمۇ ‹بىزنىڭ مائاشىمىزنى سۆزلىشىش
ۋاقتىمىزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا بىز نازۇ-
كەرەشمىلىرىمىز بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىمىز،
دېدىڭغۇ؟ هەي پۇل! هەي پۇل! يامان نەرسىغۇ سەن! ... مەن
ئەمدى پۇلنىڭ يولىنى قىلمىسام بولمايدۇ! ...»
ئىيۇننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. شىركەت ئىچىگە سې-
لىنغان قورۇلۇشلارمۇ ئاساسەن پۈتۈپ قالغانىدى، هاۋا بارغانسې-
رى ئىسسىپ كېتىۋاتقاچقا ئاخشاملىرى شىركەت ئىچىدىكى گۈل-

لۇكلەردە شامالدايدىغان پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. سەلىمجاننىڭ ۋەزىپىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى، چۈنكى ئۇنى نازارەت قىلىدىغانلار بەك كۆپ ئىدى. «ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان قېرىلار! — دەيتتى سەلىمجان ئىچىدە غۇدۇراپ، — قاچان قارىسا سىرتقا چىقىۋالغان بىر نەرسىنى سوۋۇتۇپ قويغاندەك. ئادەمنى ئازراقمۇ بوش قويمايدۇ ـ يا، ئويۇن تازا قىزىپ كېتەتتى بۇنداق چاغلاردا. ھەي، قاچانمۇ قىش كېلەر، شۇ چاغدا قۇشقاچتەك كامېرىدىن چىقمايدۇ بۇ ئۆلمەيدىغانلار! ...»

سەلىمجاننىڭ تەلىپى يەنە بىر قېتىم شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. «باش شىركەتنىڭ يولىيورۇقى بويىچە بىر قىسىم تېخنىك خادىملارنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نېفىتلىككە ياردەمگە ئەۋەتىدىكەن» دېگەن خەۋەر تېزلا سەلىمجاننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىككى يىل بولسىمۇ بۇ شىركەتتىن ئايرىلىپ يىراقلارغا كەتكۈسى بار ئىدى. ئۇ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئۆزى قەتئىي ياقتۇرمايدىغان مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئەسلىدە مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەكچى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پىچىقى كېسىدىغان مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىلا ئىزدىمەكچى بولدى.

سەلىمجان كىرىپ كەلگەندە مۇئاۋىن باش دىرېكتور ھەدەپ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ سەلىمجاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ كىرگەنلىكىنى سورىدى.

— ئاڭلىسام، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نېفىتلىككە ئادەم ئەۋەتىدىكەنسىلەر، شۇنى بىلىپ باقاي دەپ كىرگەنىدىم، — دېدى سەلىمجان ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل جىددىيلىك بىلەن.

— شۇنداق، بىز يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى نېفىتلىكتە ياردەم بېرىشكە بىر قىسىم خەنزۇچە ئاساسى ياخشى خادىملارنى تاللاپ ئەۋەتمەكچى، ئۇلار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاساسەن مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىدۇ.

— مېنىمۇ ئويلىشىپ باققان بولساڭلار، مېنىڭمۇ ئۇتتاك بارغۇم بار ئىدى، — دېدى سەلىمجان يېلىنغاندەك.

— بۇنى بىز شىركەتتە مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىمىز، سەن ئىشىڭنى قىلىۋەر.

مۇئاۋىن باش دىرېكتور «چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ، قولىغا گېزىتنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. سەلىمجان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىرنى ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكىگە ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىندى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەلىمجاننىڭ ئىسمى يوق ئىدى. سەلىمجاننىڭ ئىچىنى ئاچچىق قاپلىدى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مۇشتى تۈگۈلدى. «خەپ! مۇشۇ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەيسىلەر غالچىلار! ...»

كېيىن ئۇ شىركەت مەمۇرىيەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بىردىن ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ھېلىقى كىشىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلار سەلىمجاننى ئەۋەتىش - ئەۋەتمەسلىك مەسىلىسىدە خېلى تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ. بەزىلەر: «سەلىمجان ئىلگىرى ياخشى ئىشلىگەن، ئۇنىڭ ئاساسى يەنىلا ياخشى، بەلكىم ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇپ كېتەر» دېيىشسە؛ يەنە بەزىلەر: «سەلىمجان ئىنتايىن بۇزۇق ئادەم، ئۇ ئوغرى، ئوۋچى، بىيجىڭلاردا ئۆگىنىش قىلماي سويدۇك پوراپ يۈردى. ئۇنى ئەۋەتىپ قويساق بۇ يەردىكى خويىنى ئۆزگەرتمەي يۈزىمىزنى تۆكۈپ قويارمىكىن»

دېيىشىپتۇ. ئاخىرىدا مۇئاۋىن باش دىرېكتور ھېلىقى چاغدىكى دەرسنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى قەتئىي ئەۋەتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. باشقىلار مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ بۇ پىكرىگە ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ.

سەلىمجاننىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭدا ئەمدى شىركەتتىن رەسمىي ئۆچ ئېلىش نىيىتى شەكىللەندى. «خەپ، خۇمسىلار! مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتۇڭ، ئەمدى مېنىڭ ئويۇنۇمنى كۆرۈش! ...»

«خىزمەتچىلەرگە خاتىرە كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلىدىكەن» دېگەن گەپ ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن شىركەتكە دەسلەپكى قەدەمدە قىممىتى بىر مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يۈز دانە خاتىرە كومپيۇتېر ئەكېلىندى. باش دىرېكتورنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كونا كومپيۇتېرلار ئالدى بىلەن يىغىۋېلىنىپ، ئاندىن خاتىرە كومپيۇتېرنى ھەركىمنىڭ ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا قاراپ ئادىل تەقسىم قىلىش بېكىتىلدى. يۈز دانە كومپيۇتېر مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ مەلۇم بىر ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىك ئىشىكى بېكىتىلدى.

سەلىمجاننىڭ كاللىسىغا بىردىنلا بىر خىيال كىردى. ئۇ بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ چىقتى. «ئەگەر بۇ ئىش ئەپلەشمەي قالسا مەن پۈتۈنلەي تۈگىشىمەن، شۇڭا ئىز قالدۇرماسلىقىم كېرەك!» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا چوقۇم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈلپەتداشلىرىنى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. قايسىسىغا ئىشىنىش، قايسىسىغا ئىشەنمەسلىكنى دەماللىققا بىلەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىرەرمۇ سىرداش، يېقىن ئاغىنىسى

يوق ئىدى. ئۇ باشقىلار بىلەن ئانچە يېقىنلىشىپ ئۇلپەتلىشىپ كەتمەيتتى. شۇڭا قەلبىدىكى پىنھان سىرلىرىنى ئەزىز تونۇشقان قىز - چوكانلارغا ياكى ئائىلىسىگە سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى.

سەلىمجان ئىلگىرى قايسىبىر سورۇندا تونۇشۇپ قالغان جەمئىيەتتە خېلىلا نامى بار ئىككى ئۇلپەتدىشىنى ئېسىگە ئالدى ۋە بۇگۈن ئاخشام ئۇلار بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— بۇ ئىش بەك خەتەرلىككەن، — دېدى ئۆمەر چوقۇر دېگەن ئۇلپەتدىشى سەلىمجاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — ئەگەر بۇ ئىش سېزىلىپ قالسا ھەممىمىز كىرىپ كېتىمىز، بىراق پۇلى ياخشىكەن، ئەپلەپ - سەپلەپ پۇل قىلالىساق خېلى پىتلىنىپ قالغۇدەكمىز.

— ئىچىدىن مەن ماسلىشىمەن، — دېدى سەلىمجان، — سىلەر ئىشنى پۇتتۇرۇپ بولۇپ ئۇدۇل ئۇرۇمچىگە ماڭىسىلەر، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىسىلەر. ئۈچىمىز پۇلنى تەڭ بۆلۈشىمىز.

— سەن نېمىشقا بۇنداق قىلماقچى بولىسەن؟ — دېدى سەمەت چايان ئىسىملىك ئۇلپەتدىشى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ، — ئۆزۈڭگە نان بېرىۋاتقان شىركىتىڭگە نېمىشقا بۇنداق ئاسىيلىق قىلىسەن دەيمەن؟

— سەن بۇنى سورىما، — دېدى سەلىمجان، — بۇ ئىشنى زادى قىلامسىلەر - قىلمامسىلەر؟

— قىلىمىز، چوقۇم قىلىمىز! — دېدى ئۆمەر چوقۇر، — ئىچىدىن ماسلاشساڭلا بۇ ئىشنى چاندۇرماي قىلىۋېتەلەيمىز.

— مەن بىنانىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىپ قويىمەن، قالغىنىنى سىلەر قىلىسىلەر، مەن ئىككى قېرىنى ئامال قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمەن. ئىشنى پۇتتۇرۇپ بولۇپ ماڭا

ئۈچۈر يوللىۋەتسەڭلار بولىدۇ.

— بۇ ئىشقا يەنە ئىككى ئادەم تاپمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى سەمەت چايان، — چۈنكى بىناغا بىرنەچچە قېتىم كىرىپ - چىقىدىغان گەپكەن ئەمەسمۇ.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى ئۆمەر چوقۇر، — شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سېلىۋېتىدىغان بىرنەچچە شاگىرتىم بار، ئۇلارنىڭ قولى، ھەرىكىتى چاققان، ئاغزى ھىم.

— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — دېدى سەلىمجان جىددىي قىلىپ، — مېنىڭچە ئەتە كەچتىلا قول سېلىڭلار.

— بولىدۇ، بىز ئەتە كەچ سائەت ئون ئىككىدە ھەرىكەتنى باشلايمىز.

— ئاڭغىچە مەن ئىككى قېرىنى مەست قىلىپ ئۇخلىتىپ بولىمەن، — دېدى سەلىمجان.

سەلىمجان ئۇلارغا بىناغا كىرىشنىڭ پىلان - خەرىتىسىنى، نىشاننىڭ ئورنىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويدى.

ئەتىسى كۈندۈزدە سەلىمجان تېز تەسىر قىلىدىغان ئۇخلىتىش دورىسىدىن بىر قاپ سېتىۋېلىپ ئۇدۇل تورخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۈگۈن ئاخشام بولىدىغان ھەرىكەتنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئازراقمۇ جىددىيلىشىش، ئەنسىرەش ئالامىتى يوق ئىدى. «ئۇلار دېگەن داڭلىق ئوغرىلار، نەچچە قېتىم تۈرمىگە كىرىپ - چىققان بولسىمۇ يەنىلا بۇ ئىشنىڭ ئەھلى، ئۇلارغا ئىشىنىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ تورداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ.

كەچقۇرۇن سەلىمجان ئالدىن تەييارلىۋالغان ئىككى بوتۇلكا ھاراق ۋە باشقا زاكۇسكىلارنى كۆتۈرۈپ قاراۋۇللۇق ئۆيىگە كىردى. ھېلىقى ئىككىيلەن ھەدەپ قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار سەلىمجاننى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سەلىمجان ئالدىدىكى ئۈستەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گە نەرسىلەرنى تىزدى، ئاندىن بىر بوتۇلكا هاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۈچ پىيالىگە لىققىدە قۇيدى.

— بىرگە ئىشلەۋاتقىنىمىزغىمۇ خېلى ئۇزۇن بوپتۇ، تولۇكرەك پاراڭلىشىپ باقماپتىمىز، بۈگۈن ئاخشام بىردەم هال-مۇڭ بولۇشايلى، قانداق؟

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— مۇئاۋىن باش دىرېكتور هاراق ئىچمەسلىكىمىزنى ئالاھىدە جېكىلىگەن، — دېدى هاشىم ئىسمىلىك دەرۋازىۋەن، — ياخشىسى، بۇ نەرسىنى ئىچمەي مۇڭدىشايلى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى يەنە بىرى.

— هازىر سائەت سەككىزدىن ئېشىپ قالدى، هېچبولمىسا ماۋۇ بىر بوتۇلكىنى ئىچىشىپ بېرىڭلار، قانداق؟

سەلىمجان سالا ـ سۇلهى قىلىپ ئاخىرى ئۇلارنى هاراققا ئېغىز تەگكۈزۈۋالدى. بىر رومكىدىن ئۈتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار كېيىنكى رومكىلارنى ئانچە نېزىقاپ ئولتۇرمايلا ئىچىشكە باشلىدى. سەلىمجان پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. بىر بوتۇلكا هاراق ئىچىلىپ بولۇپ ئىككىنچىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلغاندا، هېلىقى هاشىم ئىسمىلىك كىشى:

— سىلى بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ئىككىمىز شىركەتنىڭ ئىچىنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كېلەيلى، — دېدى ۋە سەپدىشىنى ئاچىقىپ كەتتى.

«قاقۋاش قېرىلار، — دېدى سەلىمجان ئاچچىق كۈلۈپ، — ماقۇل تەكشۈرۈپ كېلىش، ئاندىن تاتلىق ئۇخلىتىپ قويىمەن.» ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارنىڭ پىيالىسىگە هېلىقى ئۇخلىتىش دورىسىنى سېلىپ چوكا بىلەن بىرنەچچىنى قوچۇۋەتتى.

هايال ئۆتمەي ئىككىيلەن قايتىپ كىردى.

— غەيرىي ئەهۋال يوقتۇ؟ — سورىدى سەلىمجان ئۇلار

ئۇلتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— نورمال، ناھايىتىمۇ تىنچ، — دېدى ھاشىم بوۋاي.

— ياخشى، تىنچ بولغىنى ياخشى، — دېدى سەلىمجان، — شىركىتىمىزنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق تىنچ بولۇشى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى، قېنى، خوشە!

پىيالىلەر بىر - بىرىگە يېنىك ئۇرۇلۇپ ئۈچ پىيالە سۈيۈقلۇق ئۈچ كانايدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. سەلىمجان قۇرۇقدالغان رومكىلارغا دەرھال ھاراق قۇيۇپ قويدى.

ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشاتتى، سەلىمجان بولسا ئۇلارنى گەپكە سېلىپ قويۇپ ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى كۈتەتتى. بىر چاغدا ئىككىيلەننىڭ باشلىرى ساڭگىلىدى. سەلىمجان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يۆلەپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچىنى ئىككىيلەننىڭ بەس - بەس بىلەن تارتقان خورەك ئاۋازى قاپلىدى. سەلىمجان سائىتىگە قارىدى، سائەت ئوندىن ئاشقانىدى. ئۇ بىنانىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشى كېرەك ئىدى. سەلىمجان قاراۋۇللۇق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ سىرتقا چىقتى. ھاۋا تىنچىق ئىدى. سەلىمجان ئاسمانغا قارىدى، تولۇن ئاي بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپقا ئېسەنگىرەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن شىركەت مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە ئۇدۇل بېرىپ ئارقا ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، ئاندىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن قايتىپ كېلىپ ياتاققا كىرىۋالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. «تووۋا! قورقۇۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى سەلىمجان ئىچىدە پىچىرلاپ، — بۇ ئىش ئەپلەشمەي قالارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار چاندۇرۇپ قويسا ياكى بۇ ئىشنى قىلماي ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قالسا مەن تۈگىشىمەن، ياق، ياق، ئۇلار ئۇنچىلىكمۇ قارا يۈز ئەمەستۇ، ئاھ، خۇدا! ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسام ئۇدۇل تۈرمىگە كىرىمەن، ئۇ چاغدا ماڭا دوزاخ

ئازابىنى تارتىشتىن باشقا چارە يوق، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، خۇدايىم! ...»

سائەت ئون بىر يېرىمدىن ئۆتكەندە سەلىمجاننىڭ يانفونىغا «بىز تەييارلىنىپ بولدۇق، سەنچۇ؟» دېگەن قىسقا ئۇچۇر كەلـ-دى. سەلىمجانمۇ دەرھال قارشى تەرەپكە «ھەممە ئىش جايىدا، ھەرىكەتنى باشلاڭلار!» دەپ ئۇچۇر يوللىۋەتتى.

سەلىمجانغا ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ پات - پات سائىتىگە قاراپ قويۇۋاتتى. كارىۋاتقا قىڭغايغان بولسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە تۇتام - تۇتام پۇل بىلەن مۇئاۋىن باش دىرېكتورنىڭ تاتارغان ئوسال چىرايى كۆرۈنۈپ كەتتى. «ئەگەر ۋاقتىدا سۇ قىلالىساق بۇ ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — بىر مەزگىل بەگدەك خەجلىشىمىزگە يېتىدۇ. مۇئاۋىن باش دىرېكتور دېگەن كۆتىنىڭ ساراڭ بولمىغىنىنى بىر كۆرەي!...»

سائەت ئىستىرېلكىسى ئاخىرى ئون ئىككىنى كۆرسەتتى. سەلىمجاننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. «بىر سائەت-كە قالماي ھەممە ئىشنى جۆندەپ بولىمىز، — دېگەنىدى ئۆمەر چوقۇر، — ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈرۈمچىدە سودىمىزنى باشلىۋېتىـ-مىز، سەن خاتىرجەم بول!...»

سەلىمجاننىڭ بېرىپ كۆرۈپ باققۇسى، ئۇلارنىڭ بىخەتەر-لىك ئىشكىلىرىنى ئېچىشىغا، مالنى ئۇستىلىق بىلەن ماشىنىغا بېسىشىغا دىققەت قىلىپ باققۇسى كەلدى، لېكىن قورقتى، بې-رىشقا پېتىنالمىدى. «سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىلساڭلا بولدى، قالغان ئىشنى بىز ئۆزىمىز قىلىمىز» دېگەنىدى ئۆمەر چوقۇر ئەسكەرتىپ.

— دېرىزىدىن كىرگەنلىك ھەققىدە ساختا كۆرۈنۈش ياساپ قويۇڭلار، — دەپ جېكىلىگەن سەلىمجان قايتا - قايتا تەكىت-لەپ، — بولمىسا، ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

سەلىمجان ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىپ بىر سائەتنى ناھايىتى تەستە توشقۇزدى. سائەت بىردىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە ئۇنىڭ يانفونىغا قىسقا ئۇچۇر كەلدى: «ئىش پۈتتى، كېيىن ئالاقىلىشايلى!»

سەلىمجاننىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم «جىممىدە» يېتىۋالدى، ئاندىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقتىن چىقتى ۋە مەمۇرىيەت بىناسىغا كىرىپ ئارقا ئىشىكنى تاقىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى، لېكىن قورقۇپ چىقىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى بىنادىن چىقىپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى ــ دە، ئۇدۇل ياتاققا كىرىۋالدى. ئىككى بوۋاي نۆۋەت بىلەن خورەك تارتىشماقتا ئىدى. سەلىمجان كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىردى، ئەمما ئۇنىڭ تامامەن ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇيان ئۆرۈلەتتى، بۇيان ئۆرۈلەتتى، ئەمما كاللىسىغا خىلمۇخىل خىيال كىرىۋېلىپ ئۇنى ئۇخلاتمايتتى. ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى ۋە ناھايىتى گۈزەل بىر چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە ناھايىتى جىق پۇلغا ئېرىشىپ باي بولۇپ كېتىپتۇدەكمىش، ئەتراپىدا نازاكەتلىك ساھىبجامالىلار پەرۋانە بولۇشۇپ يۈرۈپتۇدەكمىش. مۇئاۋىن باش دىرېكتور قەلەندەر سىياقىدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەدىقە تىلەۋاتقۇدەكمىش...

— ھەي، قوپۇشە! قوپۇشە!...

قوپال ۋارقىراشلار، تۈرتۈشلەر سەلىمجاننىڭ گۈزەل چۈشىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا شىركەتنىڭ قوغداش خادىمى ۋە بىرقانچەيلەن دېۋەيلەپ تۇراتتى.

— سېسىق ئۇسۇرۇپ يېتىشقۇچە بىناغا قاراشساڭ بولماسمىدى! كىم سەنلەرنى ھاراق ئىچسۇن دەپتۇ!

سەلىمجان نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن بىلمەسكە سېلىۋالدى.

— ھە، نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىغان بولۇپ.

— نېمە ئىش بولاتتى، شىركەتكە ئوغرى كىرىپتۇ، بۇرادەر! خاتىرە كومپيۇتېرنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ!

— نېمە؟!

سەلىمجان ساختا ھەيران بولۇش قىياپىتىگە كىرىۋالدى. ئىككى بوۋاي بۇلۇڭدا تىترەپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ بىرنەچچە ساقچى ياتاققا كىردى، ئارقىدىنلا مۇئاۋىن باش دىرېكتور تامدەك تاتارغىنىچە پەيدا بولدى.

ساقچىلار بىناغا چىقىپ ئەستايىدىل تەكشۈردى، گۇمانلىق ئىزلارنى ئالا قويماي ئاختۇردى، بىنانى پېچەتلەپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىناغا كىرگۈزمىدى. بۇ ئىش بىردەمدىلا مەكتەپنىڭ چىقىپ پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ كەتتى. ساقچىلار جىنايەتچىلەرنىڭ ناھايىتى ھىيلىگەر ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. چۈنكى، جىنايەتچىلەر ئازراقمۇ ئىز قالدۇرمىغانىدى. ئۇلار ياساپ قويغان ساختا كۆرۈنۈش جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى.

— مېنىڭچە، جىنايەتچىلەر دېرىزىدىن كىرمىگەن، ئەكسىچە ئىشىكتىن كىرگەن، — دېدى ئۇ تەھلىل قىلىپ، — دېرىزىدىن گەرچە سىيرىلىپ چۈشكەن ئالامەتلەرنى بايقاشقا بولسىمۇ، بۇنى ئانچە تەبىئىي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. جىنايەتچىنىڭ چوقۇم ئىچكى جەھەتتە شېرىكى بار.

ساقچىلار قاراۋۇلخانىغا كىرىپ سەلىمجان بىلەن ئىككى بوۋايدىن ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ئاخشام ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلدى. مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقى بىردە ئىككى بوۋايغا، بىردە سەلىمجانغا تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان

ئۈچ دانە پىيالىنى ئاۋايلاپ سولىياۋ خالتىغا سالدى، ئىچىلمەي قالغان يېرىم بوتولكا هاراقنى باشقا بىر ساقچى ئېلىۋالدى، ئاندىن ئۈچەيلەننى ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

ساقچىلار ئۈچەيلەننى ئايرىم - ئايرىم سوراق قىلىپ چىقتى. مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقى هېلىقى ئىككى بوۋاينى كېتىشكە بۇيرۇدى، ئەمما ئۇ سەلىمجاننى ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا مۇئاۋىن باش دىرېكتوردىن ئېلىۋالغان سەلىمجاننىڭ ئارخىپى تۇراتتى. ئۇ سەلىمجانغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئېيتە، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟

— مەن ... مەن نېمىش قىپتىمەن؟ — دېدى سەلىمجان بەزگەكتەك تىترەپ.

— ئارخىپىڭنى كۆرۈپ چىقتىم، سەن ئىلگىرى ياخشى ئىشلەپتىكەنسەن، كېيىنچە بارا - بارا دەرۋازىغا قارايدىغان هالغا چۈشۈپ قاپسەن. ئېيتە، بۇنى شىركەتتىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— ياق، مەن قىلمىدىم.

ئاڭغىچە بىر ساقچى كىرىپ مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقىنىڭ قولىغا بىر ۋاراق قەغەزنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقى قەغەزگە قاراپ چىرايىنى ئۆزگەرتمەيلا:

— قېنى ئېيتە، ئۇخلىتىش دورىسىنى نەدىن، قايسى دۇكاندىن، قاچان سېتىۋالدىڭ؟

سەلىمجان چۆچۈپ كەتتى: «بۇنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ راست، راست، پىيالىنى تەكشۈرۈپتۇ - دە! هەي، نېمىشقىمۇ يۇيۇۋەتمىگەن بولغىيتتىم! ئىسىت! ...»

— سەن شۇ تاپتا پىيالىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىگىنىڭگە پۇشايمان قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقى ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ.

سەلىمجان بۇ ئادەمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ هەرقانداق

مۇرەككەپ دېلولارنى پاش قىلىشۋېتەلەيدىغان ماھىر رازۋېدكىچى ئىدى. شۇ تاپتا سەلىمجاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ئالقىشتا ئىدى.

سەلىمجان چۇشكىچە سوراق قىلىندى، لېكىن قەتئىي ئىق-رار قىلغىلى ئۇنىمىدى. چۇشتىن كېيىن ئۇ سوراق ئۆيىگە يەنە ئەكىرىلدى. مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقى سوراقنى ئەمدىلا باشلاي دەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى.

— ياخشى، ياخشى! دەرھال يولغا چىقىڭلار، ھەممىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار!

مۇئاۋىن رازۋېدكا باشلىقى بىر خىل مەمنۇنىيەتلىك كۈلكە-سى ئىچىدە سەلىمجانغا تىكىلدى.

— ئەمدى ئېيتمىساڭ ساڭا قىلچە رەھىم قىلىپ ئولتۇرماي-مىز، ئۆمەر چوقۇر، سەمەت چايانلارنى ھازىرلا ئەكېلىدۇ، ئۇلار ئۇرۇمچىدە تۇتۇلدى. قانداق، ئېيتامسەن – ئېيتمامسەن؟!

سەلىمجان بۇ گەپنى ئاڭلاپ «لەسسىدە» بوشاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئىقرار قىلمىسىمۇ بەرىبىر ئىدى، چۇنكى بارلىق پاكىت ساقچىلارنىڭ قولىدا ئىدى.

سەلىمجان ئۆزىنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىش جەريانىنى يا-ۋاشلىق بىلەن بىرمۇبىر سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

## خاتىمە

... سەلىمجان ھەدەپ چۇش كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ چۇشىدە ئوماق ئوغلى سارتىپكىننى كۆتۈرۈپ يەسلىگە ئېلىپ ئەكېتىۋاتاتتى. ئوغلى ئۇنىڭغا چۇچۇك تىللىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتات-تى. سەلىمجان ئوغلىنىڭ مەڭزىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويىدى. ئوغلى ئۇنىڭ يۈزىنى بۇدرۇققىنە قوللىرى بىلەن سىلاپ، چىڭ قۇچاقلاپ قويىدى. چەكسىز بەخت قوينىغا چۆمۈلگەن سەلىمجان

ئۆنى مەھكەم باغرىغا باستى ...

بىرەيلەننىڭ قاتتىق يۆتەلگەن ئاۋازى ئۆنىڭ شېرىن چۈشىنى بەربات قىلىۋەتتى. كامېر ئىچى تېخىمۆ سوۋۇپ كەتكەنىدى. سەلىمجان بەدىنىگە يوتقاننى ھەرقانچە يۆگەپ باققان بولسىمۆ ھېچ ئىسساي دېمەيتتى. ئۆنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىيەنىڭ سەمىمىي قىيا-پىتى بىلەن ئوغلى سارتېكىننىڭ ئوماق چىرايى گەۋدىلەندى. بىر خىل بېسىپ بولمايدىغان ئاچچىق ھەسرەت ئۆنىڭ مېڭىسىگە جىددىي بېسىپ كىردى. ئىختىيارسىز ئۆنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى. كېچىكمەي تامغان بۆ ياش پۆشايمان يېشى، سېغىنىش يېشى ئىدى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

# ئاچا يول

## ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

خېلى بىر مەزگىللىك دىلغۇللۇقتىن كېيىن ئاخىر سەپەرگە ئاتلىنىش نىيىتىگە كەلدىم. قەيەرگە بېرىش، نېمىلەرنى قىلىش توغرۇلۇق كۆڭلۈمدە ئېنىق بىر نىشان ۋە پىلان بولمىسىمۇ، مۇشۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئىچىدە بىر خىللا ئۆتۈۋاتقان مەنىسىز تۇرمۇش رىتىمىدىن زېرىككەنىدىم. شۇڭلاشقىمۇ، مەيلى نەگىلا بولمىسۇن، سەپەرگە چىقىپ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىش، كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالغىلى خېلى زامانلار بولغانىدى. مانا بۈگۈن تەۋەككۈل قامچامغا تۇتۇپ، قەلبىمنى ئۈمىد - ئىشەنچكە تولدۇرۇپ غايىبانە بىر نىشاننى كۆزلەپ سەپەرگە ئاتلاندىم.

سەپىرىم باشلىنىشىدىلا كۆڭلۈمدە ئۆزگىرىش بىلىنىشكە باشلىدى. تەبىئەتنىڭ رەڭگارەڭ بېزەلگەن ئېكىنزارلىقلىرىدىن كېلىۋاتقان نەمخۇش ساپ ھاۋادىن كۆڭلۈمدىكى غەشلىك تۇمانلىرى ئاستا - ئاستا تارقاپ، ئۆزۈمنى بارغانسېرى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. گۈزەللىك مۇجەسسەملەنگەن كەڭرى تەبىئەتنىڭ باغرىدا ئەركىن قۇشتەك پەرۋاز قىلىۋېتىپ «جاھاننىڭ چوڭلۇقى مۇشۇنچىلىك» دەپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن پاقىدەك ئۆتكۈزگەن ئىللىگىرىكى مەنىسىز كۈنلىرىمگە ئېچىندىم.

سەيلە - ساياھەتچىدەك بەخىرامان ئۆتكۈزگەن بىر مەزگىللىك خۇشال كۈنلەردىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا بىر خىل لىنىيىدە راۋان كېتىۋاتقان داغدام يول چىمەنلەر بىلەن يېپىنغان يانتۇلۇققا

كەلگەندە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىككى يولنىڭ قايسىسىغا مېڭىشنى بىلەلمەي ئاچالدا بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. كۆزىتىشىمچە، ئاچالدا ئايرىلغان ھەر ئىككى يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئەمما، ھېسسىياتنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەپەككۇر بىلەن يوللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆز يەتكۈسىز مەنزىلىگە دىققەت قىلغاندا، يانتۇلۇق باغرىدىن تەكشىلىككە قايرىلغان ئوڭ تەرەپتىكى يول ئادەمنى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان رەڭگارەڭ شەھەر مۇھىتىغا باشلاپ بارىدىغاندەك نەغمە - ناۋا، ئەيش - ئىشرەت، ھەشەمەت قايىنىمىغا چۆمگەن شەھەر مۇھىتىدىكى قىز - چوكان، قېرى - ياش، مىللەت تەركىبى ئايرىلىشىپ كەتكەن ھەر خىل تەبىقىدىكىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ، شاۋقۇن - سۈرەنلىرى... «بۇ ياققا كەل! سەن كۆزلىگەن، ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي بەخت، غايىبانە جەننەت مانا بۇ ياقتا!» دەپ چاقىرىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەتتى. ئەكسىچە، يانتۇلۇقتىن بارغانسېرى ئېگىزلەپ دۆڭلۈكلەر قوينىغا يىلان باغرى كىرىپ كېتىدىغان سول تەرەپتىكى يولنىڭ باشلىنىشى مەنزىرىسىز، كۆڭۈلنى ئۆزىگە رام قىلغۇدەك بىرەر ئارتۇقچىلىقى يوق بولۇپ، ئادەمنى تاغ - جىلغىلار ئارىسىغا ئاپىرىپ تاشلايدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. رىۋايەت - چۆچەكلەردىكى «بارسا كېلەر»، «بارسا كەلمەس» ئىككى يول ئاچىلىغا كېلىپ قالغاندەك قايسىسىغا مېڭىشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغىنىمدىن كېيىن، قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ئوڭ تەرەپتىكى «بارسا كېلەر يول»غا راۋان بولدى.

قانچىلىك ماڭغىنىم ئېسىمدە يوق. ئەمما، ماڭغانسېرى يول راۋان، كۆڭۈللۈك بىلىنىشكە باشلىدى. ئىككى تەرىپىدە رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى مەي باغلاپ، يوپۇرماقلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كەڭ ئاسفالت يولدا دىمىغىمدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ

ئاۋات بىر شەھەرگە كېلىپ قالغىنىمنى تۇيمايلا قالدىم. قەۋەت-
لىك بىنالىرى كۆككە تاقاشقان، كوچىلىرىمۇ، ئادەملىرىمۇ رەڭ-
دار بۇ شەھەر مەنزىرىسى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاچقا، بۇ
شەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ بېقىشنى نىيەت قىلىپ، شەھەرنىڭ
مەركىزىگە جايلاشقان ئون نەچچە قەۋەتلىك مېھمانساراينىڭ ئەڭ
ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ بىر ياتاقتا ئورۇنلىشى-
ۋالدىم. سەپەر هاردۇقى يەتكەچكە ئىشىك ئىلغۇچىنى ئىچىدىن
چىڭ تاقاپ كىر باسقان كىيىملىرىمنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ،
تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، ۋاننىغا توشقۇچە ئىلمان سۇ قاچىلاپ
ئۆزۈمنى سۇغا چىلاپ راھەتلىنىپ يېتىپ كەتتىم. خۇش پۇراق
چىقىپ تۇرىدىغان سوپۇن ماغزاپلىرى بارغانسېرى كۆپۈپ ئۆزۈمە-
نى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈۋاتقاندەك يەڭگىل ھېس قىلىشقا باشلى-
دىم ۋە بىردىنلا غەرب ئەللىرىنىڭ كىنولىرىدىكى بەگزادىلەرنىڭ
تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرۇپ،
پۇلنىڭ كۈچىنىڭ ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى، پۇلۇڭ
بولسىلا شەرقلىق - غەربلىك دېمەي تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن
ئوخشاش ھوزۇرلانغىلى بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلى-
دىم. مېنىڭ راستىنلا پۇلۇم بار ئىدى، بۇ قانداقتۇر باشقىلارنى
قاقتى- سوقتى قىلىپ ئۇندۇرۇۋالغانمۇ، ئۆزۈم تەر تۆكۈپ ئىش-
لەپ تاپقانمۇ ئەمەس، بەلكى باي دادامدىن مىراس قالغان پۇللار
ئىدى. دادام تېگىدىن سودىگەر ئائىلىدىن بولۇپ تۇنجى قېتىملىق
ھەج سەپىرىدىن كېيىنلا سودىغا كىرىشىپ كەتكەن، كېيىنكى
ئۆمرىنى دىگۇدەك مەككە - مەدىنە، دۇبەي، تۈركىيە، پاكىس-
تان، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈپ،
سودا- سېتىق بىلەن بېيىپ كەتكەنىدى. ئالدىنقى يىلى ھەج
پائالىيەتلىرى ئاخىرلىشىپ سودا - سېتىق ئىشلىرى سەل پەس-
كويغا چۈشكەندە، يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئورۇن
تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ناھىيە - شەھەر، ھەتتا ئۆلكە مەركىزىدى-

كى داڭلىق دوختۇرلار، ئۇستا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ باققان بولساقمۇ مۇقىم بىر كېسەلگە دىئاگنوز قويالمىدى. ئورۇن تۇ-تۇپ يېتىپ قالغاندا داۋاملاشقان كالتە يۆتىلگە ئامال قىلالماي بىر ئايدىن كېيىن نېمىلەرگىدۇر قىيمىغان ھالدا كۆزى ئوچۇق ھالەتتە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. نەچچە ئون يىل جاھان كېزىپ مىڭ بىر جاپالاردا توپلىغان بايلىقلىرى، باغلام - باغلام پۇللىرى ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. دادامنىڭ زادى قانچىلىك مال - دۇنياسى بارلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما يەتتە پەرزەنتى قاتارىدا ماڭا تېگىشلىك بولغان مىراسىغا قاراپ چوڭ بايلار قاتارى-دىن ئورۇن ئېلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دادام رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتتى. مىراس تەگكەن پۇللارنى خەجلىمىسەم بولمايتتى. مەنمۇ دادامغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر پۇل يىغىپ، مال - دۇنيا تۇپلاپ ئاخىردا مېغىزىنى چېقمىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي كۆزۈم ئوچۇق كېتىپ قېلىشنى خالىمايتتىم. ھېچبولمىغاندا، بۇ پۇللارنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ خەجلەپ، ئاۋۋال جاھان كېزىپ، دىل ھۇ-زۇرلىنىدىغانلىكى نەرسىلەردىن بەھرە ئېلىپ بولۇپ ئاندىن ئۆي-لۈك - ئوچاقلىق بولسامۇ، قالغان پۇللىرىم بىلەن كېيىنكى ماڭا نامەلۇم ئۆمرۈمنى يامان ئەمەس ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيتتىم. شۇ ئىدراكنىڭ تۈرتكۈسىدە پۇللىرىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى بانكىغا قويۇپ، پۇل چېكىنى ئانامغا ساقلاشقا بېرىپ، ئانام ۋە ئاكا - ھەدىلىرىم، مەھەللە- كوي، قېرىنداشلىرىمنىڭ توسۇشىغا پەرۋا قىلماي بۇ نىشانسىز سەپەرگە ئاتلانغانىدىم. ۋاننىنىڭ قول يەتكى-لى بولىدىغان چاقچۇق تېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ماغزاپ يۇقى قولۇم بىلەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدىم. قارشى تەرەپتىن زىل نازۇك ئاھاڭدا بىرى سالام يوللىدى:

— ۋەي، ياخشىمۇسىز؟

— شۇكرى، ياخشى تۇرۇۋاتىمەنغۇ، ئۆزىڭىز؟

— مېھمانخانا ئۈنۈۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى، سىزگە مۇلازىمەت كېرەكمۇ، يوق؟ سوراپ باقاي دېگەنتىم.

— قايسى تۈردىكى مۇلازىمەتلەرنى دەيسىز؟ — سورىدىم گەپ تېپىش مەقسىتىدە.

— سىز نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسىڭىز ھەممىسى دېگۈدەك بار.

— مەسىلەنگە ئېيتسىپ بېقىڭا قېنى بىر قانچە تۈرىنى، ئاندىن كېيىن بىر نېمە دەي.

— تاماقتا، ياتاقتا، تانسىدا ھەمراھ بولۇش، بەدەن ئۇۋۇلاش... يەنە باشقا ئالاھىدە تەلەپلىرىڭىزنى قاندۇرۇشقا دائىر ھەممە مۇلازىمەتلەر تولۇق، قايسى تۈرىنى خالايسىز كىن؟

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىرپەس تۇرۇپ قالدىم. «تېخى بۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىسىدىن كۆزۈمنى ھۇزۇرلاتماي تۇرۇپ بەددىنىمنى ھۇزۇرلاندۇرسام بولماس» دېگەن خىيال بىلەن قارشى تەرەپكە ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ جاۋاب قايتۇردۇم.

— ھازىرچە باشقا مۇلازىمەتلەر كېرەك ئەمەس، چۈنكى ياتاقتا ھازىرلا ئورۇنلاشتىم. شەھەر ئايلانمىسام بولمايدۇ. كەچتە بىر گەپ بولسۇن — ھە!

— ئۇمۇ بولىدۇ. سىزنىڭ بۇ ئاۋات شەھەرگە تۇنجى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن سىزگە بىر يول باشلىغۇچى ھەمراھ قىلىپ بېرەيلى. خاتىرجەم بولۇڭ، تۇنجى قېتىملىق بۇ مۇلازىمەت سىزگە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھەقسىز بولىدۇ.

«پاھ، — دېدىم ئىچىمدە، — ئەجەب يامان خەقكىنا بۇ، بۇ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ مەيلىلا، پۇل ئالمىغاندىكىن يول باشلىسا باشلىمىسۇنما. ھېلىمۇ قەيەرگە بېرىپ، قەيەرنى ئايلىنىشنى بىلەلمەي تۇراتتىم.»

— ئۇنداقتا كۆپ رەھمەت سىزگە.

— قاچانلاردا شەھەر سەيلىسىگە چىقىسىز؟

— يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن.

— بولىدۇ. دەل يېرىم سائەتتىن كېيىن خانىڭىز ئىشىكى ئالدىدا يول باشلىغۇچى ھازىر بولىدۇ.

قارشى تەرەپ ماقۇللۇقىمنىمۇ كۈتمەستىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتتى.

تۇنجى مەنزىلگاھىمنىڭ باشلىنىشىدىلا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلاردىن ھەيران قالدىم. يۇرتۇمدىكى ناھىيە بازارلىرىدا كەچ قېلىپ قونۇپ قالىدىغان ئىشلارغۇ بولۇپ تۇراتتى. ئۇ يەردىكى مۇلازىملارنىڭ مۇز قاپاقلىقى، مېھمانخانا مۇھىتى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ ناچارلىقى، ھەتتا قايناق سۇنىمۇ سۇخاندىن پۇل تۆلەپ ئەكىرىدىغانلىقىمىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىمدە يەنە قانداق نامەلۇم قىسمەتلەرنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم. چۈنكى، ئىنسان سائەت ـ مىنۇت كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس ـ دە.

ۋاننىدىكى ماغزاپ سۇيىنى ئاقتۇرۇۋېتىپ، ئىسسىق سۇدا چايقىلىپ، ساقاللىرىمنى قىرىپ چىققىنىمدىن كېيىن ئۆزۈمنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر ھاردۇقۇممۇ قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندى. كىرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىمنى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى تارتمىسىغا تاشلاپ، سەپەر سومكامدىكى بىر قۇر زاپاس كىيىمىمنى كىيىپ، چاچلىرىمنى قۇرۇتۇپ ياسىنىپ تارانغۇچە يېرىم سائەتمۇ توشۇپ قالدى. سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا پۈتۈنلەپ ئاياللارنىڭ ئۇزۇن پايپىقىغا رەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان پۇللىرىمنى ئېھتىيات ئۈچۈن ئىچ مايكامنىڭ ئىچىدىن بېلىمگە مەھكەم باغلىۋالدىم. مۇلازىمنىڭ تېلېفوندىكى گەپلىرىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ

«مۇشۇككۆز» دىن سىرتنى كۆزەتتىم. رەڭدار پالاسقا دەسسەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر قىزنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى، «راست ئىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. قىسقا ۋاقىتلىق دىلىغۇللۇقتىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتىم. «مۇشۇككۆز» دىن گۇڭگىراق كۆرۈنگەن گەۋدە مانا ئالدىمدا تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. يىگىرمە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى سېرىقتا مايىل چاچلىرىنى قىرقىپ مۇرىسى بىلەن تەڭ قىلىۋالغان زىلۋا بوي، ئاقپىشماق كەلگەن بىر قىز مېنىڭ ئىجازىتىمنى كۈتۈپ ياتاققا كىرىشنى ياكى مېنى باشلاپ مېڭىشنى بىلەلمەي قاراپ تۇراتتى.

— ماڭامدۇق؟ — دېدىم مەن قىزغا قاراپ.

— ماقۇل.

ئىشىكنى تاقاپ گۈللۈك پاياندار سېلىنغان ئۇزۇن كارىدوردىن ئۇ قىزغا ئەگىشىپ لىفتقا چىقتىم. لىفتتا باشقا ئادەم يوق. قىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. گەپ قىلىشقا تەمشەلدىم-يۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. مېھمانخانىنىڭ ئازادە، كۆركەم زالىدىن ئۆتۈپ ئىشىك ئالدىغا چىققىنىمىزدا كۈن غەربكە قىيسايغان بولۇپ، كوچىلاردا توختىماي ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار بىلەن پىيادىلەر يولىدا ئۇيان ـ بۇيان كېتىۋاتقان رەڭدار كىشىلەر توپى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. قىزچاققا قارىدىم. ئۇ ماڭا «قاياققا باشلايمەن؟» دېگەن تەرزدە تىكىلىپ تۇراتتى. قاياققا بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. مەقسىتىم شەھەر كۆرۈش بولغاچ، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، شەھەرنىڭ ئەڭ قايناق يېرىگە باشلاپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. قىز رازىمەنلىك بىلەن «يۈرۈڭ ئەمىسە!» دېگىنىچە سولغا قايرىلىپ ئالدىمدا يول باشلاپ ماڭدى. كۆككە تاقاشقان سودا بىنالىرى، بانكىلار، مېھمانسارايلار، كۆرۈنۈشى ھەيۋەت خىزمەت بىنالىرى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئارچا، يەنە قانداقتۇر چوڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر بىلەن ئورالغان پىيادىلەر يولىدا قىزغا ئەگىشىپ كېتىۋ-



www.uyghurkitap.com

ۋاتىمەن. كۆزلىرىم بىردەم مۇئەللەقتىكى بىنالارنىڭ ئۈستىگە، بىردەم يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكانلار ئالدىدىكى مىڭ ـ مىڭ ئادەملەر توپىغا قاراپ تېلىپ كەتتى.

«نېمانداق جىق ئادەملەر، — دەيتتىم ئىچىمدە، — يېزىلىرىمىزدا ئايدا ـ يىلدا ئېچىلىدىغان چوڭ يىغىنلاردا، ھېيت ـ بايرام، مەشرەپلەردە ۋە ھەر شەنبە كۈنى قىزىيدىغان، كوچىلىرىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان كالتە بازىرىمىزدىمۇ بۇنچىلىك كۆپ ئادەم يوق ئىدى. ھېلىمۇ شۇ ئادەملەرگە ئاش-نان، كىيىم ـ كېچەك يېتىشىدىكەن.»

ھەمراھىم مېنى ئېزىپ كەتمىسۇن دەمدۇ، پات ـ پات كەينىگە قايرىلىپ ئىللىق كۈلۈپ قوياتتى. تۆت كوچا دوقمۇشلىرىغا، چوڭ يوللاردىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە مېنى قولتۇقلىۋالاتتى. بىرەر قىز بىلەن رەستىلەردە قولتۇقلىشىپ مېڭىپ باقمىغاچقا، باشتا يۈزلىرىم خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. كېيىنچە بۇ شەھەردە تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ ئانچە قورۇنۇپمۇ كەتمەيدىغان بولدۇم. ئەتراپتىكىلەرگە نەزىرىمنى ئاغدۇرۇپ باقتىم. بۇ شەھەردە قىز ـ ئوغۇل، ئەر ـ ئايال قولتۇقلىشىپ مېڭىش ئادەتمۇ نېمە، بىلمىدىم. ئاساسەن ئاياللار بىلەن بىرگە مېڭىشقان ئەر جىنستىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولتۇقلىرى بىكار ئەمەس ئىدى. سالاپەتلىك، ياشتا چوڭراق كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىندىكلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ئالىيېشىل رەختتە كىيىنىۋالغان، چاچلىرىنى مەجنۇنلاردەك قويۇۋېتىپ قىز ـ ئوغۇللۇقىنى قاراپلا بىلىش تەسكە توختايدىغان يىگىتلەرنىڭ قولتۇقلىشىپلا ئەمەس، قوللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى سىلاپ بىكار تۇرمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئېغىز گارمونى چېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ ناگان ـ ناگاندا ئۇچراتقىلى بولاتتى. كۈپكۈندۈزدە بۇنداق يۈرۈشسە كەچلىكى نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يې-

تەلمەيتتىم. شاۋقۇن ـ سۈرەن قاپلىغان شەھەر كوچىسىدا بىر ئاش پىشىمچە يول يۈرگەندىن كېيىن قىزچاق قەسىنى تونۇتتا-تىپ:

— بۇ يەر بولامدۇ؟ — دېدى بېشى بىلەن ئالدى تەرەپنى ئىما قىلىپ. قىز ئىما قىلغان تەرەپكە نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. بايامدىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقان سەرەڭگە قېپىنى تىزىپ قويۇ-ۋغاندەكلا ھېسسىيات بېرىدىغان بىنالاردىن ئۆزگىچە ئۇيغۇرلار-نىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنى زامانىۋىلىققا بىرلەشتۈرۈپ سېلىنغان كۆركەم بىنالار ئارىسىغا جايلاشقان بىر قايناق بازار كۆز ئالدىمدا تۇراتتى.

— مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان يەر دەل مۇشۇ، — دېدىم قىزغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن.

ئەمدى ئانچە ياتسىراپ كەتمىگەچكە قىزغا ياندىشىپ كوچى-لارنى بىر ـ بىرلەپ ئايلىنىشقا باشلىدىم. ھەممە يۇرتنىڭ ئالا-ھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئېچىلغان بۇ بازارنىڭ ھەربىر كوچى-سى ئۆزگە لايىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، زىبۇزىننەت، ئاسارئەتىقە، كونا ـ يېڭى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى مول ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، غەرب ـ شەرق ئەللىرىنىڭ، ئەرەب ـ تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن تاۋارلىرىمۇ مەخسۇس دۇ-كانلاردىن ئورۇن ئالغانىدى.

ھەيرانلىق، قىزىقىش ھېسسىياتى ئىچىدە مېڭىۋېرىپ كو-چىنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىپ قالدۇق.

— تۇگىدىما؟ — دېدىم قىزغا قاراپ ھاياجان بىلەن.

— ياقەي، باياتىن ئايلانغىنىڭىز سودا شەھەرچىسىنىڭ بىر قىسمى. ھەممىنى ئايلىنىمەن دېسىڭىز تاڭ ئېتىپ كېتەرمى-كىن، — دېدى قىز سائىتىگە قاراۋېتىپ.

بۇ چاغدا قۇياش ئۆزىنى يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقان ئېگىز ـ



www.uyghurkitap.com

پەس تاغ ئارقىسىغا يوشۇرغان بولۇپ، ئەتراپنى گۆگۈم پەردىسى قاپلىغانىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى زىننەت چىراغلىرى يورۇتۇلۇپ بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ يەنە بىر هايات بېتىنى ۋاراقلاشقا باشلىغانىدى.

— يەنە ئايلىنامسىز ياكى قايتامدۇق؟ — سورىدى قىز.

— غىزالىنىۋالايلىمىكى، — دېدىم مەن چۈشتىن بۇرۇن بۇ شەھەرگە قەدەم بېسىپلا كوچا بويىدىكى سامسىخانىدا بىرقانچە سامسا يەۋالغاندىن باشقا ھېچ نەرسە يېمىگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئېلىپ.

— ئۇمۇ مەيلىكىز، — دېدى قىز سائىتىگە يەنە بىر قارىۋې-تىپ، — بىراق سائەت سەككىزدىن بۇرۇن مېھمانخانىغا قايتىپ كەتمىسەك بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — دېدىم مەن ئەجەبلىنىپ.

— مېنىڭ سىزگە يولباشچى بولۇش ۋاقتىم سائەت سەككىز-گىچە. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مەن بىلەن بىرگە قايتىشىڭىز كې-رەك، چۈنكى مېنىڭ مۇلازىمىتىمنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ. مەيلى ئەمىسە، — دېدىم بىر ئاز ھەيرانلىق بىلەن، — يەنە قانچىلىك ۋاقىت بار ئىكەن؟

— بىر سائەتتىن سەل ئارتۇقراق.

— ئۇنداقتا ياخشىراق بىر ئاشخانىغا باشلاڭ.

— يۈرۈڭ، — دېدى قىز، — يېقىن ئەتراپتىلا بىر تېز تاماقخانا بار، مۇھىتىمۇ ياخشى، تائاملىرىمۇ مەززىلىك، شۇ يەرگە بارايلى.

بىردەمدىلا ئالدىنى تەشتەكلەردىكى ئەنجۈر ۋە ھەر خىل گۈللەر ئوراپ تۇرغان تېز تاماقخانىغا يېتىپ كەلدۇق. خوتەن ئەتلىسىدە ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە جىلىتكە كىيگەن، بېشىغا مارجان-لىق گۈللۈك دوپپا كىيىشكەن ئوخشاش بويدىكى ئۆرۈمە چاچ

مۇلازىم قىزلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئازادە تاماقخانىنىڭ كو-
چىغا قاراپ تۇرىدىغان چوڭ ئەينەكلىك دېرىزىسى ئاستىدىكى ئىك-
كى كىشىلىك تاماق شىرەسىگە كېلىپ قىز بىلەن روبىرو ئولتۇ-
رۇشتۇق. مۇلازىم قىز پەتنۇستا ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ كې-
لىپ ئالدىمىزغا قويغاندىن كېيىن نېمە تاماق يەيدىغانلىقىمىزنى
سوراپ دەپتىرىنى تۇتۇپ تۇردى.

— نېمە تاماققا كۆڭلىڭىز تارتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم قىز-
دىن.

— مەن چاي ئىچسەملا بولدى، ئۆزىڭىزگە بۇيرۇتۇۋېرىڭ، تاماقنى مېھمانخانىغا قايتىپ يەيمەن، — دېدى قىز پەرۋاسىزلا.

— شۇنداقتىمۇ ئازراق غىزالىنىۋېلىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — مېنى دەپ چارچاپ كەتتىڭىز.

— ئۇنداقتا بىر ئىستاكان ماروژنى يەي.

خېلى زورلاپ باقساممۇ ئۇ تاماق يېيىشكە ئۇنىمىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئىككى ئىستاكان ماروژنى بىلەن ئىشتىھايىمغا لايىق تاماقنى بۇيرۇتتۇم. ماروژنىنى ھايالسىزلا كەلتۈرۈشتى. تىرناق-
چىلىق قوشۇقتا ماروژنىنى ئاغزىمغا سېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا سەپسال-
دىم. بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان قىزچاق پەرۋاسىزلا ئالدىرىماي ماروژنى يەۋاتاتتى.

— ھە، راست! ئەتىگەندىن بېرى بىرگە يۈرۈپ ئىسمىڭىز-
نىمۇ سورىماپتىمەن، — دېدىم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— بۇ شەھەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇرماقچىسىز؟ — دېدى قىز ماڭا قاراپ سوئالىمغا مۇناسىۋەتسىز سوئال بىلەن.

— ھازىرچە كۆڭلۈمدە ئېنىق سان يوق، بىرقانچە كۈن، بەلكىم ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن، ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ئەتىلا قايتىدىغان يولۇچى بولسىڭىز ئىسمىمنى بىلىشى-
ڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئېيتىپ بەرسەممۇ بەربىر ئۇنتۇپ كېتى-
سىز.

— ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالسامچۇ، مەسىلەن، ئىككى - ئۈچ ئاي دېگەندەك.

— ئۇنداقتا ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قالسا، مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

بۇيرۇتقان تاماقنىڭ كەلتۈرۈلۈشى بىلەن پارىڭىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. تاماق يەۋېتىپ باشقىلارغا، بولۇپمۇ قىزلارغا گەپ قىلىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلگەچكە ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلماي تاماقنى يەۋەردىم. تېز تاماقخانىدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقتۇق. رەڭگارەڭ چىراغ نۇرىغا چۆمگەن شەھەرنىڭ سالقىن ئاخشىمى يەنىلا كۈندۈزدىكىدەك قايناق ئىدى. ئادەملەر توپى شالاڭلىشىپ ئەمەس، بەلكى مىغ - مىغ كۆرۈنەتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان رەڭگارەڭ ۋىۋىسكىلار ئاستىدىكى ئاشخانا، رېستوران، قەھۋەخانا، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى، چىراغلىرى «لاپ - لاپ» ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرىدىغان گۆڭگا ۋىۋىسكىلار ئاستىدىكى ساتىراشخانا، دېسكوخانا، ئۇۋۇلاشخانا ... يەنە قانداقتۇر خانىلارغا كىرىپ چىقىشىۋاتقانلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى، نازۇكەرەشمىلىرى بىلەن شۇ خانىلارنىڭ ئالدىدا خېرىدارلارنى جەلپ قىلىۋاتقان كۆتكۈچى خانىم - قىزلارنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرى، يىراق - يېقىندىن بەس - بەستە قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىسى، تېكىستى، ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ كىملىكىنىمۇ پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولغان قۇلاقنى يارغۇدەك ياڭراتقۇلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئادەمنى كېچە بولماس شەھەرگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇراتتى.

ۋاقىتنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن كېچىلىك شەھەر مەنزىرىگە قانمىغان ھالدا تاكسىغا ئولتۇرۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق.

— خوش، ئامان بولۇڭ، — دېدى قىز مېھمانخانا زالىغا كىرگەندىن كېيىن ئىللىق تەبەسسۇمدا، — ئۇزۇنراق تۇرۇپ

قىلىپ ھاجىتىڭىز چۈشسە، مېنى ئىزدەڭ!
— كىملىكىڭىزنىمۇ دەپ بەرمىگەن تۇرسىڭىز، قانداق ئىز-
دەيمەن، — دېدىم ئايرىلىشقا قىيماسلىق ھېسسىياتى ئىچىدە.
— ئىسمىم ئايچىۋەر، — دېدى ئۇ بويىنىغا ئارتىلدۇرۇپ
ئېسىۋالغان چاققانغىنە سومكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر ئىسىم
كارتىسىنى ئېلىپ ماڭا سۇنۇۋېتىپ، — بۇنىڭدا كىچىك زىرد-
كىمىنىڭ نومۇرى بار.
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن يالغۇز ياتاققا چىققۇم
كەلمىدى. مېھمانخانا ئالدىغا چىقىپ بىرمەھەل مەقسەتسىزلا ئاي-
لىنىپ چىقتىم. تەرىتىم قىستاپ قالغاچقا ئامالسىز ياتاققا چىق-
تىم. تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ قاناللارنى يۆتكەپ باقتىم.
بىزنىڭ يۇرتلاردا چىقمايدىغان ھەر خىل تىلدىكى قاناللارمۇ مېنى
ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. كۆڭلۈم نىمىدۇر بىر نەرسىنى خالاپ
قالغانىدى، نىمىلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەيتتىم. ئىككى ياستۇقنى
قوشلاپ قويۇپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ كۆزۈمنى يۇمۇپ نىمىگە
تەشنا بولۇۋاتقانلىقىمنى خىيال قىلىپ باقتىم. كۆز ئالدىمدا
قايناق بازار مۇھىتى بىلەن ئايچىۋەردىن ئىبارەت ئوخشىمىغان
ئىككى سىيما نامايان بولاتتى. بولۇپمۇ ئايچىۋەرنىڭ مۇلايىم تە-
بەسسۇم قىلىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. تۇ-
رۇپلا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىشنى، ۋاقتى بولسا مېھمانخانىنىڭ
كۆڭۈل ئېچىش زالىدا قەھۋە ئىچكەچ مۇڭدىشىپ بېقىشنى خالاپ
قالدىم. بىرقانچە قېتىم ئۇرغان تېلېفونۇمغا باشتا «سىز ئۇرغان
بۇ تېلېفون مۇلازىمەت رايونىدا ئەمەس، سەل تۇرۇپ قايتا ئۇ-
رۇڭ»، كېيىن «كەچۈرۈڭ! سىز ئۇرغان تېلېفون تاقاقلىق»
دېگەن جاۋابلارنى بەردى. بىرقانچە قېتىم ياتاقنىڭ تېلېفونى جى-
رىڭلىدى. «ئايچىۋەرمىكىن؟» دەپ ئىتتىكلا ئالاتتىم، تېلېفون-
دىن باشقا تىلدا «سىزگە ھەمراھ كېرەكمۇ؟»، «سىزگە
كىچىلىك مۇلازىمەت كېرەكمۇ؟» دېگەندەك سوئاللار كېلەتتى.

«ياق، لازىم ئەمەس» دەپ قويۇۋەتتىم تۇرۇپكىنى.

ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھاردۇق يەتكەچكىمۇ خىيال بىلەن يېشىنمەيلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئەتىگىنى ئويغىنىپ ئەينەككە قارىسام قاپاقلىرىم ئىششىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن چۈش كۆرگەنلىكىم، تاغدا - باغدا، شەھەردە يەنە قانداقتۇر يەردە ئايچىۋەر بىلەن قولتۇقلىشىپلا يۈرگىنىم خىرە - شىرە ئېسىمدە. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى ئايچىۋەرنى سېغىنىپ تۇراتتى.

بۇ شەھەردە تۇرۇپ قالغىنىمغا ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. شۇ تۈنجى كۈندىن باشلاپ مېھمانخانا يولباشلىغۇچىمۇ قوشۇپ بەرمىدى. ئايچىۋەرنىمۇ كۆرمىدىم. كۆڭلۈم خالىغان يەرلەرنى ئايلاندىم. ئىشتىھايىم تارتقان تائاملاردىن غىزالاندىم. ئەمدى بۇ شەھەر ماڭا ناتونۇش بىلىنمەيدىغان بولۇپ كەتتى. كوچىلارنىڭ نامىنى، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىنىڭ توختاش - قوزغىلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ دېگۈدەك بىلىپ كەتتىم. كۈنلىرىم بازار چۆرگىلەش، باغچە - سەيلىگاھلارنى سەيلى قىلىش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى.

بىر كۈنى كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغان مەزگىلغۇ دەيمەن، مەقسەتسىز ھالدا كوچىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان پىيادىلەر يولىدا يايما ئېچىۋالغانلارنىڭ قىزىقارلىق خېرىدار چاقىرىشلىرى، بىراق ماللىرىنى توختىماي ماختاشلىرى ۋە بىرنەچچە موچەننىمۇ تالىشىپ سودا قىلىشلىرىغا قىزىقىپ كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىرەيلەن شاپىلاق بىلەن مۈرەمگە ئۇردى. چۆچۈگىنىمدىن بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىدىم. يۈزلىرىنى ساقال باسقان، چاچلىرىمۇ رەتسىز، ئادەتتىكىچە كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىرى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەركىنغۇ سەن؟ قاچانلاردا كېلىپ قالدىڭ بۇ شەھەرگە؟ — دېدى ئۇ بىزنىڭ يۇرتنىڭ تەلەپپۇزىدا.

دەماللىققا ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلالمىدىم. «ئىسمىم-

نى بىلگىنىگە قارىغاندا مېنى تونۇيدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ
ئويلىدىم ئىچىمدە.
— تونۇيالمىدىڭغۇ دەيمەن - ھە؟ — دېدى ئۇ ھەيۋىتىپ
تۇرۇپ، — مەن ئابلىز، بازارغا يېقىن زاكو بېشىدىكى ئالىم
ياغاچچىنىڭ ئوغلى.
— ھە، ئابلىزكام جودامۇسەن؟ — لەقمىنىمنى قوشۇپ
ئاتىۋەتكىنىمگە خىجىل بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم.
— ھە، شۇ، شۇ، ئېسىڭدە باركەنمەن - ھە؟ — دېدى
ئۇ پەرۋاسىزلا.
«بولماملىكى؟» دېدىم ئىچىمدە. يېزىمىزدا «ئابلىز جودا»
دېسە تونۇمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. يېزا بازىرى ئىچىدە
بىر توپ بىكار تەلەپلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ ھاراق ئىچىپ
مەستلا يۈرىدىغان، يېگەن ئائىلىرىنىڭ، قوغۇن - تاۋۇز، يەل-
يېمىشلىرىنىڭ پۇلىنى بەرمەي ئاشپەز - باققاللار بىلەن جېدەللى-
شىپ تۇرىدىغان بۇ يېزا لۈكچىكىنى بۇ يىراق شەھەردە ئۇچرىتىپ
قالغىنىمغا خەۋپسىرەپ قالدىم. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خە-
ۋەرسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدا ئانا يۇرت مېھرى
بولغاچقا بىر دەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن كېتىۋېلىش نىيىتىگە
كەلدىم.
— ئابلىزكا، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىپ يۈرسەن بۇ شەھەر-
دە؟
— مەن ھازىر بۇ شەھەرنىڭ قانۇنلۇق پۇقراسى.
— قاچانلاردا كېلىۋالغانتىڭ بۇ يەرگە؟
— يەتتە - سەككىز يىلچە بولۇپ قالدى، ئۆزۈڭچۇ ئۇكا؟
قاچان كېلىپ قالدىڭ؟ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرەرىگە؟ ئوقۇشقا
چىققىنىڭمۇ ياكى؟
— شۇنداق، ئوقۇۋاتىمەن، — دەپلا جاۋاب بەردىم. ئۆزۈمە-
نىڭ ساياھەتكە چىققىنىمنى، تۇرغان يېرىمنى ھازىرقى ئەھۋالى

ماڭا يوچۇن بولغان ئابلىزغا ئاشكارا قىلىشتىن خەۋپسىرەپ.
— مۇنداق دە؟ — دېدى ئۇ ئۇستۇۋېشىمغا قاراپ ئىشەنمەس-لىك بىلەن، — ھېچ ئوقۇغۇچىغىمۇ ئوخشىمايسەن ... يۇرە، كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ، غىزالانغاچ ئانا يۇرت ھەق-قىدە ئوبدانراق مۇڭدىشايلى.
ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي يېڭىمدىن تارتىپ ماڭدى. ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئەگىشىشكە مەجبۇر بولدۇم. يايمى-كەشلەر بازىرىدىن كوچىنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ ئىككى قەۋەتلىك بىر تېز تاماقخانىغا كىردۇق، ئىككىنچى قەۋىتىدىكى خالىيراق ئىككى كىشىلىك بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئابلىز نېمە تاماق يېيىشىمنىمۇ سورىماستىن بىرقانچە خىل تاماقلارنى بۇيرۇتتى.
— ھە ... ئەمدى ئېيتە، قاچانلاردا كەلدىڭ؟ يۇرتتىكىلەر تىنچ - ئامانلىقتۇ؟
— تىنچ - ئامانلىق، — دېدىم ئاسانراق جاۋابنى تەييار-لاپ، — مەھەللە - كوي سەن كۆرگەندەكلا، ئانچە ئۆزگىرىشمۇ يوق.
— شۇنداقمۇ، — دېدى ئۇ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ ئۆزۈمنى قەستەن قاچۇرۇۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالغاندەك، — يۇرتتىن ئايرىلىپ چىققىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟
— ئانچە ئۇزۇن بولمىدى.
— ھاجىم داداڭ، ئاناڭ، ئاكا - ھەدىلىرىڭمۇ ياخشىدۇ؟
— ھەممىسى ياخشى، — دادامنىڭ تۇگەپ كەتكىنىنى بىل-مىگىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭ يۇرتتىن ئايرىلغىنىغا خېلى يىل-لار بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
ئاڭغىچە تاماقلار كەلتۈرۈلدى. غىزالانغاچ تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ چىقتۇق. ئۇ ئۆزىنى تىجارەتچى دەپ تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاققا - تۇققا گەپ - سۆزلىرىدىن چوڭ ئىشلار-

نى تەۋرەتكۈچى ئەمەس، بابا مەن كۆرگەن يايمىكەشلەردەك كۈن-
لۈك تاپقىنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشقا ئاران يېتىدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ قالدىم. باشقا ئىشلىرى ماڭا تېخى قاراڭغۇ بولغاچقا
تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن «كەچتە مۇزاكىرە بار ئىدى»
دېگەننى باھانە قىلىپ تاماقلارنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ كوچىدىلا
خوشلاشتىم. كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. مېھمانخانىمۇ بۇ يەردىن
ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. كوچا ئايلانغاچ ياتىقىمغا قايتىپ
كەلدىم - دە، يۈز - كۆزۈمنى چالا - بۇلا يۇيۇپ كىيىملىرىمنى
ئىشكاپقا ئىلىپ، بىلىمنى تەرلىتىۋەتكەن پايپاقنى يېشىپ ياستۇ-
قۇم ئاستىغا باستۇرۇپ، ئىچ كىيىمىم بىلەنلا ساپاغا ئۆزۈمنى
تاشلاپ تېلېۋىزور قاناللىرىنى يۆتكەشكە كىرىشتىم. قايسىبىر
قانالدا يۇرتىمىزدا سۈرەتكە ئالغان نورۇز بەزمىسى بېرىلىۋاتاتتى.
«تونۇشلار چىقىپ قالارمىكىن؟» دېگەن ئۈمىدتە ئېكرانغا تىكى-
لىپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.
«ھەرقاچان مۇلازىملارغۇ؟» دېگەن ئويدا قولۇمدا تىزگىنەكنى
تۇتقىنىمچە ئىشىكنى ئاچتىم. ئاچتىمىيۇ، ئورنۇمدا تۇرۇپلا قال-
دىم. ئىشىك ئالدىدا ئابلىز مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تۇراتتى.
يۈرىكىم ئىختىيارسىز «قارتتىدە» قىلىپ قالدى.
— ھازىرقى داشۆسىڭلار ئالىي مېھمانخانىلاردا ياتىدىكەن -
دە، — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش تەكەللۇپسىزلا ياتاققا كىرىۋې-
تىپ، — كەچلىك مۇزاكىرە دېگەن ياتاقتا يالغۇز بولامتى؟
نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ كەينىمگە
ياندىم - دە، ياستۇقنى يانپىشىمدا باستۇرۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇ-
ۋالدىم.
— پاھ - پاھ ... ياتىقىڭ كاتتىغۇ، — دېدى ئابلىز ساپاغا
چۆكۈپ ياتاق ئىچىگە ئاچ كۆزلەرچە سەپسېلىۋەتكەندىن
كېيىن، — بايۋەچچىلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپسەن - دە؟
— ياقەي، — دېدىم مەن گەپنى قاچۇرۇپ، — ئادەم كۆپ

ياتاقتا دەرس ئۆگەنگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا...

— ھاجىم باينىڭ بالىسى بولغاندىكىن شۇنداق قىلىشىڭغا ئەرزىيدۇ. پۇلنىڭ مېغىزىنى شۇنداق چېقىش كېرەك.

— ئۆزۈڭ قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭ بۇ يەرگە؟

— ساڭا ئەگىشىپ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سېنى رەستىدە تونۇۋېلىپلا جاھان كېزىپ چىققانلىقىڭنى سېزىۋالغانىدىم. «ئوقۇغۇچمەن» دېگەن سۆزۈڭگە ئىشەنگۇم كەلمەي ئارقاڭدىن ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلدىم.

«ئامال يوق، پىشىپ كەتكەن قاقۋاش ـ دە!» ئويلىدىم ئىچىمدە.

— ئەمدىغۇ بۇ شەھەرگە نېمىشقا چىققانلىقىڭنى يوشۇرماسەن؟ — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

جاھان كۆرۈپ كۆزۈمنى ئېچىپ بېقىش ئىستىكىدە چىققانلىقىمغا ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولغانلىقىنى ئېيتتىم، راست ـ يالغانىنى ئارىلاشتۇرۇپ.

— ياخشى قىپسەن، ئۇكا. قۇدۇقتىكى پاقىدەك تۇرۇۋېرەمتىڭ شۇ سەھرادا جاھاننىڭ بارى مۇشۇ دەپ. «ياشلىقىم پاشالىقىم، پۇت ـ قولۇمدا بار ماغدۇرۇم، تەڭلا ئون كۈندىن كېيىن سىرقىرايدۇ بەللىرىم» دېگەندەك پۇت ـ قولۇڭدا ماغدۇرۇڭ بار ۋاقتىتا جاھان كېزىپ، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ لەززىتىنى سۈرمىسەڭ، گۆرۈڭگە ئەكېتەمتىڭ داداڭدىن مىراس قالغان شۇنچە پۇللارنى...

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى. «بىلىۋاپتۇ بۇ قاقۋاش دادام رەھمەتلىكنىڭ ۋاپاتىنى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

— راست گەپنى قىلسام، بايام مەندىن قاچقاندەك يالغانىنى سۆزلەۋەردىڭ، — يانچۇقىدىن موخوركا ئېلىپ گېزىت قەغىزىگە ئوراۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابلىز، — يۇرت تەرەپتىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەردىن ھاجىم داداڭنىڭ

ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانمەن. ياتقان يېرى جەننەتتە بول-غاي مەرھۇمنىڭ، — ئوراپ بولغان تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆچەپ شورتۇەتكەندىن كېيىن سارغىيىپ كەتكەن ئارا چىشلىرى ئارىسىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابلىز، — بىچارە رەھمەتلىك بىر ئۆمۈر چەت ئەللەردە يۈرۈپ توپلىغان بايلىقىنىڭ مېغىزىنىمۇ چاقالماستىن سىلەرگە قالدۇ-رۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەمدى سەن بولساڭمۇ شۇ پۇللارنىڭ مېغى-زىنى چېقىپ بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن بەھرە ئېلىۋال.

«كاساپەت، ھەممىنى بىلىپ بوپتۇ - دە!» دەپ ئويلىدىم ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ.

— بۇ شەھەردە بىرەر سودىنىڭ بېشىنى تۇتاي دەمسەن ياكى؟ — جىمىپ قالغانلىقىمغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابلىز.

— ھازىرچە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش پىلانىم يوق، ئابلىزكا، — دېدىم ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا، — شەھەرنىڭ كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ بولدۇم. ئەمدى قايتىپ كېتەي-مىكىن دەۋاتىمەن.

— شەھەرنى كۆرگەنگىلا ھېسابما؟ — دېدى ئۇ قالدۇق تاماكىسىنى كۈلدانغا مىجىۋېتىپ، — تېخى سەن كۆرمىگەن يەرلەر، ئوينىمىغان، ھۇزۇرلانمىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. ھامى-نى يىراق مۇساپىنى بېسىپ كەپسەن، ئوبدانراق ئويناپ، كۆ-ڭۈلنى ئېچىپ كەتمەمسەن؟ مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ جاۋا-بىمنى كۈتمەستىن كەسكىنلىك بىلەن، — سېنى بىرقانچە دوست-لىرىمغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قارارغا كەل-سەڭمۇ كېچىكمەيسەن.

ئۇ رازىلىقىمنىمۇ ئالماستىن تېلېفون ئالدىغا كېلىپ بىر-كىملەرگە تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى، سۆز ئۇرانىدىن بۇگۈن كەچ زادى مېنى قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلمايتتى. بولدى قىلىشى-

نى نەچچە رەت ئۆتۈندۈم، لېكىن ئۇ دوستلىرىغا ئۇقتۇرۇش
قىلىۋەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى ھەمدە مېنىڭ
تېزرەك كېيىنىشىمنى تاپىلاپ تەرەت قىلىش ئۈچۈن تازىلىق
ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

رودۇپايدەك چاپلاشقان بۇ «يۇرتلۇقۇم» دىن بۇگۈن قېچىپ
قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ ياستۇق ئاستىدىكى پۇللىرىم قاچە-
لانغان پايپاقنى پۇرلەپلا كارىۋات ئاستىغا تىقىۋەتتىم. ناتونۇش
سورۇندا ئۇنى بېلىمگە باغلاپ بارغىنىمدىن بۇ يەرگە تىقىقلىق
تۇرغىنى بىخەتەرەدەك ئىدى. ياتاقنىڭ كارتىسى ئۆزۈمدە بولغاچقا
مۇلازىمەتچىلەرمۇ مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ياتاققا كىرمەيتتى. يې-
نىمدا بىرەر مىڭ يۈەندەك پۇل بولغاچقا ئابلىزنىڭ بۈگۈنكى
سورۇنىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىمغا يېتەتتى.

ئابلىزنىڭ زورلىشى بىلەن ياتاقنى تاقاپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.
كارىدوردا، زالدا مۇلازىمەت پەشتىقىگە قاراپ كۆزۈم بىر سېيما-
نى — بۇ شەھەرگە كەلگەن تۈنجى كۈنۈم ماڭا يولباشچى بولغان
ئايچىۋەرنى ئىزدەيتتى. ھېچبولمىسا، مېنىڭ شۇنچە كەچتە ئاب-
لىز بىلەن چىقىپ كەتكىنىمنى بىلدۈرۈپ قويغۇم كېلەتتى.
ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسام، ھېچبولمىغاندا،
مېنى باشلاپ چىقىپ كەتكەن ئابلىزنىڭ تەقى - تۇرقىنى بولسىمۇ
ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ ساقچىلار ئارقىلىق ئىز - دېرىكىمنى قىلىشقا
بولاتتى. گەرچە ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكىنىم ئۆزۈمگە ئايان بولۇپ
تۇرسىمۇ يەنىلا شۇنداق بىر خىيالنىڭ ۋەھىمىسىدە ئۇنى ئىزدەيت-
تىم. ئەمما ئۇ كۆرۈنمىدى. «ئاللا، ئۆزۈڭگە ئامانەت!» دېدىم
ئىچىمدە مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىلا ئابلىز توسۇغان تاكسىغا چىقىد-
ۋېتىپ يەنە بىر قېتىم مېھمانخانا ئىشىكىگە تەلمۈرگەچ. تاكسى
رەڭدار چىراغلىرى بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك
بىر رېستوران ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئۆزۈڭنى بايۋەتچىلەردەك تۇتۇپ ئازادە ئولتۇر، — دېدى

ئابلىز رېستوران زالىدىن ئۆتۈپ بىر ئايرىمخانىغا باشلاۋې-
تىپ، — بۇگۈن رەڭلىك ئولتۇرىمىز دەيمەن:
— نېمە ئۇ رەڭلىك دېگىنىڭ؟ — سورىدىم ھەيرانلىق
بىلەن.
— ھېلى بىلىپ قالىسەن.
ئابلىزنىڭ گېپى بىلەن كاللام يەنە خىيالغا پاتتى. ئۆتكەن
يىلىغۇ دەيمەن، قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىدە ئېپىزوت-
چىلار ئورۇنلىغان «رەڭلىك ئولتۇرۇش» دېگەن نومۇر ئېسىمگە
كېلىپ قالدى. يا خۇشاللىقتا، يا تەشۋىشكە ئوخشاشمايدىغان بىر
خىل ھېسسىياتتا ئىدىم. مۇلازىم قىزنىڭ باشلىشى بىلەن تار
كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىچكىرىدىكى بىر خانىغا كىردۇق. قوپقۇرۇق
يومىلاق شىرە ئەتراپىدا ئابلىزنىڭ قۇرامىدىكى ئۈچ كىشى قۇرۇق
پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. بىزنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇپ كۆرۈشتى. ئابلىزنىڭ بىرقۇر تونۇشتۇرۇشىدىن كېيىن
مېنى تۆرگە باشلاشتى. ئۇلار مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدىكى بەش
ئورۇندۇقنى بوش قويۇپ سول تەرىپىمدىكى ئورۇندۇقلاردا شىرە-
نى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.
— قانداق، ئالاقىلىشالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابلىز
ئاقپىشماق، دوغىلاق كەلگەن بىرەيلەندىن.
— ئالاقىلاشتىم. چاتاق يوق، ھازىرلا كېلىشىدۇ، — دېدى
ئۇ ھجىيىپ تۇرۇپ.
ئۇلار «ئۇ ياخشى، بۇ مەززىلىك» دەپ يۈرۈپ، مۇلازىمغا
تاماق تۈرلىرى ۋە قورۇمىلارنى بۇيرۇتۇشتى. ھايال ئۆتمەي ھې-
لىقى دوغىلاق پاكارنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى.
— كەلدى، كەلدى، — دېدى ئۇ مەنىلىك كۈلۈپ قويغىنىچە
ئورنىدىن «لىككىدە» تۇرۇپ ۋە ئىشىكنى ئىچىگە تارتىپ ئاچتى.
چاچلىرىنى سېرىق بوياپ بۇدۇر قىلىۋالغان زىلۋا قىزنىڭ باشلى-
شىدا بىر ـ بىرىدىن غەلىتە ياسىنىشقان يىگىرمە ياشلار ئۆپچۆرى-

سىدىكى تۆت قىز كىرىپ كېلىشتى. «ھەمراھلىرىم» ئۇلار
بىلەن كونا تونۇشلاردەك چاقچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىرىدىن كېيىن
ئۇلار ئۆڭ تەرىپىمدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. يې-
نىمغا كېلىپ ماڭا سۇركىلىپلا ئولتۇرغان قىزدىن يۇز ماي ۋە
ئەتىرنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى دىماغلىرىمغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھايال
ئۆتمەي غىزا - قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. تارتىنىش ئىچىدە ئاز-
راق ئېغىز تەگكۈزدۈم. باشقىلار تارتىنىدىغاندەك ئەمەس، بىر-
دەمدىلا تەخسىلەرنىڭ تېگى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئابلىزنىڭ مۇ-
لازىم قىزغا بىرنېمىلەرنى دېيىشى بىلەن ئۇ قىز چىقىپ كېتىپ
بىردەمدىلا قىزىل، ئاق ھاراق ئارىلاش تىزىلغان پەتنۇسنى كۆتۈ-
رۈپ كىردى. ئابلىز قىزلارنىڭ ئالدىدىكى غاز بويۇن رومكىلارغا
قىزىل ھاراق توشقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىگە لىق بىر
رومكا ئاق ھاراق قۇيۇپ رومكىنى قولىغا ئېلىپ سۆزگە چۈشتى.

— كەچ بولۇپ قالسىمۇ خانىم - قىزلارنى ئاۋارە قىلىپ
بۇ سورۇننى تۈزدۇق. تارتىنىشماي بەھۇزۇر ئولتۇرغايسىلەر.
بۇ ئىنىمىز يېقىندا بۇ شەھەرگە ساياھەتكە چىققان ئەركىنجان
بولىدۇ، — دېدى ئۇ مېنى سورۇندىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ، —
قالغانلىرىمىز ئۆزئارا تونۇشلاردىن بولغاچ قىزغىن كەيپىياتتا
ئازادە ئولتۇرايلى. ئىنىمىزنىڭ بۇ شەھەردىكى ساياھىتىنىڭ كۆ-
ڭۈللۈك بولۇشى، خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
ئىچىشىمىزنى باشلىۋەتتۇق ئەمىسە.

ئابلىز قولىدىكى رومكىنى قىزلارنىڭ رومكىسىغا تەگكۈزۈپ
چىققاندىن كېيىن «گۇپپىدە» ئىچىۋەتتى. ئۆمرۈمدە ھاراق ئى-
چىپ باقمىغاچقا ئۇنىڭ چىراي پۈرۈشتۈرۈشىدىن سەسكىنىپ
تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. «ماڭا زورلىسا قانداق قۇتۇلارمەن؟»
دېگەن غەمگە چۈشتۈم. ئاق ھاراق رومكىسى نۆۋەت بويىچە ئايلى-
نىۋەردى. قىزلارمۇ نۆۋەت بىلەن ئالدىدىكى قىزىل ھاراق روم-
كىلىرىنى بوشىتىپ تۇرۇشتى. نۆۋەت ماڭا كەلگەنلىكىنى ھېس

www.uyghurkitap.com

قىلىپ يۈرىكىم سىلىپ كەتتى. «ئاتلىنىپ تۇتۇپ كەتسە زور-لىمىسىكەن» دېگەن ئۈمىدتە ئابلىزغا بېشىمنى چايقاپ قىلغان شەرەتلىرىم بىكارغا كەتتى. ئۇ لىق تولدۇرۇلغان رومكىنى ماڭا سۇندى.

— كەچۈرسىلەر، مەن هاراق ئىچمەيمەن هەم ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان، — دېدىم سورۇندىكىلەرگە يېلىنىش تەلەپپۇزى-دا.

— بۇرۇن ئىچمىگەن بولساڭ ئەمدى ئىچىسەن، هاراق ئىچ-كەنگە ئۆلۈپ قالامتى ئادەم. بىلىسەنغۇ مېنى؟ ئېغى ئۇچۇق ئىشتان كىيگىنىمدىن باشلاپلا ئىچىپ كېلىۋاتىمەن. بىجىرىم تۇرمامدىم مانا، — ئابلىز رومكىنى كۆتۈرۈپ يېنىمغىلا كېلىپ زورلاپ تۇرۇۋالدى، — بۈگۈن سېنى دەپ سورۇن تۈزۈپ، بۇ خانىم - قىزلارنى چاقىرتقۇزسام، ئىچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ سەت ئەمەسمۇ؟

— ئابلىزكا، مەن راستىنلا ئىچىپ باقمىغان.

— ئابلىز ئاكىمىزنىڭ قولىنى قايتۇرماي قولىمىزغا ئېلىپ قويىڭە، — دېدى بۇدۇرچاچ قىز سالاپەتلىك قىلىپ، — شۇنچە قاملاشقان يىگىتكەنسىز، بىرەر رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئاندىن تېتىيسىز سورۇننىڭ تەمىنى.

باشقىلار ئابلىز بىلەن بۇدۇرچاچقا بولۇشۇپ زورلىغىلى تۇر-دى. «چاقچاق قىلدىم» دەپ بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن هاياسىز گەپ-لەرمۇ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. قىزلار بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىۋې-لىپ مېنى ئىما - ئىشارەت قىلىپ بىرنېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلۈ-شەتتى. خېلى جاھىللىق قىلىپ باقساممۇ بولمىدى. ئامال يوق، بولاردىن تېزرەك قۇتۇلۇش مەقسىتىدە رومكىدىكى سۈيۇقلۇقنى ئاغزىمغا تۆكتۈم. بىر خىل بەتبۇي پۇراق كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇ-رەتتى. ياندۇرۇۋەتمەي دەپ بىر قولۇمدا ئاغزىمنى تۇتۇپ رومكى-نى ئابلىزغا بېرىۋەتتىم. گېلىمدىن باشلانغان ئاچچىق بىر سىزىم

قورسىقىمغا كىلىپ توختىدى. سەسكەنگىنىمدىن بېشىم ئىختى-
يارسىز سىلكىنىپ كەتتى. ئۇزۇنتۇرانىڭ قولىدىكى پىيالىنى
ئېلىپ پىيالىنىڭ تېگىدىكى چاي دېغى بىلەن قوشۇپ بىراقلا
ئىچىۋەتتىم. شۇ چاغدىلا گېلىمدىكى ئېچىشىش سەل - پەل
پەسىيىپ بەدىنىم قىزىشقا باشلىدى.

— يارايدۇ، يارايدۇ، — كۈلۈشۈپ كەتتى سورۇندىكى قىز-
ئوغۇل، — باشتا ئىچكەندە شۇنداق بولىدۇ. بىردەم تۇرۇپ ئۆزى
تەلەپ قىلامدۇ تېخى بىرنى قۇيە، ئىچىمەن دەپ...

خىجىللىقتىنمۇ ياكى ھاراقنىڭ كۈچىمۇ يۈزۈم ئوت ئالغان-
دەك قىزىرىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا تومۇرلىرىم كۆپۈپ ئۆزۈم-
نى قىزىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. سورۇن كۈلكە-
چاقچاق، يۇمۇرلار بىلەن داۋاملىشىۋاتاتتى، رومكىلارمۇ توختى-
ماي بوشاپ تۇراتتى. ئىككىنچى رومكا يېتىپ كەلگەندە يەنە
جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم، يەنە ئۇناشمىدى. ئامال يوق ئۇنى-
مۇ قىينىلىپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم. بارا - بارا ئۆزۈمدە بىر خىل
ھاياجانلىنىش سېزىمى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۈچىنچى رومكا
تەڭلەنگەندە بايامقىدەك جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالماي ئىچىۋەت-
تىم. بىرپەستىن كېيىن ئۆزۈمنى ئەركىن - ئازادە ھېس قى-
لىشقا باشلىدىم. باياتىن بېرى يەرگە قاراپلا تۇرغان كۆزۈم
ئۆزىچىلا قىزلار تەرەپكە ئېغىپ كېتىۋاتاتتى. تۆتىنچى رومكىنى
يېنىمدىكى زىلۋا بوي، قىرقىم چاچ قىز قولىغا ئېلىپ: «بۇ
مېنىڭ كۆڭلۈم، بىرگە ئىچەيلى» دەپ ماڭا تۇتتى. ئورنۇمدىن
تۇرۇپ قىزنىڭ قولىدىن رومكىنى ئالدىم. قىز رومكىغا يەڭگىل-
گىنە تەگكۈزگەن رومكىسىنى «خوشە!» دېگىنىچە لېۋىگە ئاپار-
دى. مەنمۇ «خوشە!» دېگىنىمچە ئىچىۋەتتىم.

— ھە، ماۋۇ ئىشىڭ ئوغۇل بالىغا ئوخشىدى، ئۇكا، —
دېدى ئابلىز رومكىنى قايتۇرۇۋېلىپ.

بۇ گەپ كۆڭلۈمگە ھار كەلدى. ھاراق ئىچىش ئوغۇل بالى-

لىقنىڭ ئۆلچىمى بولىدىغان ئىش بولسا «ئەتكىل رومكاڭنى!»
دەيمۇ دېدىم. بىراق ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. بالىلىق چاغلىرىمدىن
باشلاپ هاراق ئىچىشنىڭ ئەهلى بولغان ئابلىز بىلەن بەسلىشىش-
نىڭ ئۆزۈمنى نابۇت قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بىر مەزگىل-
لىك ئىچىشتىن كېيىن ئورۇنلار ئالمىشىپ قىز - ئوغۇللار
ئارىلىشىپ كەتتى. سورۇندا تارتىنىش دېگەنلەر يوق ئىدى. ئو-
غۇللارنىڭ قوللىرى بىكار تۇرماي قىزلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلى-
رىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. يېنىمدىكى قىز ماڭا بارغانسېرى يېقىن-
لاپ چاپلىشىپلا قالغانىدى. ياغراتقۇنىڭ يەڭگىل مۇزىكىسى چە-
قنشى بىلەن چىراغلار گۇڭگىلىشىپ قىز - ئوغۇللار چاپلانما
تانسىغا چۈشۈپ كېتىشتى. يېنىمدىكى قىز هاراق بوتۇلكىسىنى
ئالدىغا ئەكېلىۋېلىپ نازۇكەرەشمە بىلەن ئەركىلەپ هەدەپ ماڭا
هاراق زورلايتتى. بۇ ۋاقىتتا نېرۋام ئاللىقاچان ئۆز كونتروللۇ-
قىنى يوقاتقاچقا، هاراقمۇ هېچقانچە ئاچچىق تېتىماي ئۆتۈپ كې-
تىۋەردى. قوللىرىم ئىختىيارسىز قىزنىڭ بويىنىغا، ئۇ يەر -
بۇ يەرلىرىگە كېتىپ باراتتى ...

سورۇن قاچانغۇچە داۋاملاشتى، نېمىلەرنى قىلىشتۇق تازا
ئاڭقىرالمايتتىم. پەقەتلا يۇمران بەدەن بىرىگە ئېسىلىپ يەنە
ئىچىمەن ... «قويە هارىقىڭنى ...» دېگىنىم، قانداقتۇر بىر
يەرلەردە يۈرۈپ بىر يەرگە كىرگەنلىكىم ۋە بىرىنىڭ كىيىملىرى-
نى سالدۇرغانلىقىم ... ئۇنىڭدىن كېيىن شېرىن لەززەتلىك بىر
خىل سېزىمنىڭ پۈتۈن بەدىنىمگە تارالغانلىقى خىرە - شىرە
ئېسىمدە ...

چۈشۈمدىكىدەك خىلى ئۇزۇنغىچە قاتتىق ئۇرۇلغان ئىشىك
ئاۋازى ۋە «ئاچە ئىشىكنى!» دېگەن ئاۋازلاردىن سەل - پەل
ئېسىمگە كەلدىم. ناتونۇش بىر ياتاق، قوينۇمدا ئاخشامقى قىرقىم
چاچ، زىلۋا بوي قىز چاچلىرى چۇۋۇلغان، گىرىملىرى بۇزۇ-
لۇپ، چىرايىدىكى دانخورەكلىرى «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۇپ

قالغان ھالدا قىپيالىڭاچ ياتاتتى. بەدەنلىرىمنى سىلاپ باقىنىمدىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭمۇ يالىڭاچ ئىكەنلىكىمنى بىلدىم.

قىزنى نوقۇپ تەستە ئويغاتتىم، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئىشىكنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن ئاستا - ئاستا ئېشىمگە كېلىپ ھودۇقۇشقا باشلىدىم. ھاپىلا - شاپىلا كىيىمىمنى كىيىپ، دېرىزىدىن قېچىشنى ئويلاپ دېرىزە پەردىسىنى قايرىدىمۇ، ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم. ئالىيېشىل شەھەر چىراغلىرى بەكمۇ پەستە كۆرۈنەتتى. نېمىدەپ بىنانىڭ ئېگىز قەۋىتىگە چىقىپ قالغىنىمنى ئويلاپ يېتەلمەيتتىم. ئىشىكنىڭ ئىچىدىن قانداق قۇلۇپلىۋەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشىكنى ئۇرۇپ ئاچقۇزالمىغان نامەلۇم كىشىلەر مۇلازىمنى چاقىرىپ كەلدى بولغاي، ئاچقۇچلارنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى، قۇلۇپقا سېلىپ بېقىپ ئاچالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

— چاققان ئىشىكنى ئاچ! بولمىسا چېقىپ كىرىمىز.

قوپال ئاڭلانغان ئاۋاز بايامقى سورۇنداشلىرىمنىڭ بىرەرىنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشاشمايتتى. قىزنى شۇنچە نوقۇشلىساممۇ قوپقىلى ئۇنىمىدى. ھېچبولمىغاندا، كىيىمىنى كىيىۋالسىمۇ بولاتتى. بىراق، قەستەنگە يېتىۋالدىمۇ بىلمىدىم، كۆزىنىمۇ ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ئامالسىز پېشانەمگە پۇتۇلگىنىنى كۆرەرمەن، دەپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتىم. ھازىرقى ساقچىلارنىڭ فورمىسىغا تازا ئوخشاپ كەتمەيدىغان كىيىم كىيىۋالغان ئۈچ - تۆت كىشى يوپۇرۇلۇپلا كىرىشتى - دە، ئىككىسى مېنى كەينىمگە ئىتتىرىپ تامغا نىقتاشتى. يەنە بىرى بېرىپلا كارىۋاتتا بېشىنى پۈركەپ يېتىۋالغان قىزنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى ئېچىۋەتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان قىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويدى. ئاڭغىچە بىرى «تاراس - تۇرۇس» قىلىپ كارىۋات ئۈستىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى - دە، يوتقاننى قىزنىڭ ئۈستىگە يېپىۋەتتى.

— كىملىكىڭنى چىقار! — دېدى گەۋدىلىكرەك كەلگەن بىرى قوپال ئاۋازدا.

شۇ ۋاقىتتىلا چاپىنىم ئېسىمگە كەلدى، ياتاق ئۆيدە چاپىنىم كۆرۈنمەيتتى. ئاخشامقى سورۇندا ئىسسىپ كېتىپ چاپىنىمنى ئورۇندۇقۇمغا ئارتىپ قويغۇنۇم خىرە ـ شىرە ئېسىمگە كەلدى.

— كىملىكىم چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدا ئىدى، بىراق چاپىنىم يوق تۇرىدۇ.

— بۇ نېمەڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالغان قىزنى كۆرسىتىپ.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. سۆيگۈنۈم ياكى ئايالىم دېسەممۇ بەرىبىر ئاقمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولغۇدەك بىرەر تونۇشۇم، ئىسپات بولغۇدەك گۇۋاھنامەممۇ يوق ئىدى. راستىنى ئېيتىش نىيىتىگە كەلدىم.

— ئاخشام سورۇندا تونۇشۇپ قالغان ...

— ھە، پاھىشىۋازمەن دېگىن، — گېپىمنىڭ ئايىغى تۈگىمەستىنلا سۆزلەپ كەتتى گەۋدىلىك «ساقچى»، — ئەيمەنمەستىن مېھمانخانىدا پاھىشىۋازلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا جازالىنىسەن. ئېلىپ مېڭىڭلار بۇنى! — بۇيرۇق بەردى شېرىكلىرىگە.

«ئاھ، خۇدا! بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى؟» ناله قىلدىم ئىچىمدە.

دەل شۇ پەيتتە ئابلىز چاپىنىمنى مۈرىسىگە ئارتىلدۇرغان ھالدا پاكار دوغىلاق بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم سەل ـ پەل ئارامىغا چۈشتى.

— سوجاڭ، نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئۇ بىر ماڭا، بىر يوتقاندىكى قىزغا قاراپ تۇرۇپ.

— نېمە ئىش بولاتتى، ئىككى بۇزۇقنى تۇتىۋالدۇق شۇ.

— قانداق بىر تەرەپ قىلاي دەيلا بۇلارنى؟

— سولاپ قويۇپ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە سالىمىز.

— ئۇنىڭدىن باشقىچىرەك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولماسمۇ؟

— باشقىچە ئۇسۇلغۇ بار ئىدى، مەسىلەن، جەرىمانە تۆلىتىپ قويۇپ بېرىدىغان ... قارىغاندا بۇ يالاڭ تۆشنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئوخشايدۇ. ھەتتا كىملىكىنىمۇ كۆرسىتەلمەيۋاتسا.

— بۇ سېنىڭ چاپىنىڭغۇ دەيمەن، — دېدى ئابلىز ماڭا بۇرۇلۇپ چاپىنىمنى سۇنۇۋېتىپ.

— رەھمەت، ئابلىزكا! مېنىڭ چاپىنىم شۇ، — دېيەلىدىم ئۇنىڭغا تەلمۈرگەن ھالدا.

— ئىككىڭلار تونۇشامسىلەر؟ — سورىدى ساقچى ئابلىزدىن.

— شۇنداق، تونۇشىمىز. ئاخشام مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ ئاستىدىكى رېستوراندا سورۇندا بىرگە ئىدۇق، كۆپرەك ئىچىۋېلىپ چاپىنىنىمۇ تاشلاپ يوقاپ كەتكەنىدى. شەيتان ئازدۇرۇپتۇ بۇ ئىنىمىزنى. كەچۈرۈلۈك قىلىپ قويۇۋەتكەن بولسىڭىز.

— بولمايدۇ، — دېدى «سوجاڭ» قوپاللىق بىلەن، — بۇ ئىشتىن باش مۇلازىمەت ئورۇندىكىلەرمۇ خەۋەر تېپىپ بولدى.

— ئۇنداقتا، جەرىمانە تۆلىسىچۇ؟

— ئۇنىڭدا ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ.

— نەچچە پۇل تۆلىسە بولار؟

— ئون مىڭ سوم، — كەسكىنلا دەۋەتتى «سوجاڭ». «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتىم. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئون مىڭ كوي ئالامدۇ ئەمدى. يەنە بىر تەرەپتىن، «پۇل بىلەن قۇتۇلغىلى بولسا مەيلىتى بۇ نومۇسچىلىقتىن» دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالدىم. بىراق يېنىمدا ئۇنچە كۆپ پۇل يوق ـ دە.

— قانداق قىلىسەن، ئۇكا؟ — سورىدى ئابلىز يېنىمغا كېلىپ.

— مەندە ئۈنچىلىك پۇل بولمىسا، — دېدىم دۇدۇقلاپ.

— پۇلۇڭ بولمىسا سولاقتا يات ئەمسە، ئۆلۈپ مې-ڭىڭلار، — يەنە بىر قېتىم بۇيرۇق قىلدى «سوجاڭ» دېگىنى شېرىكلىرىگە.

— هاي - هاي، سوجاڭ، سەۋر قىلسىلا، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، — دېدى ئابلىز سوجاڭغا تاماكا تەڭلىگەچ، — مەسلىهەت بىلەن ئىش قىلمايمىزمۇ؟

«سوجاڭ» دېگىنى ئابلىز تۇتاشتۇرۇپ بەرگەن تاماكىنى شورىغاچ ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابلىزغا «نېمە دېمەكچىسەن؟» دېگەندەك سوئال نەزىرىدە قارىدى.

ئابلىز بىر ماڭا، بىر قىزچاقىقا قارىۋەتكەندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ پىچىرلاپ سورىدى:

— يېنىڭدا نەچچە پۇل بار؟

— هازىرچە مىڭ كويدەك پۇل بار، — دېدىم چاپىنىمنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ پۇلنىڭ بارلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن. بىراق، هازىرچە دېگەن گەپنى ئالدىراپ چىقىرىپ سالغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم.

— مېنىڭچە، مۇنداق بولسۇنمىكىن، — دېدى ئابلىز ئوتتۇ-رىدا تۇرۇۋېپ، — ئون مىڭ كوي پۇلنى بۇ ئىنىمىزغا ۋاكالىتەن مەن تۆلەپ تۇراي. بۇ ئىنىم ماڭا هۆججەت يېزىپ بەرسۇن. كېيىن ئۆزىمىز چىقىشىۋالىمىز، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى بولدى قىلايلى، — «قانداق دېدىم» دېگەندەك ماڭا هەم سوجاڭغا قارى-دى.

— بولدۇ ئەمسە، شۇنداق قىلايلى، — دېدى سوجاڭ تارتىنمايلا.

ئابلىز «سەنچە قانداق؟» دېگەندەك ماڭا قارىدى. سودا پى-شىپ بولغان تۇرسا، مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. «سېنىڭ زورىڭ بىلەن كۆرگەن كۈنۈم شۇ بولدى. ئۆمرۈمدە ئىچىپ باقمىغان

هاراقنىمۇ زورلاپ يۇرۇپ ئىچكۈزدۈڭ. زىناغىمۇ سەۋەبچى بول-
دۇڭ» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە. بىراق، ئۇنداق دې-
يەلمەيتتىم، چۈنكى بۇ نومۇسچىلىقتىن خىجىل بولۇپ تۇرغاندا
قۇتقۇزۇۋالمەن دەپ كىرگەن ئابلىزغا ئۇنداق دېيىش ئېغىر
كېلەتتى.
— دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دېدىم ئارانلا.
— ئەمىسە ماۋۇ قەغەزگە ھۆججەت يېزىۋېتىپ ئاغىنەم بىلەن
چىقىپ كەتكىن، — دېدى ئابلىز ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىش
قەغىزى بىلەن قەلەمنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ، — مەن سوجاڭغا پۇلنى
تۆلىۋېتىپ كەينىڭلاردىن چىقىمەن.
ئۇن مىڭ كوي قەرز ئېلىپ تۇرغانلىقىم توغرۇلۇق ئىسپات-
نى يېزىپ بولۇپ ئابلىزغا تۇتقۇزدۇم- دە، «بۇ قىزنى قانداق
قىلىمىز؟» دېگەن ئىشارىنى قىلدىم.
— ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن. چىقىپ كېتىۋەر، —
دېدى ئابلىز.
چاپىنىمنى كىيىپ ياتاق ئىشىكىدىن چىققىنىمدىن كېيىن
«ئۇھ» دەۋەتتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ.
مېھمانخانا ئالدىغا چىقىپ ئابلىزنى ساقلاپ تۇردۇق. بۇ
ۋاقىتتا تۈن ئاقىرىشقا باشلىغان بولۇپ، كوچىلاردا ئاخشامقى ۋاڭ
- چۇڭدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. كوچىلاردا ماشىنىلارمۇ شالاڭ-
لاشقان، ئادەملەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت مېھمانخانىغا يانداش
سېلىنغان ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ئەخلەت تۆكۈش ئەتراپىدا ئىككى
لالما ئىت نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ خىرقىرىشىۋاتاتتى. تاغ تەرەپ-
تىن كېلىۋاتقان كېچىنىڭ سوغۇق شاملى ئۇچامنى قورۇشقا
باشلىدى. بېشىم ئاغرىپ زىڭىلداپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئابلىز
تېزرەك چىقسا خوشلىشىپ ياتىقىمغا تېزرەك كېتىۋېلىش-
نىلا ئويلايتتىم.
خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ئابلىز ھېلىقى قىزنى باشلاپ

چىقىپ، ئۆدۈللا يول بويىغا بېرىپ تاكسى توسۇپ، ئۇ قىزنى ئۇلغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى.

— تونۇش ساقچىلەركەن، ھېلىمۇ ئاسان قۇتۇلدۇق. بولمىسا بۇ ناتونۇش شەھەردە نەلەرگە سولانغىنىڭنىمۇ بىلمەي قالاتتىڭ، ئىگىسى يوقلار قاتارىدا نەچچە يىل يېتىپ قالاتتىڭ تېخى سولاقتا، — دېدى ئابلىز كوچا بويلاپ كېتىۋېتىپ ماڭا ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن.

— مېڭىۋەرەمدۇق ھوي، ئابلىز؟ — دېدى پاكار دوغىلاق غودۇرىغاچ، — ئۇيقۇم كەپكەتتى مېنىڭ.

— بىردەم چىدىغىنە، ئۇنىڭ ياتىقىغا بېرىپ پۇلنى ئېلىپلا قايتىمىز. كەچكىچە ئۇخلىساڭمۇ ۋاقىت بار ساڭا.

يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم «قارت» قىلىپ قالدى. ياتاقتىكى پۇلنى بۇلارغا كۆرسىتىشكە بولمايتتى. بىراق ئون مىڭ كويىنى ئابلىزغا بەرمەي ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ بىلەتتىم. بىراق ھازىر ئەمەس، كېيىن بىرىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىم كېرەك ئىدى.

— ھازىر ياتاقتا بارساڭمۇ ساڭا بەرگۈدەك ئۇنچە كۆپ نەق پۇل يوق، ئابلىزكا، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىر ئامالى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە، — ھازىرچە ماۋۇ مىڭ كويىنى ئالغاچ تۇر. قالغىنىنى ئەتە يورۇغاندا ئامالىنى قىلمايمەنمۇ؟

— غىپپىدە تىكىۋەتمەس - ھە؟ — دېدى پاكار دوغىلاق.

— بىزنىڭ يۇرتتىن ئۇنداق نامەرد ئەرلەر چىقمايدۇ جۇما، — دېدى ئابلىز «قانداق دېدىم، ئۇكا!» دېگەندەك ماڭا بىر قارىۋېتىپ.

— شۇنداق، مېنى ئۇنچىلىك نامەرد كۆرۈپ كەتمەڭلار، — دېدىم ۋىجدانىمنى پەس كۆرىدىغان گەپنى ئاڭلاپ سەل ئاچچىقىم كەلگەنىدى.

— ئەكىلە مىلىڭ كوينى، كىملىكىڭنىمۇ قوشۇپ بېرىۋەت، مەندە تۇرۇپ تۇرسۇن.

«قاقۋاشلىقىنى قارا بۇنىڭ!» دەپ ئويلىدىم پۇل بىلەن كىملىكىمنى چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ.

— ئەمىسە چۇشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ياتىقىڭغا ئىز-دەپ بارىمەن، پۇلنى تەخ قىلىپ مېنى ساقلاپ تۇر، — دېدى ئۇ پۇلنى ساناپ ئىچ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — مېنى ئالدايمەن دېمە ئۇكا - ھە! — قوشۇپ قويدى قايتىلاپ.

— خاتىرجەم بول، — دېدىم ئۇلاردىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ قۇتۇلىدىغانلىقىمغا خۇش بولۇپ.

ئۇ ئىككىسى كېتىپ قېلىشتى. «ئۇھ» دېگىنىمچە تاكسى توسۇپ بىردەمدىلا مېھمانخانىغا كېلىۋالدىم. تاڭ يورۇشقا باشلى-غاچقا مېھمانخانا ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. شەپە چىقارماي ياتىقىمغا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. ئاخشامدىن بېرى تارتقان خاپىلىقلىرىمنى ئويلاپ پۇشايماندا كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىشكە باشلىدى. ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان گۇناھلارغا شېرىك بول-دۇم. پاك دەپ ھېسابلاپ كەلگەن ئېغىزىم، ئىچ باغرىم، تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىم ھاراق بىلەن بۇزۇلدى. تېنىم ناتونۇش بىرى بىلەن بۇلغاندى. بۇلغانغان روھىمنى، تېنىمنى پاكلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟...

تېنىمنى بولسىمۇ پاكلاشنى نىيەت قىلىپ تازىلىق ئۆيىگە كىردىم. تۇنجى كۈنى ۋانىدا يۇيۇنۇپ راھەتلىنىپ قالغىنىم ئېسىمگە كېلىپ ۋانىغا توشقۇزۇپ سۇ قاچىلىدىم. تىزىپ قو-يۇلغان، ئەمما بۇ ياتاققا چۈشۈپ تېخىچە ئىشلىتىپ باقمىغان قىممەت باھالىق ھەق تۆلەيدىغان يۇيۇنۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاغزى-نى ئېچىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ بەدەنلىرىمنى قىزارغىچە ئۇۋۇلاپ يۇيدۇم. ئارقىدىن سۇنى قويىۋېتىپ مۇنچىنىڭ جومىكىدىن قى-زىق سۇ چۈشۈرۈپ بەدىنىمگە قىزىق ئۆتكىچە چايقاندىم. شۇندىلا

ئۆزۈمنى سەل ـ پەل يېنىكلىشىپ قالغاندەك، باشلىرىمنىڭ ئاغرىشى سەل پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلى-دىم، كۆڭلۈم ئاينىپ «ھۆ» قىلغۇم كېلىپلا تۇراتتى. ئۇخلاتقۇ-دىن ئىككى خالتا مۇزدەك سوغۇق سۇتنى ئېلىپ ئارقىمۇقلارقا ئىچىۋەتتىم. بىردەم بولسىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن غەشلىكلەرنى ئۇن-تۇش ئۈچۈن ئاپئاق يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتتىم. يا ئۇيقۇ ئەمەس، يا ئويغاق ئەمەس بىر خىل قورقۇنچلۇق چۈشلەر ئىچىدە تولغى-نىپ يېتىپ چۈشكە يېقىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. پۇللىرىم يوشۇ-رۇپ قويغان جايىدا ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. ئون مىڭ كوينى ئايرىۋال-غاندىن كېيىن قالغىنىنى بىلىمگە چىڭ باغلىۋېتىپ نەرسە — كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇردۇم. ئابلىزنىڭ قەرزىنى بېرىۋېتىپلا بۇ شەھەردىن كېتىشنى نىيەت قىلىپ قالغانىدىم. سائەت تېخى ئىك-كى بولمايلا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئابلىز ئاخشامقى ئۇلپەتلىرى بىلەن ئىشىك ئالدىدا ھى-جىيىپ تۇراتتى. ئۇلار تەكلىپىمىزنى ياتاققا كىرىپ كېلىشتى-دە، ساپا، كارىۋاتلارغا بەھۇزۇر چۆكۈشتى.

— ھاردۇقۇڭ چىقىپ قاپتۇمۇ، ئۇكا؟ — سورىدى ئابلىز ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ھەر ھالدا ياخشى، — دېدىم خۇشياقماسلىق بىلەن.

— ئاخشام ھېلىقى ساقچىلار تازا پەيزىمىزنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ھېلىمۇ ۋاقتىدا يېتىپ كەپتىمەن، بولمىسا بۇ چاغقىچە سولاقخانىنىڭ پىت باسقان ئەسكى ئۆيلىرىدە ياتاتتىڭ.

— ساقچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بەدەر تىكىۋېتىپتە-مەن، — دېدى ئۆزۈنتۇرا سەت ھىجىيىپ، — تازا پەيزى قىلىۋا-تاتتىم بولمىسا ...

— سەن ـ بىزلەر تونۇلۇپ قالساقمۇ ئۇنى ـ بۇنى دەپ قۇتۇلاتتۇق ئۇلاردىن، بىراق نەقلا بۇ ئىنىمىزنىڭ ئۈستىگە چۈ-

شۇپ قالغىنىنى دەيمىنا ئۇلارنىڭ، — ئابلىز ئاچچىق تاماكىسىنى شورىتىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى سوجاڭ تونۇش چىقىپ قالدى. بولمىسا چاتاقتى بۇ ئىنىمنىڭ ئىشى.

بۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئاخشام ھەممىسىنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەجەب ـ ھە، ھېچقايسىسى ئەمەس، مېنىڭلا تۇتۇلۇپ قالغىنىم.

— بولدى، ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تەرگەشمەيلى، ئابلىزكا، — دېدىم يانچۇقۇمدىن ئون مىڭ يۈەننى چىقىرىپ مىڭ يۈەننى قايرىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ، — ھەر ھالدا بىر پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز، رەھمەت، سىزگە!

— ھەي، بۇنچە ئالدىراپ نېمە قىلىسەن، كېيىنچىرەك بەرسەڭمۇ بولاتتىغۇ، — دېدى ئابلىز پۇلنى ساناۋېتىپ. ئۇنىڭ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن پۇل ساناۋاتقان بارماقلىرىنىڭ سەل ـ پەل تىترىشىدىن، كۆز چاناقلىرىنىڭ ئويناپ كېتىشلىرى-دىن مەقسەت پۇلنى ئېلىش ئىكەنلىكى «مانا مەن» دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

— يۇرتۇمغا قايتاي دەيمەن، ئابلىزكا، بۇ يەردە باشقا ئىش-لىرىممۇ بولمىغاندىكىن، — سەپەر سومكامنى ئالدىغا سەل ئىت-تىرىپ قويدۇم ئۇلارنى تېزرەك خوشلىشىپ چىقىپ كېتەرمىكىن دەپ.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ئۇكا، — دېدى ئابلىز پۇللارنى قاتلاپ ئىچ يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، — تېخى ئەمدىلا تونۇش-تۇق. بۇرۇن يالغۇز يۈرگەن بولساڭ ئەمدى بىزدەك تونۇش ئاكىلىرىڭ بار. سەن كۆرمىگەن نۇرغۇن يەرلەر، ئويلاپمۇ يېتەل-مەيدىغان نۇرغۇن تاماشىلار بار تېخى بۇ شەھەردە. يۇرتقا قايت-ساڭمۇ تېرىيدىغان يېرىڭ، باقىدىغان خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بولمى-غاندىكىن مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ قالامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— راست ئېيتىدۇ ئابلىز ، — دېدى تۇرسۇن دېگەن ئۆزۈن-
تۇرا گەپ قىستۇرۇپ، — يېڭىلا تونۇشتۇق، پۇخادىن چىققۇدەك
ئوينىتىمىز دەيمەن سىنى بۇ شەھەردە.

«ھېلىمۇ بۇرۇن - قولىقىمغىچە پۇخادىن چىقاردىڭلار» دې-
مەكچىدىم، بىراق ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— رەھمەت كۆڭلۈڭلەرگە، ھېلىمۇ بىر ئايدىن ئېشىپتۇ
يۇرتتىن ئايرىلغىلى، يەنىلا توپا - چاڭ ئۆرلەپ تۇرسىمۇ ئېرىق-
لىرىدا لاي سۇ ئېقىپ تۇرغان شۇ سەھرايىم ياخشىدەك تۇرىدۇ.

— ئارتۇقچە خىياللارنى قىلماي بىز بىلەن ماڭە، ئۇكا. بىز
تېخى ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يۇيىمىز دەپ سىنى ئالغىلى
كەلسەك، كېتىمەن دەپ تۇرغىنىڭنى قارا سېنىڭ. ياتىقىڭنىمۇ
قايتۇرۇۋەت. بىر ئوبدان ئۆيىمىز تۇرسا سەت ئەمەسمۇ ياتاقلاردا
قونۇپ يۈرسەڭ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئاخشامقىنىڭ چىشىنى چاققاچ خالىيراق
يەرنى تېپىپ ئولتۇرايلىچۇ بۇگۈن، ھېلىقى قىزلارمۇ، بىزمۇ
ئارماندا قالدۇق ئاخشامقى پاتىپاراقچىلىقتا چالا ئىش قىلىپ، —
باياتىن بېرى گەپ قىلماي تاماكىسىنى چېكىپلا ئولتۇرغان پاي-
نەكئاش سۆزگە ئارىلاشتى.

— ئاخشامقى پاراڭلارنى قويۇڭلا ئەمدى، ئىنىمىزنىڭ كۆڭ-
لىنى غەش قىلماي، — دېدى ئابلىز پاينەكئاشقا بىر ئالىيۋې-
تىپ، — باشقا ئىشلارنى كېيىن دېيىشسەكمۇ كېچىكمەيمىز.
يۈرە، ئۇكا! قورسىقىڭمۇ ئېچىپ كەتتى ھەرقاچان، ئاۋۋال غى-
زالىنايلى. قالدى گەپلەرنى شۇ يەردە دېيىشمەيلىما.

قانچە تىركىشىپ باقساممۇ ئۇلاردىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان-
لىقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن ئىلاجسىز ئۇلارنىڭ كەينىگە
كىرىپ ماڭدىم. قورساقمۇ ئاچقانىدى. «تاماقتىن كېيىن بىر
ئامالى بولۇپ قالار» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. شۇڭا ياتاقنى قايتۇ-
رۇۋېتىش تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىۋەتتىم.

بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان بىر تاماقخانىغا كىرىپ ئاشمانتا ۋە كاۋاپلارنى بۇيرۇتۇپ غىزالاندۇق. تاماق پۇلىنى مەردلىك قىلىپ ئۆزۈم تۆلىۋەتتىم. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىم ئۇلارغا ئەگىشىپ بازار چۆرگىلەش بىلەن ئۆتتى. باھانە كۆرسى-تىپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسامۇ ئۇنۇمى بولمىدى. نەگە بېرىشسا مېنى ئارىغا ئېلىپلا مېڭىشاتتى. ئۆزۈم-نى ئۇلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئى-دىم. ئەتىگەنلا كېتىپ قالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلماقتا ئىدىم. ئون مىڭ كوي پۇلنى راست تۆلىدىمۇ، يالغانمۇ بەربىر بۇ ماڭا نامەلۇم ئىدى. ئاخشامقى «ساقچى»لارنىڭ باشقىلارنى قويۇپ مېنىڭ ياتىقىمغا ئۇدۇللا باستۇرۇپ كىرگەنلىكىگە، ئابلىزنىڭ ساقچى باشلىقى بىلەن تونۇشتەكلا راۋان سودا قىلىشقانلىرىنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. «ئۇلار شېرىك بولسا ئالدىنئالا ئورۇنلاش-تۇرۇپ قويغان ئويۇنمىدۇ بۇ - يا!» دەپمۇ ئويلىدىم. «بىراق ئۇلارنىڭ مەقستى مەندىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش بولسا، ئون مىڭ كوينى ئېلىپ بولغاندىكىن قويۇۋەتسە بولاتتىغۇ...» ئويلىغانسېي-رى مېڭەم گاراڭلىشىپ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتىم. چۆرگىلەۋېرىپ كەچمۇ كىرىپ كەتتى. بەل - پۇتلىرىم سىرقى-راپ ئاغرىشقا باشلىدى. ياتىقىمغا قايتىپ ئارام ئالاي دېسەم، ئۇلار زادىلا ئۇنىمىدى. تۈن پەردىسى يېپىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىپ شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن يىراقلاپ بىرقانچە خالتا كوچىلارنى ئايلانغاندىن كېيىن كوچا چىراغلىرىمۇ يوق بىر كوچىغا كىرىپ قوش قاناتلىق بىر دەرۋازى-نى قاقتى. تېنىم شۈركۈنۈپ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتىم. بىلمىدىكى پۇللارنى ياتاققا يوشۇرۇپ قويمىغىنىمغا پۇشايمان قى-لىشقا باشلىدىم. ھايال ئۆتمەي ئاۋۋال بىر ئەر كىشىنىڭ يۆتەل-گەن ئاۋازى، ئاندىن شىپىلداپ كېلىۋاتقان كەشىنىڭ ئاۋازى

www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى يېقىنلاپ ياغاچ دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئېچىۋىلىپ
ئېچىلدى. ئابلىزنىڭ ئالدىدا باشلاپ مېڭىشى بىلەن تەڭلا ئۇلار
لا هويلىغا كىرىپ كېتىشتۇق. هويلا سەيناسى ئانچە چوڭمۇ
ئەمەس بولۇپ، ياندىشى سىلىنغان بىرقانچە ئېغىزلىق پاكار ئۆي-
نىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكەن چىراغ نۇرى ئېگىز - پەس كېسەك
تىزىلغان هويلىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە يورۇق چۈشۈرۈپ
تۇراتتى. ئابلىز يېنىغا ئېسىقلىق ئاچقۇچلىرىنى ئېلىپ بىر ئاچ-
قۇچنى تاللىغاندىن كېيىن هويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر ئۆي-
نىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ كىرىپ چىراغنى ياندۇردى - دە: «قېنى
كىرىڭلار!» دېدى. ئىچكىرى - تاشقىرى سىلىنغان ئۆي كىچىك-
مۇ ئەمەس ئىدى. تاملىرى ئادەتتىكىچە ئاقارتىلىپ ئۇدۇل تېمىغا
خوتەن گىلىمى ئېسىلغان، ئاق رەڭلىك چاقچۇق ياتقۇزۇلغان،
ئۆينىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە تامغا يۆلەپ ئادەتتىكىچە تاق
كىشىلىك بىرقانچە ساپا قويۇلغان، داستىخان ئورنىدا گۈللۈك
يالتىراق يېپىلغان شىرە ئۈستىدە سەرەڭگە، كۈلدان ۋە پارچە-
پۇرات نەرسىلەر قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى.

— ئابلىزكا، يەڭگەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى پاكار
دوغىلاق.

— قايسى يەڭگەڭنى دەيسەن؟

— تېخى ئالدىنقى ئايدا قىماردا ئۇتۇۋالغىنىڭنى دەيمەن.

— تېخى خەۋىرىڭىزمۇ سەنوي، سەمەت پاكار، — دېدى
ئۆزۈنتۇرا تۇرسۇن دېگىنى ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ، — ئابلىزكاڭ
ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە خوتۇننى ئۇتۇپ - ئۇتتۇرۇپ بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى سەمەت پاكارمۇ سول تەرەپتىكى
ساپاغا قىيسىيىپ، — تېخى ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى كۆرگەندەك
قىلىۋېدىڭىز تېخى نو يەڭگىمىزنى؟

— قەيەردە كۆرگەنتىڭ؟

— مۇشۇ ئۆيدە بولماي يەنە قەيەردە بولاتتى؟

— دەيـمىنا ئـەمدى، «ئـابلىزغا كـىچىك باجا بولۇپ قالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپ.

— تولا چاقچاق قىلما ـ ھە، دوزاخ شوتىسى! ئابلىزكام ئاڭلاپ قالسا جودا چىقىرىدۇ ھېلى.

— بولدى قىلىڭلار! — دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلماي تامغا يۆلىنىپ تۇرغان پاينەكئۇاش تۇرغۇن مېنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ.

گەپ ئۇرانىدىن ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاۋاتقان قىمارۋازلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئولتۇرماي ئۆرە تۇرۇپسىلەرغۇ، — دېدى ئىچكەركى ئۆيدىن قولىدا دەسمال بىلەن بىر قاچىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئابلىز شىرە ئۈستىنى رەتلەپ سۈرتۈشكە باشلىغاچ ماڭا قاراپ، — قېنى ئولتۇر، ئەركىنجان! ئابلىز كاڭنىڭ تۇتقان ئۆيىنى كۆرۈۋالسۇن دەپ سېنى باشلاپ كەلدىم. بۇ شەھەردە مۇشۇنچىلىك زېمىن تۇتۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ خېلى چوڭ ئىش. ھە، ئولتۇرۇشىسەنغۇ مېھماننى پەگاھقا تاشلاپ قويۇپ! قوپۇشە، بىرىڭ چاي دەملە، سەمەت سەن، گۆشنى پارچىلاپ قازانغا شورپا سال! تۇرغۇن سەن، ئەكەلگەن قورۇمىلارنى تەخسىلەرگە رېتى بويىچە تىزىپ ئاچىققىن! — ھەممىسىنى ئىشقا بۇيرۇۋەتتى خوجايىنلارچە بۇيرۇقتا ئابلىز.

— تارتىنماي ئۆز ئۆيۈڭدەك ئولتۇر، ئۇكا، — دېدى ئابلىز ئۈچ شېرىكى غۇدۇرۇشۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىشكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ، — راست گەپنى قىلسام، بۇگۈن ياتىقىڭغا كېتەلمەيسەن. پۇخادىن چىققۇچە يەپ، ئىچىپ ئويناپلى دەيمىنا، خاتىرجەم بول، قىزلار يوق جۇما بۇگۈن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى ئەخلەتلەرنى كۆتۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھاياسىزلارچە

قىلىشقان كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە
ھۆرپىيىشكەن ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ
كۆزۈمگە سىغمايدىغان، ۋىجدانىم خالىمايدىغان هاراقكەش ـ قى-
مارۋازلار توپىغا قېتىلىپ قالغىنىمنى ئويلاپ يۈرىكىمنىڭ بىر
يەرلىرى ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. مەن ئارزۇلاپ ھەۋەس
قىلغان سەپەر خەرىتەمدە بۈگۈنكىدەك كۆرۈنۈشلەر ئەسلا يوق
ئىدى، بولۇشىنىمۇ ئەسلا خالىمايتتىم. ئەمما، تەقدىرىم مەن
بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقاندەك مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ
ئەكىرىۋاتاتتى. ئىنچىكىلەپ پىلانلانغان قانداقتۇر بىر شۇملۇق-
نىڭ ئەتراپىمنى چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئى-
دىم. گەرچە ئابلىز يۈرتتىشىمدەك مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇنىڭ تونۇگۈندىن بېرى مېنى ئەگىپ نېرى كېتەل-
مىگەنلىكى، ئاخشامقى سورۇندا زورلاپ هاراق ئىچۈرۈشى، يې-
نىمدىكى قىرقىم چاچ قىز بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ بىرنېمىلەرنى
دەپ پىچىرلاشقاندىن كېيىنلا ھېلىقى قىزنىڭ ماڭا باشقىچە قىز-
غىن مۇئامىلىدە بولۇشى، مەن پۇل خەجلىمەيلا ئايرىم ياتاقنىڭ
ماڭا نېسىپ بولۇپ قېلىشى، ساقچىلارنىڭ ئۇلارنى قويۇپ مەن
ياتقان ياتاقنىلا تەكشۈرۈشى، ئابلىزنىڭ بۇرۇنمۇ ـ كېيىنمۇ
ئەمەس، دەل مېنى ئېلىپ مېڭىشىغا ئۇلگۈرۈپ چاپىنىمنى كۆتۈ-
رۈپ ھازىر بولۇشى، ھېلىقى قىزنىڭ بەخىراماں يېتىۋېرىشى،
«سوجاڭ» دېگىنى بىلەن سودىغا چۈشۈپ كېتىشى قاتارلىق خى-
رە ـ شىرە كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ يەنە
قانداق رەزىل پىلاندا بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. يۈرتتا
قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي «جودا» لەقىمىنى ئالغان ئابلىز
قاتىللىق، ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك، باسقۇنچىلىق جىنايەتلىرى
سەۋەبىدىن بىرقانچە قېتىم تۈرمىگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن
ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى تۇيۇقسىز يۇرتتىن ئىز ـ دېرەكسىز
غايىپ بولغانىدى. بەزىلەر ئۇنى «تارىمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تۈر-

مىدىكەن» دېسە، بەزىلەر: «تۇرمىدە ئۆلۈپتۇ» دېيىشكەنىدى. بەزىلەر: «تۇرمىدىن قېچىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ» دېسە، بەزىلەر: «تۇرمىدىن چىقىپ نومۇسچىلىقتا يۇرتقا كېلەلمەي باشقا يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ» دېيىشەتتى. بىر مەزگىلدىن كې- يىن ئۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ كۆڭلىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى. مانا ئون نەچچە يىلدىن كېيىن شۇ جودانىڭ «ئۆيىدە» ئولتۇرىمەن. ئۇ مېنىڭ ئائىلە نەسەبىمنى — ئەزەلدىن بايلار قاتارىدىن سانىلى- دىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ. دادام رەھمەتلىكتىن قالغان مى- راسلار ھەققىدە ئېغىز ئاچقىنىدىن قارىغاندا ئۇ مېنىڭ يېنىمدا نۇرغۇن پۇل بارلىقىنى پەملىگەن گەپ. «جىنىنىڭ قەستى شاپ- تۇلدا» دېگەندەك، پۇللىرىمنى كۆزلەپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە. ئون مىڭ كوينىغۇ پەم بىلەن ئېلىپ بولدى. يەنە قانچىلىك ئالار؟ پۇلنى ئالسىغۇ مەيلىتى، جېنىمغا خەۋپ يەتمىسە بولاتتىغۇ. مېنىڭ بۇ تار كوچىغا كەلگىنىمنى ھېچكىم بىلمىسە، مېنى تونۇيدىغان بىرەر تونۇشۇممۇ بولمىسا، قاچاي دېسەممۇ قايسى تەرەپكە قېچىشنى بىلمىسەم، ئۆلۈكۇم نام ـ نىشانسىز يوقاپ كەتمەس ـ ھە ... تېگى يوق خىياللارنى قىلغانسېرى قورقۇنچلۇق- تا تىنىم جۇغۇلداپ كېتىۋاتاتتى. ئوڭ قولۇم بېلىمنى تەرلىتىپ ئېچىشتۇرۇۋاتقان پۇلنى سىلاۋېتىپ: «مېنى سەپەر كويىغا سال- غانمۇ، بۇگۈنكىدەك تەشۋىشكە قويغانمۇ سەن پۇلغۇ» دەپ ئويلاپ پۇلدىن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم سەسكەندىم.

تەشۋىشلىك خىياللار بىلەن ئىچكەركى ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان بەزىدە ئۇنلۇك، بەزىدە گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلارغىمۇ دىققەت قىلماي ئۆز غېمىم بىلەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدىم. بىر ۋاقىتلاردا قولىدا چاي چۆگۈنى ۋە پىيالى- لەرنى كۆتۈرۈپ چىققان سەمەت پاكارنى كۆرۈپ خىيالىمدىن چۆچۈپ ئەسلىگە كەلدىم.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇر، — دېدى ئۇ پىيالىغا تېخى تەمى

چىقمىغان سەل سارغايغان چايدىن كوركىرىتىپ قۇيۇۋېتىپ، — ھەممە نەرسە تەل بولدى. ھازىرلا چىقىدۇ.

ھايال ئۆتمەي تۇرغۇن پاينەك بىر قانچە تەخسە قورۇمىنى ئاچىقىپ شىرەگە تىزىشقا باشلىدى. ئۇزۇنتۇرا تۇرسۇن بىلەن سەمەت پاكار ئارا چىنىلارغا توشقۇزۇپ ئۇسۇلغان شورپىلارنى ئاچىقىشتى. ئاخىرىدا ئابلىز ئېغىزىدا بىرنېمىنى ماكاشلىتىپ چاينىغىچە سەۋزە - چامغۇر ئارىلاش ھورى چىقىپ تۇرغان لىق گۆش بېسىلغان يوغان لېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش ئورۇنغا قويدى. يەنە كىرىپ كېتىپ بىرنەچچە ناننى كۆتۈرۈپ چىقىپ پارچىلاپ شىرەنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، تاق كىشىلىك ساپادىن بىرنى شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىگە سۆرەپ كېلىپ، شورپىنى ئالدىغا تارتقاچ بۇيرۇق بەردى:

— قېنى، شورپىلارغا ناننى چىلاپ گۆش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىڭلار، يېقىنىراق كەل، تارتىنما ئۇكا - ھە! — ماڭا ئالاھىدە كۆيۈنگەندەك تاماققا زورلىدى.

قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. غەم ئىچىدە تاماققا تازا رايىم بارمىسىمۇ، ئەمما ھورى چىقىپ تۇرغان شورپا - گۆشلەرنى كۆرۈپ ئازراق بولسىمۇ غىزالىنىۋېلىشنى خالاپ قالدىم. «قانداق قىسمەتكە يولۇقسامۇ قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ كۆرەيچۇ!» دەپ ئويلىدىم. بىر پارچە ناننى شورپىغا چىلاپ، بىر تال قوۋۇرغىنىڭ گۆشىنى غاجىلىۋەتكەندىن كېيىن، قوۋۇرغا بىلەن ناننى ئاغزىمغا ئىتتىرىپ يېيىشكە باشلىدىم. بىردەمدىلا قاچىلار بىكارلىنىپ، لېگەندىكى گۆشلەر پاك - پاكىز يېيىلىپ، سۆڭەكلەر غاجىلىنىپ ئاقارتىلىپ بولۇندى. شىرەدە تېخى ئېغىز تېگىشكە نۆۋەت كەلمىگەن بىر قانچە قورۇما بىلەن بىر لېگەندە پارچىلانغان توخۇ گۆشىلا قالغانىدى. ئابلىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەمەت پاكار شىرەنى سۈرتۈپ تازىلىدى. پىيالىلارغا تەمى قېنىق چىققان چاي-

لارنى لىقلىدى. يان تەرەپتىكى ئىشكاپتىن چوكىلارنى ئېلىپ ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويىدى، كۆزىتىشىمچە، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابلىزغا كۆڭلى بەكرەك يېقىنراقمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى بەكرەك ئاڭلايدىغىنىمۇ سەمەتتەك قىلاتتى.

— ھەممىنى قىلغاندىكىن، ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى بوتۇلكا بىلەن رومكىلارنىمۇ ئېلىۋېتە! — دېدى ئابلىز ئەمدىلا ئولتۇ-رۇشقا تەمشەلگەن سەمەتكە.

— بايام دېسەڭ بولمامدۇ، ئاكا، بىراقلا بەجا كەلتۈرەتتىم ئەمەسما.

بۇ ئۇنىڭ مەن ئۇچراشقاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق غۇدۇ-راپ قويۇشى ئىدى.

«يەنە ئىچىشىدىغان بولدى ـ دە، ھەي، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ شەيتانلارنىڭ باشلامچىسى ئوتتۇرىغا چىقمىسا بولاتتى. ئىچكەندىن كېيىنلا باشقا ھۈنىرىمۇ چىقىدۇ بۇلارنىڭ» دەپ ئويلىدىم. ئارى-دىن بىرەرىنىڭ «ئىچمەيلى!» دەپ سورۇننى تېزرەك تاماملىشى-شىنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن بىرەرىمۇ ئۇ گەپنى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ھاراق ئىچمەي مۇڭداشساق بولمامدۇ، ئابلىزكا، — دېدىم بوتۇلكا ئېغىزىنى ئېچىشقا ھەپىلىشىۋاتقان ئابلىزغا ئۆتۈ-نۈش تەلەپپۇزىدا.

— ئېسىل تائاملاردىن كېيىن بىرەر ـ ئىككى رومكا ئىچ-چىشمىسەك قانداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراق ئىچمىگەن سورۇندا قىزىق پاراڭ چىقمايدۇ، — دېدى ئابلىز پەرۋاسىزلا. ئۇنىڭ گېپى تۈگىگىچە بوتۇلكا ئاغزىمۇ ئېچىلىپ بولدى. ئۇ ئىستاكاندىن كىچىكرەك شېشە رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ «خوشە!» دېگىنىچە گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. ھاراق رومكىسى ئايلى-نىڭ ماڭا كېلىپ قالدى. «ئىچمەيمەن!» دېسەم بىھۇدە ئاۋارە بولىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ گەپ قىلماستىنلا ئىچىۋەتتىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

نېمىشقىدۇر بۇگۈنكىسى ئاخشامقىدەك گاللنى بىكمۇ قىرىپ كەت-
مەيتتى.

— يارايسەن! ئۆگىنىپ قالدىڭ مانا ئىككى كۈن
بولمايلا، — دېدى ئابلىز ئۆزىگە هاراق قۇيۇپ بولۇپ ئۇخۇ
قانتىدىن بىرنى ماڭا تەڭلىگەچ، — ئاله مانا زاكۇسكىنى.

بەشىمىز بىردەمدىلا بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولدۇق.
ئارىدا «خوشه»، «ئالا - باقه»، كۆلكه - چاقچاقتىن باشقا
گەپلەرمۇ بولۇنمىدى. تۇنۇگۇنكىدەك بېشىم ئېسىلىپ، تومۇرلىد-
رىم كۆۋەجەپ، يۇزۇم قىزىرىدىغان هالەتمۇ كۆرۈلمىدى. تېخى
يەنە ئىچكۇم كېلىپلا تۇراتتى.

— هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇۋېرەمدۇق، ئاغىنىلەر، — دېدى
تۇرغۇن پاينەك تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك.

— نېمىش قىلىمىز ئەمىسە؟ — سورىدى سەمەت.

— ئانچە - مۇنچە بىر ئىش قىلغاچ ئولتۇرمايلىما؟

— مەيلى، كۆڭلۈڭلار جۇما، — دېدى ئابلىز ئورنىدىن
تۇرۇپ ئىشكاپتىن بىر چوڭ گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ شىرە ئۇس-
تىگە قويغاندىن كېيىن تۇرغۇن پاينەككە قاراپ، —
چىقارمامسەن، ئەمىسە ئۇرۇقۇڭنى؟

تۇرغۇن چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئىككى دانه
شىشخال ئۇرۇقنى چىقاردى - دە، «قانداق ئوينايمىز؟» دېگەن-
دەك ئابلىزغا قارىدى.

— ئاۋۋال ئون كويدىن باشلىنىش قىلايلى، قاند-
داق؟ — دېدى ئابلىز شېرىكلىرىگە قاراپ.

باشقىلارمۇ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈشتى. مەن نېمە ئويۇنلۇقىد-
نى بىلەلمەي بىر چەتتە قاراپ ئولتۇردۇم. ئىككى دانه شىشخال
ئۇرۇقنى چىنه ئىچىگە پىرقىرىتىپ نۆۋەت بىلەن تاشلىشاتتى.
ئۇرۇقلار پىرقىراپ توختىغاندىن كېيىن ئۇلار چۇشكەن چې-
كىتلىرىگە قاراپ «چۇشتى»، «كەتتى» دېيىشەتتى. بىرقانچه

دانە ئون كويى بىردەم ئۇنىڭ قولىغا، بىردەم بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالاتتى. قارىغاندا ئانچە مۇرەككەپ ئويۇندەكمۇ قىلمايتتى.

— ئويناپ قويامسەن، ئۇكا؟ — مېنىڭ بارغانسېرى بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ قالغاندەك بىر يانغا سۈزۈلدى ئابلىز.

«بىكار ئولتۇرغۇچە ئويناپ باقسام باقمامدىم، ئاران ئون كويىنىڭ ئىشىكەنغۇ!» دەپ ئويلىدىم. بىراق، قانداق چۈشسە ئۇتۇپ، قانداق چۈشسە ئوتتۇرىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتىم.

— مېنىڭ ئورنۇمغا ئالمىشە، — دېدى ئابلىز ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىمنى سېزىۋالغاندەك، — مېنىڭ ئورنۇمدا ئوينا، ئۇتقان-ئۇتتارغانلىقىڭنى مەن دەپ بېرىمەن.

كىچىكلىكىمىزدە مەھەللىداشلىرىم بىلەن ئۆرۈك ئۈچكىسى، گۈلە-قاق دېگەنلەرنى تىكىشىپ ئوردا كاتىكى، جۈپمۇتاق دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينايتتۇق. كېيىنچە يېزىدىكى تەڭتۇشلىرىم بىلەن بىر مو، ئېشىپ كەتسە بەش مودىن تىكىشىپ قارتا ئارقىلىق ئوينىلىدىغان قاتار ئويۇنى قاتارلىقلارنى ئويناپ قوياتتىم. بەكمۇ قىزىقارلىق بىلىنىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالاتتۇق. بۈگۈنكى بۇ ئويۇن شۇلارغا سەل ئوخشاپ كەتكەچكە، باياتىن ئىچكەن هاراقنىڭ كەيپىدە ياخشىلىنىشقا باشلىغان هېسسىياتىمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئابلىز بوشاتقان ئورۇنغا كېلىپ بۇ ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتىم. باشتا راستتىنلا ئۇتقان-ئۇتتۇرغىنىمنى بىلەلمىدىم. ئابلىز «ئۇتتۇڭ» دەيتتى، ئۈچىدىن ئون كويدىن ئوتتۇز كوينى ئالاتتىم. «ئۇتتۇردۇڭ» دەيتتى، شىشخال ئۇرۇقىنى ئۆزۈم تاشلىغاندا ئوتتۇز كوينى، باشقىلار تاشلىغاندا ئون كوينى بېرەتتىم. كېيىنچە بۇنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم، ئالىقىنىمدىكى پۇللار بىردەم ئاۋۇپ، بىردەم ئازلاپ

قالاتتى. ئوينىغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتاتتىم. قىرىقچىلىقتا تېر-
گى ئون كويدىن باشلانغان ئويۇنىمىز بارا- بارا ئۆرلەپ قىرىق-
ئەللىك كويغا چىققىنىغىمۇ «ياق» دېمەستىن ئويناۋەردىم. ئابلىز
ئۆزى ئوينىماي ئارىلاپ - ئارىلاپ هاراق قۇيۇپ بېرىپ تۇراتتى.
ئويناۋاتقان مەندىن باشقا ئۈچىسى پات - پات بىر - بىرىدىن ياكى
ئابلىزدىن پۇل سورىشاتتى. مەن ئالىقىنىمدىكى پۇل ئاۋۇپ قالسا
يانچۇقۇمغا، تۈگەپ كەتسە يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ ئويناۋەردىم.
بۇ كېچە شىشىخال ئۇرۇقى بىلەن دىك - دىك ئويناپ تاڭ
ئېتىپ كەتتى. هەر هالدا ئاخشام ئويلىغىنىمدەك خەتەرلىك
ئەهۋاللارمۇ كۆرۈلمىدى. تاڭ يورۇپ كون چىققاندا هەممىمىز
بولدى دېيىشىپ پۇللىرىمىزنى ساناشتۇق. پۇرلەنگەن پۇللارنى
رەتلەپ ساناپ باقتىم. يېنىمدا بار مىڭ كوينى ئايرىۋەتكەندە بەش
يۈز كويدەك ئۇتۇۋاپتىمەن، ئۈيقۇسىراشنى هېسابقا ئالمىغاندا
كەيپىياتىممۇ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— ئامىتىڭ ياخشىكەن جۇما سىنىڭ، — دەپ ماختاشقا
چۈشتى ئابلىز، — باشقا ئىش قىلمەن دېمەي قىمار ئوينىساڭ
بولغۇدەك.

— راست ئامەتلىككەن، — دەپ ماختاشتى باشقىلارمۇ، —
تۈنجى ئوينىشىدا خېلى ئۇتۇۋالغىنىغا قارىغاندا قىماردا تەلىيى
باركەن بۇنىڭ.

— بىردەم ئۇخلىۋالمايلىمۇ، — دېدى سەمەت ئەسنەپ
تۇرۇپ.

— مەن ئۆيگە قايتىپ ئۇخلاي، — دېدى تۇرسۇن ئورنىدىن
تۇرۇپ.

— مەنمۇ شۇ، — دەپ ئەگەشتى تۇرغۇن پايىنەك بېشىنى
سىلىغاچ. ئاردا كۆپرەك ئۇتتۇرۇۋەتتىم دېگىنى شۇ ئىدى.

— بولىدۇ، كەچتە كۆرۈشەيلى ئەمىسە، — ماقۇللۇق بەر-
دى ئابلىز.

— مەنمۇ بۇلار بىلەن ياتىقىمغا قايتىۋالايمىكىن، — دېدىم ئابلىزغا قاراپ يېلىنغان ھالدا.

— سەن ھېچ يەرگە بارمايسەن، — دېدى ئابلىز كەسكىنلىك بىلەن، — مۇشۇ ئۆيدە ئارام ئالىمىز.

ئارتۇقچە گەپ قىلالمىدىم. ئىككىسى كېتىشتى، ئابلىز ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىقىپ كېتىپ خېلى ئۇزاقتا قايتىپ كىردى. قىيسىيىپ ئۇيقۇغا كەتكەن سەمەتنى ئويغىتىپ چاي دەملەتكۈزدى. شىرەدە يېيىلمەي قالغان توخۇ گۆشى ۋە قورۇمىلارغا قوشۇپ ئاز - تولا ناشتا قىلغاندىن كېيىن ئابلىزنىڭ باشلىشى بىلەن ئىچكەركى ئۆيدىكى سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىگە قىيسىيىپ چاپىنىمنى ئۈستۈمگە يېپىپ ياتتىم. ئۆينىڭ ئىسسىقلىقى تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرگەچ كۆزۈم يۇمۇلۇشقا باشلىدى...

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. سىرتقى ئۆيدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم. تەرىتىم قىستاپ كەتكەنتى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئايىغىمنى كىيىپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتىم. تۇرسۇن، سەمەت، تۇرغۇنلار شىرەنى چۆرىدەپ قارتا ئويۇنىغا چۈشۈپتۇ، ئابلىز كۆرۈنمەيتتى.

— ئويغاندىڭمۇ، ئوكا؟ ئۇيقۇڭ ياخشىكەن جۇمۇ سېنىڭ، — دېدى چىقىپ كەلگەنلىكىمنى سېزىپ تۇرغان سەمەت پاكار كەينىگە بۇرۇلۇپ تۇرۇپ. سەمەتنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ھويلىغا چىقتىم. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندى. شەرق قايسى، غەرب قايسى ئايرىلالمىغاچقا ئەتىگەنلىك ئاشۋاقتى ياكى كەچ پېشىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى پەردە تارتىلغان ھاجەتخانىغا كىرىپ يەڭگىللىگەندىن كېيىن، «سىرتقا چىقىپ باقايچۇ!» دەپ دەرۋازىنى ئىتتەردىم. دەرۋازا سىرتتىن قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. ئىلاجسىز چاپىنىمنى يېپىنچاقلىغان پېتىم ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇم.

— ئابلىزكام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدىم ئۇلاردىن.

— ئابلىز كەچلىك سورۇنىنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىلى چىقىپ كەتتى، — دېدى سەمەت پەرۋاسىزلا.

«يەنە سورۇن، يەنە ئىچىشىش، بۇلاردىن قۇتۇلالمامسىم نېمە؟» ئويلىنىپ قالدىم.

هايال ئۆتمەي يالتىراق خالتىلاردا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرگىنىچە ئابلىز كىرىپ كەلدى. باشقىلار قوللىرىدىكى قارتىلارنى تاشلاپ ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىشىپ ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى.

— ئابلىزكا، ماڭا رۇخسەت قىلساڭ، قايتىۋالايچۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا يېلىنىش ھېسسىياتىدا.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ھەممىمىز سېنى دەپ ئوقتىمىزنى قىلماي ھەمراھ بولۇۋاتساق، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن - ھە؟

ھەش - پەش دېگۈچە ئۇستەل ئۇستى ئاخشامقىدەك راسلاندى. باشتا ئىچىشمەك، ئارقىدىن دېڭ - دېڭ، شۇ خىل ھالەت تۆت كۈن داۋاملاشتى. بۇلارمۇ باشقا ئىشى يوق ئادەملەردەك زېرىكمەستىن ئىچىشەتتى، ئوينايتتى. ئەمدى ئاچچىق بىلىنمەيدىغان ھاراق قانچە ئىچسەممۇ تەسىر قىلماي ۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي چەككەن تاماكا ئىسلىرى كىيىملىرىمگە سىڭىپ بەدىنىم ئىسلا پۇرايتتى. ئالماشتۇراي دېسەم كىيىم سومكام ياتاقتا قالغان، ئىشىكتىن چىقىشىمغا رۇخسەت يوق ئىدى. بەئەينى ئۆزۈمنى بىر تۇتقۇنغا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئوخشاشمايدىغان يېرى، پۇت - قولۇم باغلاقلىق ئەمەس، تائام بىلەن ھاراقنى بىمالال يەپ - ئىچەلەيتتىم. قىمار سورۇنىدا ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئويىنيالايتتىم. دېڭ - دېڭدا باشتا كېلىۋاتقان ئامەت بارغانسېرى يوقاشقا باشلىدى. «مۇشۇ پۇللىرىمنى كۆزلەپ شۇنداق قىلىۋاتىسەنغۇ ھەرقاچان، — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، — شۇ پۇللارنى ئۇتتۇرۇپ بەرسەمغۇ ئازاد

بولارمەن سەنلەردىن.» ئۇتتۇرۇۋېرىپ يانچۇقۇمدا پۇل تۈگىسە ھاجەتكە چىققاننى باھانە قىلىپ بىلىمدىكى پۇلدىن بىر باغلام سۇغۇرۇپ يانچۇقۇمغا سېلىپ كىرەتتىم. بۇلارمۇ شۇنى ئارزۇ قىلغاندەك مارىلاپمۇ چىقمايتتى. ھەر ھالدا ھاياتىمنىڭ بىرەر خەۋپكە ئۇچرىمايۋاتقانلىقىغا شۈكۈر قىلاتتىم. ئۇچىنچى كۈندىن باشلاپ ئابلىزمۇ، باشقىلارمۇ سىرتقا چىقمىدى. يېمەك - ئىچ-مەكلەر تۈگەپ قالسا قوشنا ئۆيدىكى بىرەيلەننى بۇيرۇپ ئەكەلدۈ-رەتتى. بىراق، ماڭا ئۇ كىشىنى كۆرسىتىشتىن ئېھتىيات قىلات-تى. چارچىغانغا ئۇدۇل كەلگەن يەردە قىيسىيىپ ئۇخلىۋالاتتىم. ئۇدا داۋاملاشقان سورۇن بەشىنچى كۈنگە كەلگەندە بىلىمدىكى باغلام پۇللارنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمى شۇلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولدى.

— بۈگۈنچە بولدى قىلامدۇق، ئاغىنىلەر، — دېدى ئابلىز بەشىنچى كۈنى كەچ كىرەي دەپ قالغاندا ئۆزىچە ئويۇندىن توخ-تاپ، — ھېلىمۇ تۆت - بەش كۈن ئۇدا ئويناشتۇق. ئەركىنجانمۇ تازا چارچىدى. ھازىرچە بۇ ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ ھاردۇق چىقىرىدىغان باشقىچە بىر ئىش قىلىشامدۇق؟

ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇغەمبەرلەرچە كۆيۈنۈشىدىن ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— مۇشۇ ئۆيدىما؟ — دەپ سورىدى تۇرغۇن.

— مېنىڭچە، خالىيراق بىر جايغا تۇمۇچۇقلارنى چاقىرتىپ كۆڭۈل خۇشى قىلىشامدۇق.

— كۆڭۈلدىكىدەك گەپ قىلدىڭ - دە، ئابلىزكا، — دېدى سەمەت پاكار ئولتۇرۇۋېرىپ ئېگىلىپ تېخىمۇ پاكار بولۇپ كەت-كەن بەللىرىنى رۇسلاپ، — نېمە قىلىمىز يىغىۋېرىپ شۇنچە پۇلنى، تازا بىر مېغىزىنى چاقمايمىزما.

مېنىڭ پۇللىرىمدا پىستىلىنىۋالغانلارنىڭ چوڭ سۆزلەۋات-قانلىقىنى ئاڭلاپ خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ

بۇ تۆمۈر قەپەسدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۈمىد نۇرى كۆڭلۈمدە پارلىغاندەك بولدى.

ئۇلتۇرىدىغان جايغا تېلېفون بېرىپ بولۇپ سىرتقا چىقىشىمىزدا يەنە شۇ قاراڭغۇ تار كوچا كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. تېلېفوندا چاقىرغانمۇ قانداق، ھايال بولماي بىر كىرا ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. بەشىمىز قىستىلىپ، چايقىلىپ دېگەندەك بىر قانچە تار كوچىنى ئايلىنىپ ئانچە ـ مۇنچە چىراغلىرى يورۇپ تۇرغان يول دوقمۇشىغا كەلگەندە ئابلىز ماشىنىنى توختاتتى. ماشىنىدىن چۈشتۇق. نەچچە كۈندىن بېرى ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن ئىچ ـ باغرىم كۆزنىڭ سەلكىن شامىلىنى سۈمۈرۈپ سەل ـ پەل راھەتلەنگەندەك بولدى. يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقان شەھەرنىڭ چىراغ نۇرلىرىدىن بۇ يەرنىڭ شەھەرنىڭ خېلىلا چېتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئادەتتىكىدەك بىر ئاشخانىدا بىر قاچىدىن لەغمەن يېيىشكەندىن كېيىن يەنە قوزغىلىپ چىراغلىرى بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان بىر زالغا كىرىپ يان تەرەپكە قويۇلغان ساپاغا چۆكۈشتۇق. تۇرغۇن پاينەك ئالدىمىزغا ئايناقشىپ كەلگەن بىر ئايال بىلەن بىرنېمىلەرنى كالدىرلىشىپ پىچىرلاشقاندىن كېيىن، «يۈرۈڭلار، سودا پىشتى» دەپ بىزنى چاقىردى. ھېلىقى ئايالنىڭ باشلىشى بىلەن بىر قانچە ئىشىكتىن ئۆتۈپ چىراغلىرى گۇڭگا يېنىپ تۇرغان، ئاۋاز ياڭراتقۇدىن چەت ئەلنىڭ مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ تۇرغان، بەش دانە قوش كىشىلىك ساپا قويۇلغان ئازادە بىر خانىغا كىردۇق. ئابلىزنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىردىن ساپاغا ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىمىزغا ھېلىقى ئايال خوجايىن بوي ـ تۇرقى بىر ـ بىردىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، تار شىملىرى پاچاقلىرىغا پايپاق تارتقاندەك چىڭ چاپلاشقان، كىندىكلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇردىغان، چاچلىرى ھەر خىل پاسوندىكى ئون نەچچە قىزنى باشلاپ كىرىپ ئالدىمىزدا قاتار رەتكە تۇرغۇزۇپ، «قېنى تاللا-

www.uyghurkitap.com

ۋېلىڭلار!» دېگەندەك بىر چەتتە قاراپ تۇردى.

ئابلىزنىڭ ئىشارىسى بىلەن تۇرغۇن پاينەك قىزلارنى بىر باشتىن ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ ئارقىسىغا بۇرۇلدۇرۇپ، كاسىلىرىنى سىلاپ، بەل قىسمىغا قاراپ يۇرۇپ بەشىنى بىر ياققا ئايرىپ چىقتى.

بۇ هال بەئەينى مال بازىرىدىكى بېدىكلەرنىڭ ماللارنى تاللىغان كۆرۈنىشىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئوخشىمايدىغىنى، بېدىكلەر هايۋانلارنىڭ ئاغزىلىرىنى يىرىپ، چىشلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق تاللايتتى.

ئايال خوجايىن شاللىنىپ قالغان قىزلىرىنى ئاچقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابلىز ئورنىدىن تۇرۇپ رازىمەنلىك بىلەن تۇرۇپ بېرىدىغان بۇ «ياۋاش» قىزلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسېلىپ چىقتى ـ دە، ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ماڭا، ئاخىرىدا باشقىلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. قىزلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۇلارنىڭ گىرىم قىلغان يۈزلىرىدىن سەت ـ چىرايلىقلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولمىسىمۇ، لېكىن زىلۋا بەدەن قۇرۇلۇشىدىن ئۇلارنىڭ يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. قىزلار تارتىنماستىن تەقسىمات بويىچە يېنىمىزدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ سۈركىلىپلا ئولتۇرۇشتى. ئۇلاردا تارتىنىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئەكسىچە، نازۇكەرەشمە بىلەن «نېمە ئىچىمىز»، «نېمە يەيمىز»، «قانداق خىلدىكى تاماكا چېكىسىز؟» دەپ قىزىقتۇراتتى. بىر ئەر مۇلازىم پەتنۇستا خاسىڭ ـ پۇرچاق، سېغىز كەمپۈتلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ هەربىرىمىزنىڭ ئالدىكى شىرەگە تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئەپەندىم، يەنە نېمە كېرەك؟» دېگىنىچە ئابلىزنىڭ ئالدىدا تۇردى. ئابلىز ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى بۇيرۇتقاندىن كېيىن بىزگە قاراپ:

— بۇگۈنكى كۆڭۈل ئېچىشىمىزنىڭ يەپ ـ ئىچىش مۇلازى-

مىتى مەندىن، قىزلارنىڭ مۇلازىمەت ھەققىنى ئۆزۈڭلار بېرىسى-
لەر. چىقىشىپ قىلىشقان باشقا مۇلازىمەتلىرىڭلار ئۆزۈڭلارگە
باغلىق، — دېدى يېنىدىكى قىرقىم چاچ قىزنىڭ بويىنىغا قولىنى
ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ.

ئەر مۇلازىم كۆتۈرۈپ كىرگەن قىزىل ھاراق ۋە ھەر خىل
تاماكىلار بىلەن شىرەلەر تولۇقلاندى. قىزلار بىردەمدىلا ھاراق
ۋە پىۋىلارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ئىستاكانلارغا قۇيۇشقا باشلىدى.
ماڭا تەقسىم بولغان قىز قولىغا پىۋا ۋە قىزىل ھاراق قۇيۇلغان
ئىككى ئىستاكاننى تەڭ تۇتۇپ «قايسىسىنى ئىچىسىز؟» دەپ
سورىدى. مەنچە بولغاندا قايسىسىنى ئىچسەم ئوخشاش ئىدى.
نەچچە كۈندىن بىرى ئىچىلىۋاتقان ھاراقلار تەسىرىدىن تەنلىرىم
ھاراققا زابوي بولۇپ كەتكەن، بېشىممۇ گاراڭ ئىدى. باشقىلار
خېلى ئۆزۈندا ھاراققا خۇمار بولىدىغان بولسا، مەن بىرنەچچە
كۈندىلا زابويغا ئايلىنىپ بولغانىدىم. مېنى ئەمدى ھاراققا
زورلاش كەتمەيتتى. كۆڭلۈم ئىختىيارسىز شۇ سۆيۈملۈكنى خا-
لاپلا تۇراتتى. شۇڭا ئىككى رومكىدىن كۆپ تاللىمايلا پىۋا قويۇل-
غىنىنى تاللىدىم - دە، «خوشە!» دېگىنىمچە بىراقلا ئىچىۋەت-
تىم. باشقىلارغا سەپسالدىم. ھەمراھلىرىممۇ (ئەمدى ئۇلارنى
شۇنداق ئاتاشقا ئۆگىنىپ قالغانىدىم) قىزلارنى سىلاپ، ئەركىلە-
تىپ ئىچىشىپ، ئويناشماقتا ئىدى. بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ
كەتكەن قىزلارمۇ ئەرلەرنىڭ رايىغا بېقىپ نېمە قىلاي دېسە
«ياق» دېمەستىن ماسلىشىپ بېرىۋاتاتتى. مېنىڭ قوللىرىممۇ
ئىختىيارسىز بىردەم يېنىمدىكى قىزنىڭ بەللىرىگە، بىردەم بو-
يۇنلىرىغا، بىردەم يېرىم - يارتا يالىڭاچ تۇرغان كىندىك -
مەيدىلىرىگە كېتىپ قالاتتى. قىزنىڭ نازۇكەرەشمە، ئەركىلەش-
لىرىگە ۋە ئىگراشلىرىغا ماسلىشىپ تومۇرلىرىمدىكى قانلار كۆۋە-
جەپ كېتىۋاتاتتى...

— خانىنىڭ ئوك تەرىپىدىكى كارىدوردا بەدەن ئۇۋۇلاش
ئۆيلىرى بار، — دېدى ئابلىز قۇچىقىغا چىقىپ قالغان قىزنى

ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، — خالىغانلار چىقىپ بەدەنلىرىڭلارنى را-
ھەتلەندۈرۈپ كىرسەڭلار بولىدۇ. باھاسىنى ئۆزۈڭلار
چىقىشىڭلار!

شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇرغۇن پاينەك تىزىغا ئولتۇر-
غۇزۇۋالغان قىزنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى - دە، ئۇنى
يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇزۇنتۇرا تۇرسۇنمۇ ئۆزى-
گە ماس كەلگەن شادا پاچاق، ئېگىز، ئورۇق كەلگەن ھەمراھى
بىلەن چاپلاشما تانسا ئويناۋېتىپ غايىب بولدى. قىزىل ھاراق
بىلەن پىۋىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىۋېرىپ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغا-
نىدىم. ئەمدى مەندىكى تارتىنىش، ھايا دېگەنلەر نەلەرگىدۇر
يوقالغانىدى. كەيپلىكىمدە تۇرۇپ - تۇرۇپ ھەمراھىمنى قۇچى-
قىمغا ئېلىۋالاتتىم. باشقىلارنىڭ بىر گەۋدە بولۇشۇپ تانسا ئوينا-
ۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالسا ھەمراھىمنىڭ قوللىرىنى بوي-
نۇمغا ئارتىلدۇرۇپ قويۇپ ئوچۇق كىنديكلىرىنى قورسىقىمغا،
ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى مەيدەمگىلا چاپلاپ پۇتۇم
كەلسۇن - كەلمىسۇن، چاپلاشما تانسىغا چۈشۈپ كېتەتتىم.
ئىچىۋېرىپ - چېكىۋېرىپ، ئويناۋېرىپ بارا - بارا خۇدۇمنى
يوقىتىشقا باشلىدىم. قىزنى قۇچاقلاپ كارىدوردىكى تارغىنە ئۆ-
ۋۇلاشخانىدا بەدەنلىرىمنى مۇجۇپ ئۇۋۇلاتقۇزۇپ راھەتلەنگىنىم،
يەنە قانداقتۇر بىر خىل لەززەتلىك سېزىمدە بولغانلىقىم،
ئىككى - ئۈچ قېتىم يانچۇقۇمدىن پۇل سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا بەرگەن-
لىكىم ... «مېنى قويۇۋېتىش، مېنىڭ پۇلۇم جىق، كەتمەيمەن،
ئىچىمەن، قانغۇچە ئوينايمەن، قىرقىم چاچىنىمۇ بىرگە ئەكېتى-
مەن ...» دەپ ۋارقىرىغانلىقىم خىرە - شىرە ئېسىمدە. شۇنىڭ-
دىن كېيىن نېمە ئىشلار بولدى، نەلەردە يۇردۇق، قانداق قايتىپ
كەلدۇق، بىلمەيمەن. بىر چاغلاردا ئېغىرلاشقان كۆزۈمنى ئاران
ئېچىپ ئۆزۈمنى ئابلىزنىڭ ئۆيىدە سۇپىدىكى گىلەم ئۈستىدە
كۆردۇم.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنى ئەسلىدىكى ئۆزۈم ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئىلگىرىكىدەك تارتىنچاقلىقىم پۈتۈنلەي يوقالغان. ئىچىمەن، چېكىمەن، ئاتىمەن، ئوينايمەن دەپلا تۇراتتىم. ئەمدى مېنى بۇ ئىشلارغا ئابلىز ياكى باشقىلارنىڭ روزلىشىپ كەتمەيتتى. ئابلىزنىڭ داۋاملىق تاقاق تۇرىدىغان تۆمۈر دەۋازىسىمۇ ئەمدى ماڭا ئوچۇق ئىدى. نازارەتمۇ بوشىتىلغان، ئۆز خاھىشىم بويىچە كىرىپ ــ چىقىپ يۈرۈۋېرەتتىم. نېمىشقىدۇر كېتىپ قېلىشنى، ھېچبولمىسا شەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېلىشنى ئۆزۈمچە خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

ھاراققا، قىمارغا، پاھىشىخانىلارغا خۇمار بولۇپ قالغانىدىم. بىرەر كۈن ھاراق ئىچمىسەم قوللىرىم تىترەپ لەقۋالىشىپ كېتەتتىم. ئىچكەن ياكى چەككەندىن كېيىن روھلىنىپ شوخلىشىپ كېتەتتىم. نۇرغۇن قىمار سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ بەزىدە چوڭ، بەزىدە كىچىك تىكىپ ئۇتۇۋالسام خۇش بولۇپ كېتەتتىم. باشتا قانچىلىك ئۇتتۇرغىنىم بىلەن ھېسابلاشماي، بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇتۇۋالسام خۇش بولۇپ كېتەتتىم. ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرەر كەچلىكنى ھېلىقى ئاخشامدىكى ئايرىمخانىلاردا، نارغىنا كارىۋات قويۇلغان ئۇۋۇلاش ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈپ كېلەتتىم. ئايال خوجايىنغا تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، بىرەر يۈز كويىنى ئارتۇقراق بەرسەم يېڭى كەلگەن «مال»لىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىپ تۇراتتى. قانچە كۈن، قانچە ھەپتە، قانچە ئاي خۇمار ھالەتتە ئۆتكىنىم ئېسىمدە يوق، پۇللىرىم بارغانسېرى ئازلاپ ئاخىرى بېلىمدىكى پايپاق بوشىغاندىلا ماڭا يېپىشقان ئابلىزلارمۇ، كونا ـ يېڭى تونۇش قىمارۋازلارمۇ، ئايال خوجايىنمۇ مەندىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. ئابلىزمۇ ئەمدى ئۆيگە ئىلگىرىكىدەك يېمەك ـ ئىچمەكنى تەل قىلىپ قويمايدىغان بولۇۋالدى. بىر باھانىلەر بىلەن مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم كېلىپ قوياتتى. ئىلگىرى تاڭ



www.uyghurkitap.com

يورۇماستىنلا بۇ ئۆيگە ئۈنۈپ بولىدىغان تۇرسۇن ئۆزۈنتۇرا بىلەن تۇرغۇن پاينەك، ھەيدىسىمۇ كەتكىلى ئۇنىمايدىغان سەمەت پاكارلار ئەمدى قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيتتى. يېنىمدا پۇل تۈگىگەن، بەدىنىم زەئىپلەشكەن، كۆز نۇرۇم ئۆچكەن، تەپەككۇرۇم، ھېسسىياتىم ئۆلگەن ھالدا بىرقانچە كۈندىن بېرى شۇ داق سۇپا ئۈستىدە ئاچ قورساق يېتىپ كەتتىم. ئەمدى مېنى ھېچكىم ئىزدەپمۇ كەلمىدى، ھەتتا ئابلىزمۇ ئۆيدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ كېلىپ قويمىدى، ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە بولمىغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭ كەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. ئۇستاتلىق بىلەن مەندىن شىلىۋالغان پۇللارغا بۇنداق ئۆيدىن نەچچىنى سېتىۋالالايتتى.

بۈگۈن ماغدۇرسىزلىقىمدىن تەرەتكە چىقىشقىمۇ خۇشياقماي ئاچچىق خىيال بىلەن يېتىپ كەتتىم. شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەيتتىم. بىر ۋاقىتلاردا تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكى يەڭگىل چېكىلدى. «بەلكىم ئابلىزدۇ؟ مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى تاشلىۋەتكىلى كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بۇ خىيالىمدىن تۇرۇپلا يېنىۋالدىم. ئابلىز ئادەتتە ئىشىك چېكىپ كىرىدىغان پەزىلەتلىك ئادەملەر قاتارىغا كىرمەيتتى. ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغان ئاۋازىدىن كېيىن يەڭگىل ئاياغ تىۋىشىنىڭ مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدىم. ئىشىك تۈۋىدە، تار ھويلىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتىپ قالىدىغان ئاتمىش ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى چار ساقاللىق كىشى ماڭا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ سەل ـ پەل قىمىرلاپ قويدۇم.

— تۈنۈگۈندىن بېرى ھويلا تەرەپكە چىقمىدىڭ، ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئەنسىرەپ كىردىم، — دېدى ئۇ سۇپىنىڭ ئايىغىم تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

— ئابلىزلار كەلمەيدىغۇ، تاغا، — دېدىم ئارانلا.

— بەكمۇ نادانكەنسەن، ئوغلۇم. تۇنجى قېتىم بۇ مويلىنغا قەدەم باسقان كۇنۇڭلا سېنى بېشىڭدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمەگەن نادان بالا قاتارىدا ھېس قىلىپ، ئابلىزلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ قالغىنىڭدىن ئەنسىرىگەنىدىم. ئاخىرى پەرىزىمدەك بوپتۇ. ئابلىزنى سوراپ قالدىڭ. خاتىرجەم بول، ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا؟ — سوئال نەزىرىدە بوۋايغا قارىدىم.

بوۋاي ئۇلۇغ ـ كىچىك بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئابلىزنى تازا چۈشەنمەپتىكەنسەندە باشتا، بەلكى ئەمدى چۈشەنگەنسەن. ئۇچىغا چىققان ئالىقاپ، لۈكچەك، ئىچى ھىيلە-مىكىر بىلەن تولغان ساختىپەز بىر نېمە ئۇ. سىرتلاردا قىلىپ يۈرگەن ـ ئەتكەنلىرىنى تازا بىلىپ كەتمىسەمۇ، ئەمما بۇ قورۇدا پەيدا بولغان ئىككى يىلدىن بېرى ئىچىش ـ چېكىش، قىمار بىلەن سەندەك نادانلاردىن بىرقانچىنى قاق سەنەم قىلىپ بولدى. ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغىنىمۇ ساپلا ئىچەرمەن ـ چېكەرمەن، قىمارۋاز كوچا لۈكچەكلىرى ئىدى. سېنى باشتىلا قاچۇرۇۋېتەيمۇ، ئاگاھلاندۇرۇپ قويايمۇ، دەپمۇ ئويلىدىم، بىراق ئابلىزنىڭ تەھدىتىدىن ئۇنداق قىلىشقا پۇرسەت بولمىدى. كېيىنچە ئۆزۈڭمۇ ئۇلارنىڭ قېتىغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىپسەن، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەسلىي ئىنسان ھالىتىدە ساق يۈرگىنىڭنى ئۇچرىتالمىدىم، — بوۋاي ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن ماڭا ئىچ ئاغرىتقان ھېسسىياتتا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى ئابلىزنى كېلەرمىكىن، دەپ ئۈمىد كۈتمە. ئۇ بويىنىغا ئارتىلغان بۇ ئۆيىنىڭ ئىككى يىللىق ئىجارە ھەققىنى تۆلىۋېتىپ كېتىپ قالدى.

ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئىككى كۆزۈم ياشقا تولغان ھالەتتە تورۇسقا تىكىلىپ بىرمەھەل خىيالغا پاتتىم ... بىچىرىم بىر ئەركەك ئىدىم. مانا ئەمدىلىكتە روھىم، تېنىم، قىسقىسى

پۈتۈن جىسمىم زەئىپلەشكەن زەيپانىغا ئايلىنىپ قالدىم. بۇنىڭغا
كىم سەۋەبچى؟ ئابلىزمۇ ياكى ئۆزۈممۇ؟ ئابلىز بىلەن ئۇچراشقان
كۈندىن بۇيانقى ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلەپ باقتىم. ئۇ مېنى سو-
رۇنلارغا باشلاپ هاراق ئىچىشكە زورلاپتىۇ، زادى ئىچمىسەك
بولمايدۇ، دەپ تەهدىت بىلەن ئاغزىمنى يېرىپ قۇيماپتۇ. ئەسلىي
تۈنجى رومكىنى ئىچىپ بولدى قىلىۋالسامۇ، يالغاندىن مەست
بولۇۋالسامۇ بولىۋېرەتتى. نازۇكەرەشمە قىزلارنى كۆرۈپ هەۋە-
سىم، شاتىراقلىقىم بىلەن كېيىنكى رومكىلارنى ئۆزلۈكىمدىن
ئىچىۋېرىپتىمەن. تۇرۇپلا هاجىم دادام ئېيتىپ بەرگەن بىر هې-
كايەت ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «شەيتان ئەرشتىن قوغلانغاندىن
كېيىن: ‹مېنىڭ ئەرشتىن قوغلىنىشىمغا ئادەم سەۋەبچى. شۇڭا
زېمىندا مەخسۇس ئادەملەرنى ئازدۇرىمەن› دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.
بىر كۈنى شەيتان بېجىرىم بىر ئەرنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ بىر
بوتۇلكا هاراق ۋە بىر ئايال كىشىنى كۆرسىتىپ: ‹ياكى هاراقنى
ئىچىسەن ياكى ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلىسەن، ياكى ئۇنى ئۆلتۈ-
رۈۋېتىسەن› دەپ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا زورلاپتۇ. هېلى-
قى ئادەم: ‹ئادەم ئۆلتۈرسەم ئۆزۈممۇ دارغا ئېسىلىمەن، ئۇ
ئايال بىلەن زىنا قىلسامۇ بەربىر چالما - كېسەك قىلىنىپ
ئۆلتۈرۈلىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە هاراقنى ئىچسەملا بولمىدىمۇ›
دەپ ئويلاپ بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىۋېتىپتۇ. بوتۇلكىدا جىم
تۇرغان هاراق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ئىچىنى قى-
زىتىپ، قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ مـەست قىلىپ قـويۇپتۇ. ئۇ
كىشى مەستلىكىدە ئەسەبىيلىشىپ هايانىمۇ ئۇنتۇپ هېلىقى ئايال-
غا زورلۇق قىلىپ زىنا قىپتۇ. ئارقىدىن باشقىلار بىلىپ قېلى-
شىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.» دېمەك، هاراق هەممە
ئەسكىلىكلەرنىڭ، هاياسىزلىقنىڭ، ئىمانسىزلىقنىڭ باشلامچى-
سىدۇر. بۇ هېكايەت بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىيىتى نېمىدېگەن
ئوخشاش - هە! هەممە ئەسكىلىكلەرنىڭ باشلامچىسى بولغان

هاراقنى ئىچكەندىن كېيىن هايانى ئۇنتۇپ رىناغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قىمارغا ئۆگىنىپ قالدىم. گەرچە هېلىقى كىشىلەرگە ئادەم ئۆلتۈرمىسەممۇ، ئەمما ئىماننى، هايانى، ئىنسانىي پەرلەتتىنى ئادىمىيلىكنى يوقىتىپ هايۋاندىن پەرقسىز، قەدىرسىز بىر مۇز-دىغا ئايلىنىپ قالدىم. ئۆزۈم خالاپ يېنىمدىكى بايلىقىمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئابلىزغا ۋە باشقىلارغا بىر ـ بىرلەپ سۇغۇرۇپ بەردىم. بوۋاينىڭ سۆزى ماڭا قايتا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. سىرتلارغا چىقماي هويلا ـ ئارامغا قارايدىغان ئاددىي بىر بوۋاينىڭ نەزىرىدە ئەسلىي ئىنسانلىق سۈپىتىمنى يوقاتقان يەردە، رەستىلەردە، ئادەملەر بار يەردە نېمىلەرنى قىلىپ، قانداق سۈپەتلەرگە بولغىنىمنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئەمدى بۇ يەردە يېتىۋەرسەم بولمايتتى. بۇ ئۆيدە مېنىڭ قىلچىمۇ هەققىم يوق ئىدى. «يۇرتۇمغا كېتەي» دەپمۇ باقتىم. يانچۇق قۇرۇق، نېمىگە كېتىمەن؟ بىر ئامالنى قىلىپمۇ كېتىۋالارمەن. ئەمما يۇرتۇمغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن. بەلكىم ئابلىز يۇرت تەرەپتىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغانلار ئارقىلىق يۇرتتىمۇ نامىمنى سېتىپ بولدى. يۇرتۇمغا مۇشۇ زەيپانە هالەتتە قەدەم بېسىش مۇمكىنمۇ؟

ئورنۇمدىن تۇرۇپ سەنتۈرۈلۈپ دېگۈدەك هويلىغا چىقتىم. بوۋاي كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنمىگىنىمۇ ياخشى ئىدى. «تۇيۇقسىز بۇ دۇنيادىن غايىب بولغىنىمنى ئىنسۇجىن بىلمەي قالسۇنچۇ!» دەپ ئويلاپ قالدىم. دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ قاياققا مېڭىشنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدىم. ئويلاپ باقسام، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۈندۈزى ئەمەس، كېچىلىرىمۇ بۇ كوچىلاردا بىر ئەر قىيتىم بولسىمۇ ئوڭ هالەتتە مېڭىپ باقماپتىمەن. كۆزلىرىمنى چېقىۋاتقان قۇياش نۇرىغا ئالىقىنىمنى سايىۋەن قىلىپ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە نەزەر سالدىم. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تار كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن شەهەرنىڭ بىرنەچچە ئېگىز بىنالىد-

رى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوچىنىڭ سول تەرىپى ئانچە ئۇزۇن-
غا بارمايلا ئاخىرلىشىپ بارا - بارا ئېگىزلەپ بارغان تاغقا تۇتى-
شاتتى. قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.
ئۇزۇن ماڭمايلا كوچىنىڭ ئاخىرى تۈگەپ سايلىقتىكى چېغىر
يولغا چىقىپ قالدىم. سايدا ھاسىل بولغان ئەگرى - بۈگرى
چېغىر يول ئانچە يىراق بىلىنمەيدىغان ئېگىز - پەس تاغ چوققى-
لىرى ئارىسىغا تۇتىشىدىغاندەك قىلاتتى. ماغدۇرىدىن كەتكەن
پۇتلىرىمنىڭ ھەربىر قەدىمىنى يۆتكەش شۇنچە تەسكە توختىسىمۇ
ئادەمزاتسىز دەپ پەرەز قىلغان تاغ ئارىسىنى كۆزلەپ مېڭىۋەر-
دىم. تاغ ئارىسىغا كىرگىنىمدىن كېيىن يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇۋات-
قان سەلكىن تاغ شامىلىدىن سەل - پەل راھەتلىنىپ قالدىم.
سەل ماڭغىنىمدىن كېيىن تاغ باغرىنى يېرىپ چىققان ئاسفالت
يولغا چىقىپ قالدىم. كۆپ ئويلانماستىن يولنىڭ تاغ ئىچىگە
سوزۇلغان تەرىپىگە قاراپ مېڭىۋەردىم. بارغانسېرى ئېگىزلەپ
بارغان تاغ يولى قارىغاي، ئارچىلار بىلەن قاپلانغان بىر كەڭلىككە
كەلگەندە پەسلەشكە باشلىدى. ئەمدى مېڭىۋەرسەم بولمايتتى.
ھاياتىمنى مۇشۇ تاغ ئارىسىدا ئاياغلاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىپ،
سەكرەشكە ئەپلىكرەك بىرەر ھاڭ ئىزدەپ، يان تەرەپتىكى قارى-
غايزارلىق ئارىسىغا قاراپ ماڭدىم. تۇرۇپلا يېقىن ئەتراپتىكى
قارىغايلىق ئارىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
زەن سېلىپ قارىدىم. ياپيېشىل چۆپلۈكلەر بىلەن قاپلانغان قارى-
غايلىقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ساياھەتچىلەر كىيىمىنى كىيە-
ۋېلىشقان كىشىلەر يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقان ئاپئاق قارلىق چوق-
قىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلاردىن
يىراقلىشىپ بىر قىياغا چىقىپ قالدىم. قىيانىڭ پەس تەرىپى
كۆز يەتكۈسىز ھاڭ بولۇپ، قارىسىلا قورقۇنچتىن ئادەمنىڭ
بېشى قاياتتى. ھاڭ تەرەپتىن سۇنىڭ شارقىرىشىغىمۇ، ماشىنا
ماتورىنىڭ ئاۋازىغىمۇ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ گۈركىرى-

شىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئاۋازلىق بۈركۈتلىرى، لاچىنلىرى قاتارلىق ھەر خىل ئوۋ قۇشلىرىنىڭ تۈرلۈك قۇرغۇچلۇق قىرقىراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ھايا-تىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالاپ قالغان جاي دەل مۇشۇ ئىدى. قىيا ئۈستىدە بىرنەچچە مىنۇت دېلىغۇللۇقتا تۇرۇپ قالغىنىمدىن كېيىن بىر قارارغا كېلىپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ جىسمىمنى ھاڭ تەرەپكە قارىتىپ قويۇۋەتتىم ··· دەل شۇ پەيتتە غايىبتىن پەيدا بولغاندەك بىر قول گەجگەمنى چاپىنىمنىڭ ياقىسى بىلەن قوشۇپ كەينىمگە تارتىپ تاش ئۈستىدىلا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. چۆچۈگىنىمدىن بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىدىم ـ دە، كۆز ئالدىمدا ھاسىرىغىنىچە تۇرغان ئايچىۋەرنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا چەكچىيىپلا قالدىم. كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى راستىنلا قەلبىمدە خېلى بۇرۇنلا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ئەمما غىل ـ پال سىيماسى قېلىپ قالغان يولباشلىغۇچى ئايچىۋەرنىڭ ئۆزى ئىدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ سىزنى بۇ خىل ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. ھايات سىز ئۈچۈن شۇنچە ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ قالدىما؟ — ھاسىراپ تۇرۇپ زىل ئاۋازى بىلەن ئاچچىقلىنىپ كەتتى ئۇ.

مەينەت باسقان ھالىتىم بىلەن زەئىپ ھالدا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغىنىمغا نومۇس قىلىپ كېرىپ كېتىشكە يەر قاتتىقلىق قىلمۇۋاتاتتى.

مېنىڭ روھىي ھالىتىمنى سېزىپ يەتكەن ئايچىۋەر ئارتۇقچە تاپا ـ تەنە قىلىشىنىڭ ھازىرچە ماڭا ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىمۇ قانداق، قولۇمدىن تارتىپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ قىيادىن يىراقلاشتۇردى ـ دە، تەكشىرەك كەلگەن چۆپلۈك ئۈستىگە كېلىپ قولۇمنى قويۇۋەتتى. خىجىللىقتىن ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— مەن بىلەن يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سەل

هاردۇقنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن.

تارتىشسام سەت بولىدىغانلىقىنى بىلىپ گەپ ـ سۆز قىل-
ماستىن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ماڭدىم. بارغانسېرى پەسلەپ،
قارىغاي، ئارچىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ يول بويىغا چىقتۇق. يول
بويىدىكى تەكشىلەنگەن بوشلۇقتا بىر مىنىبۇس توختاقلىق تۇرات-
تى. بىرقانچە ساياھەتچى ئەتراپتىكى تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا
قىلىشىۋاتاتتى. مېنى باشلاپ كەلگەن ئايچىۋەرنى كۆرۈپ سايا-
ھەتچىلەر قېشىمىزغا كېلىشىپ خۇددى ياۋايى ئادەمنى كۆرگەن-
دەك ماڭا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كېتىشتى، دېمىسىمۇ
مەينەت باسقان كىيىملىرىم چاتقاللارغا ئىلىنىپ يىرتىلىپ،
كىرلەشكەن چىرايىم بىلەن ماسلىشىپ مېنى ياۋايى ئادەمگە ئوخ-
شىتىپ قويغانىدى. ئايچىۋەرنىڭ مەن ئۇقمايدىغان بىر خىل تىلدا
ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشى ئارقىلىق ئۇلار «نو ـ نو» دېيىشىپ
باشلىرىنى لىڭشىتقىنىچە ماڭا يەنە بىر قارىشىۋېتىپ مىنىبۇسقا
چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېنىمۇ ئىتتىرىپ مىنىبۇسقا چى-
قىرىۋەتكەن ئايچىۋەر ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىۋەتكەندىن
كېيىن ئۆزىمۇ چىقىپ كەلدى. ئاڭغىچە ئوتتۇرىدا قاققان قوزۇق-
تەك ئۆرە تۇراتتىم. مىنىبۇس ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ ئەر ـ ئايال
چەت ئەللىك بولۇپ، ئۇلار يېڭى ماشىنىغا چىققانلار بىلەن مېنى
ئىما قىلىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ چىراي-
لىرىدىن مەسخىرىلىك ياكى يىرگىنچ ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى
بولمايتتى. ئايچىۋەر مېنى ئەڭ ئاخىرىدىكى بوش ئورۇنغا ئولتۇ-
رۇشقا بۇيرۇدى ـ دە، ئادەملەرنى بىرقۇر سانىۋېتىپ شوپۇرغا
مىنىبۇسنى قوزغىتىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى ئىشىكنىڭ يېنى-
دىكى تاق كىشىلىك ئورۇندۇققا چۆكتى. تۇيۇقسىز بولۇۋاتقان
بۇ ئىشلاردىن ھەيران قېلىشىۋاتاتتىم. بولۇپمۇ ھاڭغا ئۆزۈمنى
تاشلاشقا باشلاۋاتقاندا ئايچىۋەرنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا
بولۇپ مېنى تۇتۇۋېلىشى خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك سىرلىق بى-

لىنىۋاتاتتى. مىنىبۇس تاغ يولىدىن چىققاندا جاھاننى كۆكۈم پەردىسى قاپلاشقا باشلىغانىدى. يىراقتىن شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بارغانسېرى پەسلەپ بارىدىغان ئاسفالت يولدا قويۇندەك كېتىۋاتقان مىنىبۇس بىردەمدىلا رەڭگا-رەڭ چىراغلار بىلەن ئورالغان شەھەر كوچىسىغا كىرىپ بىرنەچچە كوچىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ توختىدى. ئايچۈۋەر ساياھەتچىلەرگە راۋان ئىنگلىز تىلىدا بىرنېمىلەرنى تاپىلىغاندىن كېيىن شوپۇرغا قاراپ ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئەس-كەرتىپ مىنىبۇستىن چۈشۈپ كەتتى. ماشىنىدىكىلەرنىڭ ھەم-مىسى ساياھەت سومكىلىرىنى ئېلىشىپ چۈشۈپ بولغاندىن كې-يىن شوپۇرنىڭ «سەنمۇ چۈشمەمسەن؟» دېگەندەك قىلىپ بويند-نى قايرىپ قارىشىدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشتۈم. ئايچۈ-ۋەر ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ماڭا قاراپ تۇراتتى. مىنىبۇس قوزغىلىپ كەتكەندىن كېيىن يا ئۇنىڭ قېشىغا، يا باشقا ياققا كېتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا ئۇ مېنى چاقىردى:

— بۇ ياققا كېلىپ مەن بىلەن مېڭىڭ!

بېشىمنى سالپايتقىنىمچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭا تونۇشتەكلا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. زەن سېلىپ قاراپ مەن شەھەرگە كېلىپ چۈشكەن مېھمانساراي ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مېھمانخانا زالىغا كىرگەندىن كېيىن ئايچۈۋەر زالنىڭ يان تەرىپىد-گە تىزىلغان خورۇم ساپادا بىردەم ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپ باش مۇلازىمەت ئورنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مۇلازىد-مەتچىلەرگە بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن پەشتاق ئىچىدىكى مۇلازىمەتچىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ مەن تەرەپكە قارىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشىد-دىن يا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى، يا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەندىن كېيىن مەجنۇنلارچە سىياقتا پەيدا بولۇپ قالغاند-لىقىمغا ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مۇلازىمەت

پەشتىقى ئالدىدا مۇلازىملار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئايچە-
ۋەر بىر ئەر مۇلازىم ئىچكىرى تەرەپتىكى ئۆيدىن ئاچىقىپ بەر-
گەن بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ
قولىدىكى سومكىغا قاراپلا نەچچە ۋاقىتلار ئىلگىرى ئابلىز مېنى
زورلاپ ئەكەتكەندە ياتاقتا قېلىپ قالغان سومكام ئىكەنلىكىنى
تونۇدۇم.

— مەڭ، سومكىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىڭ، — ئايچىۋەر بىر
قولىدا سومكىنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ، يەنە بىر قولىدا بىر كارتىنى
تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ بىرىنچى قەۋەتتى-
كى 107 ـ ياتاقنىڭ كارتىسى. ياتاقتا كىرىپ يۇيۇنۇپ، كىيىم-
لىرىڭىزنى يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە چىقىڭ،
تاماققا چىقىمىز، — ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ كەينىگە
قايرىلىپ ئەسكەرتتى، — ھاياتىڭىز بىلەن ئوينىشىدىغان
قالايمىقان خىياللاردا بولۇپ يۈرمەڭ ـ ھە!

ئۇنىڭ تاقىلداپ ماڭغان ئاياغ تاۋۇشى يوقالغىچە بېشىمنىمۇ
كۆتۈرەلمەستىن ئولتۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىم بىر ئىللىق سېزىم-
نى، مېھرىبانلىقنى ھېس قىلىۋاتاتتى. كۆزلىرىمگە ئىختىيار-
سىز ياشلار كېلەتتى.

ياتاقتا كىردىم. ئىلگىرى قونغىنىمدەك ئالاھىدە ياتاق بول-
مىسىمۇ، ھەر ھالدا رەتلىك، پاكىز ئىدى. بىرىنچى قىلىدىغان
ئىشىم يۇيۇنۇپ پاكلىنىش ئىدى. ئىس قاپلىغان ھاراق ـ قىمار
سورۇنلىرىدا، ھاياسىز ئىشلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىدىغان ئاي-
رىمخانىلاردا يۈرۈپ بۇلغانغان تېنىمنى ئايچىۋەر بىلەن كۆرۈ-
شۈشتىن ئىلگىرى پاكىز سۇدا بولسىمۇ پاكلىۋالمىسام كۆڭلۈم-
نىڭ غەشلىكى تۈگىمەيتتى. تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ مۇنچىنىڭ
جۈمىكىدىن مۇزدەك سۇنى شارقىرىتىپ چۈشۈرۈپ ئىچ ـ ئىچىم-
دىن تىترەپ تىنىم جۇغۇلدىغىچە تۇردۇم، ئاندىن بەدەن كۆيگۈ-
دەك قىزىق سۇدا تازىلىق ئۆيىگە قويۇپ قويۇلغان يۇيۇنۇش پارا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شوكى تۈگىگىچە قايتا ـ قايتا سۈركەپ، ماغزاپ چىلاشقان لۆڭگە بىلەن بەدەنلىرىمنى قىزارغىچە سۈرتتۇم. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنى سەل يەڭگىلەپ راھەتلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

ساقال ـ بۇرۇتلىرىمنى قىرىپ، سومكامدىكى پاكىز كىيىملىرىمنى كىيىپ، چاچلىرىمنى تاراپ زالغا چىققىنىمدا ئايچىۋەر ساپادا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈپلا باش ـ ئايىغىمغا رازىمەنلىك بىلەن بىرقۇر سەپسالدى ـ دە، «يۈرۈڭ» دېگىنىچە مېنى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقىپ ئىككى كىشىلىك تاماق شىرەسىگە باشلاپ باردى. بىزنىڭ ئورۇنلىشىۋالغانلىقىمىزنى كۆرگەن مۇلازىملار ئاۋۋال چاي، ئاندىن ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان چۆچۈرە كەلتۈرۈشتى. پەرىزىمچە تائاملارنى ئايچىۋەر مېنىڭ بەدەن قۇۋۋەت ئىقتىدارىمغا ماسلاشتۇرۇپ بۇيرۇغاندەك قىلاتتى. چۆچۈرىنى ئىچمۇتىپ پۈتۈن بەدىنىمنى «پۇررىدە» تەر باستى. چۆچۈرىنىڭ تۈگىشىگە ئۇلگۇرۇپ بىرنەچچە زىخ كاۋاپ ۋە ئىككى قاچا قەھۋە كەلتۈرۈلدى. ئايچىۋەرنىڭ تاماق، كاۋاپقا زورلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۈن ـ تىنسىز غىزالىنىۋاتاتتۇق. خىجىللىقىمدىن ئېغىزىمغا تەشەككۇر سۆزلىرىمۇ كەلمەيۋاتاتتى.

— ئىشتىھايىڭىز يەنە نېمىنى تارتىدۇ؟ — دېدى ئۇ قەھۋەدىن ئازراق ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— رەھمەت سىزگە، — دېيەلىدىم ئارانلا.

— ھە، راست، نېمە سەۋەبتىن ھاڭغا ئۆزىڭىزنى تاشلىماقچى بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ قوللىرىمنى سۈرتۈپ قەھۋەگە ئېغىز تەگكىنىمدىن كېيىن.

يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى. نېمە دېيىشىمنى، گەپنى نەدىن باشلاپ، قانداق چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئېيتقۇڭىز كەلمىگەن بولسا زورلىماي ئەمىسە. بۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ بىر سىر بولۇپ قالسۇن. بىراق سومكىڭىزنىمۇ

ئالماي، ياتاقنمۇ ئۆتكۈزمەي تۇيۇقسىز غايىب بولغىنىڭىز مېھ-
مانسارايدىكىلەرنى ھازىرغىچە ئەنسىرىتىپ كەلدى، — ئايچمۋەر
بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى
ئەھۋاللارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى.
مەن بىلەن يېرىم كۈن دېگۈدەك بىرگە يۈرۈپ خوشلاشقان
ئايچمۋەر ئەتىسى ئەتىگەن ساياھەتچىلەرنى باشلاپ قاناس كۆلى
ساياھەت رايونى لىنىيىسىگە سەپەرگە چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇ-
رۇۋاپتۇ. ئۇ مېھمانخانا قۇرغان ساياھەت شىركىتىنىڭ ئەزاسى
بولغاچقا، باھار ئايلىرىدىن باشلاپ كەچ كۈزگىچە ئاساسەن سايا-
ھەتچىلەرگە باشلامچى بولۇپ سىرتلاردا بولىدىكەن. شۇڭا
كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاتا - ئانىسى بىلەن دىدارلىشىۋې-
لىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ئارقا تېلېفون ئۇرغان كەچلە-
كى شەھەر سىرتىدىكى ئائىلىسىگە چىقىپ كېتىپتۇ ۋە ئەتىسى
تاڭ سەھەردە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ھەپتىلىك ساياھەتتىن قايتىپ
كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن مېھمانخانا دىرېكتورى ئۇنى چا-
قىرتىپ، مېنىڭ ياتاقنىمۇ ئۆتكۈزمەي، سومكامنىمۇ تاشلاپ قو-
يۇپ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىمنى، بىرەر پېشكەللىك
يۈز بېرىپ مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئارتىلىپ قېلىشىدىن ئەن-
سىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئىز - دېرىكىمنى قىلىپ بېقىشنى
ئۆتۈنۈپتۇ. ئايچمۋەر رەستىلەرنى، ئۆزى مېنى باشلاپ ئايلاندۇر-
غان رايونلارنى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپمۇ مېنى ئۇچرىتالمىغاند-
دىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسىنى باشلاپ،
بىرقانچە مېھمانسارايىنىڭ ياتاقتا تىزىملىتىش جەدۋەللىرىنى تەك-
شۈرۈپ، بىر مېھمانخانىدىن مېنىڭ كىملىك نومۇرۇمنى ۋە
ئىسمىمنى تېپىپتۇ. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھېلىقى كۈنى كەچ-
تىكى رەسۋاچىلىقلارنى ۋە بىرەيلەننىڭ مېنى ئىككى يۈز كوي
جەرىمانە تۆلەپ ئاچىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ.
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يۈزلىرىم قىزىرىپ بېشىم يەرگە

www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. مەن ئىزچىل گۇمان قىلىپ كەلگەن، ئابلىزنىڭ ئالدىن پىلانلاپ مىنى تۈنجى قىلتاقتا چۈشۈرگەنلىك كومېدىيىسىنى ئەمدى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدۇم.

— شۇنىڭدىن كېيىن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئايچۈەر، — سىزنى ئىزدەشنى توختاتتۇق. بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن سىزنى ئىزدەشنىڭ ۋە سىزدىن ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىز كۆرگەن بىر تۈركۈم چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى تاغ مەنزىرىسىگە ئاچىققاندىم. قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا «سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار بولمىسۇن يەنە!» دېگەن ئوي بىلەن ئايلىنىپ كېلىۋېتىپ تۈرقىدىن بىزنىڭ ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان بىرىنىڭ تىك قىيادىن ھازىرلا ئۆزىنى تاشلايدىغاندەك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ۋارقىراپ توسىماقچىمۇ بولدۇم. بىراق چۆچۈپ كېتىپ تىك قىيادىن تېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ شەپە چىقارماي يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە كەينىڭىزدىن تۇتۇۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم. سىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

ئايچۈەر سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىستاكىنىمغا قاراپ قويۇپ بىر چەتتە تۇرغان مۇلازىمغا يەنە ئىككى ئىستاكان قەھۋە بۇيرۇتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەن بىلەن بىردەملىك ئولتۇرۇشقا ۋاقتى، كەچمىشلىرىمنى ئاڭلاپ بېقىشقا رايى بارلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، كەچمىشلىرىمنى خىجىللىق ئىچىدە باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەردىم. ئۇ نەپرەتكە لايىق ھالەتكە يۈزلىنىش تارىخىمنى ئاڭلاۋېتىپ بەزىدە ئېغىر تىنىپ قوياتتى، بەزىدە يۈزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى. بەزى نومۇسسىز كۆرۈنۈشلەرنى سۆزلەۋاتقىنىمدا چىرايىدا نەپرەتلىنىش ئىپادىلەرى كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى. ھەممىنى بىراقلا ئېيتىپ بولۇپ نېمىشقىدۇر بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدىم. ئۇ مېنىڭ پۇشاي-

ـمان ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئىلگىرىكى كۆڭۈل-ـسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، روھىمنى پاكلاپ، ئۇمىدۋارلىق ئىچىدە ياشىشىم ھەققىدە سەمىمىي نەسىھەتلەرنى قىلىپ روھىمنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويدى.
— ھازىر قانداق ئويغا كەلگەندەك تۇرىسىز؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ خېلىلا روھلىنىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ.
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىراق ماڭا بەخت ئەمەس، ئازاب ئاتا قىلغان بۇ شەھەردىن كېتىشىم، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئەسلىدىكى ئۆزۈمگە خاس پاك روھىمنى تېپىۋېلىشىم كېرەك، — دېدىم مەن ئارانلا.
— ياخشى نىيەتكە كەپسىز، — دېدى ئۇ ۋە بىرپەس تۇرۇ-ۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر خالىسىڭىز مۇنداق قىلايلى: ئەتە مەن ساياھەتچىلەرنى باشلاپ سەپەرگە چىقىد-مەن. مەن بىلەن بىرگە يولغا چىقىپ بېقىڭ، بەلكى ساياھەت جەريانىدا يۈرىكىڭىزغا قايتىۋېلىشنىڭ بىر ئامالى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
«قانداق دېدىم؟» دېگەن نەزەردە ماڭا قارىدى ئۇ بۇلاق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.
— ئۇنداقتا رەھمەت سىزگە، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش بىلەن بىرگە يېڭىچە ئادەم بولۇش يولۇمنىمۇ يورۇتۇپ بەردىڭىز. بەكمۇ كۆيۈمچان ھەم مېھرىبان ئىكەنسىز.
ئۇ «پىسىڭىزدە» كۈلۈۋەتتى ـ دە، ئەتە ئەتىگەن مېھمانسا-راي ئالدىدا كۆرۈشۈشنى ۋەدە قىلىپ مەن بىلەن خوشلاشتى.
قەلبىمنى چىرمىۋالغان بارلىق غەشلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ كەت-كەچكىمۇ، بۈگۈن كېچە بەكمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلىدىم. سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ ئاللاغا تۇۋا ـ ئىستىغ-پار ۋە شۈكۈر ـ سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانخانا ئالدىغا چىقتىم. ساياھەتچىلەرمۇ ھايال بولماي مېھمانسارايدىن چىقتى.

يارىشىملىق ساياھەت كىيىمى كىيىۋالغان ئايچىنۇەر ئاخىرىدا چە-
قىپ كەلدى ـ دە، ماڭا ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن سالام بېرىۋې-
تىپ، مېنى ئەگەشتۈرۈپ مىنىبۇسقا چىقىپ شوپۇرنىڭ يان
تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا ئورۇنلاشتۇردى. ھايال ئۆتمەي مىنىبۇس
قوزغالدى. بىر مەھەل ئورۇنسىز تارتقان ئازابلىرىم، بەختسىز-
لىكلىرىمگە شاھىت بولغان تۇمانلىق شەھەرنىڭ يىراقلىشىشىغا
ئەگىشىپ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ،
يېڭىچە ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسى قەلب ئېكىنزارىمدا
بىخلىنىشقا باشلىدى. شەرق ئۇپۇقىنى يېرىپ چىققان چوغدەك
قىپقىزىل قۇياش بارا ـ بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىللىق نۇرىنى
گۈزەل كائىناتقا تەكشى چاچماقتا ئىدى، مىنىبۇس ئىككى تەرىپى
چىمەنزارلىققا پۈركەنگەن ئاسفالت يولدا بىر خىل سۈرئەتتە خېلى
ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى.
ئايچىنۇەرنىڭ: «بۇ يەردە بىرقانچە مىنۇت ئارام ئالىمىز» دېگەن
سۆزىنى ئاڭلىغان ساياھەتچىلەر فوتوئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ
مىنىبۇستىن چۈشۈشكە باشلىدى، باشقىلارنىڭ كەينىدىن مەنمۇ
چۈشتۈم، يۈزۈمگە ئۇرۇلغان ساپ ھاۋالىق سەلكىن شامالدىن
تەنلىرىم يايراپ كەتتى. ئاچا يول ئېغىزىغا زەن سېلىپ قاراپلا
بۇ ئەينى ۋاقىتتا مەن توختاپ ئۆتكەن، ھېسسىياتىم «بارسا
كېلەر، بارسا كەلمەس» يول دەپ ھۆكۈم قىلغان ئاچا يول
ئېغىزىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بايا كەلگەن ئاسفالت يول بىلەن
ئۆز ۋاقتىدا قىياس قىلغان «گۈللىرى ئېچىلىپ، مېۋىلىك دە-
رەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان، ئىككى تەرىپىدە قەھۋەخانىلىرى،
ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىن ئىبارەت دىل ھۇ-
زۇرلىنىدىغان، كۆز خۇرسەن بولىدىغان، قۇلاققا خۇشياقىدىغان-
لىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەل — بەخت يولى» ئىدى، ئەمما
نادانلىق ـ ئەقىلسىزلىق بىلەن بىر مەزگىل مېڭىپ كۆرگەن بۇ
يول ھازىر ماڭا ھالاكەت يولىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يولدىن باشقا

كۆز ئالدىمدا تۇرغان ئاچا يولنىڭ بىرى مەن سەپەرگە ئاتلانغان
ئانا يۇرتقا ئاپىرىپ تاشلايتتى؛ يەنە بىرى بارغانسېرى ئېگىز ـ
پەس تاغ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان مېنىڭ قىياسىمدىكى «بارسا
كەلمەس يول» ئىدى. ھېسسىياتىم يەنە بىر قېتىم يول تاللاشقا
دۇچ كەلدى. مۇشۇ روھىي ھالىتىم، سائىلدەك تۇرقۇم، مۇھە-
مى، بۇلغانغان جىسمىمنى كۆتۈرۈپ ئانا تۇپراققا قەدەم بېسىشنى
كۆڭلۈم خالىمىدى. تۇرۇپلا ئەينى ۋاقىتتا كۆڭلۈم مېڭىشنى
خالىمىغان، ھېسسىياتىمدىكى «يوللىرىنىڭ باشلىنىشى ئېگىز ـ
پەس، كۆرۈمسىز، مېڭىش قىيىن» بولغان يولغا مېڭىپ بېقىش-
نى، يەنە بىر قېتىم تەقدىر ـ قىسمەتلىرىمنى سىناپ بېقىشنى
خالاپ قالدىم. بەلكىم مەن ئىزدەۋاتقان، تەلپۈنۈۋاتقان ھەقىقىي
بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان بەخت يولىنىڭ مۇشۇ بولۇپ قېلىشى
ئېھتىماللىقتا يېقىن ئىدى. ئايچىۋەرلەرنىڭ سەپىرىنىڭ قايسى
يولدا ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما مەن قەتئىي ئىرا-
دىگە كېلىپ قالغانىدىم.
— خىيالچان يىگىت، تۇرۇپ كېتىپسىزغۇ ئاچا يول ئېغى-
زىدا خىيالغا پېتىپ؟
ئايچىۋەرنىڭ شوخ ئاۋازىدىن چۆچۈگىنىمچە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ-
غا قارىدىم. يارىشىملىق ساياھەت شەپكىسىدىن چىقىپ تۇرغان
قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى سەلكىن تاغ شامىلىدا تالمۇتال چېچى-
لىپ تۇرغان، بۇلاقتەك قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل تەبەسسۇم
جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئايچىۋەر ئارقا تەرىپىمدە ماڭا قاراپ كۈلۈم-
سىرەپ تۇراتتى. ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم،
بۇ ۋاقىتتا ئۆزۈممۇ خېلىلا تەمكىن بولۇپ قالغانىدىم.
— ھا ... ھا ... ھا ...— زىل ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى ئۇ.
ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي سوئال
نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.
— سەپىرىمىزنىڭ بىر يولدا بولۇپ قالغىنىغا كۈلۈ-

www.uyghurkitap.com

ۋاتمەن، — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ، — بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىر - قىسمەتلىرىڭىزگە يەنە شاھىت بولىدىكەنمىز - دە؟

— سىلەرنىڭ ساياھەت يۆنىلىشىڭلارمۇ شۇ تەرەپتىما؟ سورىدىم تاغ يولىنى ئىما قىلىپ.

— شۇنداق، بۇ تاغ يولىدا مەنمۇ مېڭىپ باقمىغان، ئەمما ئىشەنچەم كامىلكى، بۇ يول سىز ئويلىغاندەك ھەقىقىي گۈزەل، ساپ مۇھىتقا، كۆركەم مەنزىلگە تۇتۇشىدۇغۇ دەيمەن.

— بىراق سىزگە ئېغىرلىقىم چۈشۈپ قالارمىكىن، — دېدىم خىجىللىق بىلەن.

— ئېغىرلىقىڭىزنى مەن ئەمەس، ماشىنا كۆتۈرىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ياخشى نىيەتكە كەپسىز، ئوغۇل بالا دېگەن ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ كۆزلىگەن نىشانىدىن قايتماسلىقى كېرەك. يۈرۈڭ، ماڭدۇق ئەمىسە، بىزگە نامەلۇم قىسمەتلەرنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرمەمدۇق؟!

مىنىبۇس ئاچا يولدىن قايرىلىپ بارغانسېرى ئېگىزلەپ باردىغان يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، پەرىزىمدىكىدەك بۇ يول باشلىنىشىدىلا تۈز، راۋان ئەمەس ئىدى. مىنىبوس ئىككى قاسنىقى تىكەن - چاتقاللار بىلەن ئورالغان يىلان باغرى ساي يولدا چايقىلىپ دېگۈدەك بىرمەھەل ماڭغاندىن كېيىن، قورام تاشلىرى ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدىغان، تېگى كۆرۈنمەس ھاڭ ئۈستىدىكى ئەگرى - بۈگرى تاغ - داۋانلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى ئېگىزلەپ داۋان چوققىسىغا چىققاندىن كېيىن تەكشىلىككە قاراپ يەسلەشكە باشلىدى. شۇئان كۆز ئالدىمدا تاغ باغرىدىن باشلىنىپ بارغانسېرى تەكشىلىككە قاراپ كېڭىيىپ، چەكسىزلىككە تۇتىشىپ كەتكەن يايپېشىل چىمەنزارلىقتا پۈركەنگەن، ئاسمىنى كۆپكۆك، تۇپرىقى مۇنبەت، دەريا - ئېقىنلىرىدا

ئېقىۋاتقان سۇلىرى سۇپسۇزۇك گۈزەل بىر مەنزىرە نامايان بو-
لۇشقا باشلىدى. ھاياجانلانغانلىقىمدىن بۇرۇلۇپلا ئايچىۋەرگە قا-
رىدىم، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولسا كېرەك، ھاياجانغا
تولغان بىر جۈپ بوتا كۆزلىرى كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل بىپايان
زېمىنغا لەززەتلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى ...

2006 - يىل ئاپرېل، قاراماي

[General Information]
书名=阳光下　维吾尔文
SS号=40219781

www.uyghurkitap.com